ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى



# ئەمرگورئوغلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-09845-3
9 787228 098453 >
定价：17.00 元

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

# ئەمرگۆر ئوغلى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间史诗.1/《维吾尔民间文学大典》编委会编.－乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978－7－228－09845－3

Ⅰ.维…Ⅱ.维…Ⅲ.维吾尔族－史诗－作品集－中国－维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I222.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第010501号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间史诗—1**(维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 11.375印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001-6,000

ISBN 978-7-228-09845-3 定价：17.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

## ئەمرگۆر ئوغلى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 11.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001–6,000
ISBN 978-7-228-09845-3
باھاسى: 17.00 يۈەن



# مۇندەرىجە


ئوغۇزنامە..................................... 1

بىكەچ ئارسلان تېكىن........................ 25

ئەمىر گۆر ئوغلى............................. 50

چىن تۆمۈر باتۇر............................. 313

شەكەرىستان .................................. 337




# ئوغوزنامە

## (1)[①]

1[②]. ئاشۇنداق بولسۇن، دېيىشتى. ئۇنىڭ تۇرقى مانا مۇنداق: (بۇقىنىڭ رەسمى سىزىلغان)
2. شۇنىڭدىن كېيىن شادلىققا مۇيەسسەر بولدى.
3. بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورۇدى،
4. ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى.
5. بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز ـ چىرايى كۆك ئىدى،
6. ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى هال، چاچلىرى، قاشلىرى
7. قارا ئىدى. ئۇ هۆر ـ پەرىلەردىنمۇ
8. چىرايلىقراق ئىدى. بۇ ئوغۇل
9. ئانىسىنىڭ ئوغۇزنى بىر قېتىم ئېمىپلا، ئىككىنچىلەپ

## (2)

10. ئانىسىنى ئەممىدى. خام گۆش، ئاش، مەي سورىدى،

---

① تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان (1)، (2)، (3)... رەقەملىرى «ئوغۇزنامە»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىكى بەت سانىنى كۆرسىتىدۇ.

② هەربىر قۇرنىڭ بېشىغا قويۇلغان 1.، 2.، 3. ... رەقەملىرى «ئوغۇزنامە»نىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىكى قۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ.

11. تىلى چىقىشقا باشلىدى. قىرىق كۈندىن كېيىن
12. چوڭ بولدى، ماڭدى، ئوينىدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقا پۇتىدەك،
13. بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى
14. ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقانىدى.
15. ئۇ يىلقىلارغا قارايتتى،
16. ئاتلارنى مىنەتتى، ئوۋ ئوۋلايتتى.
17. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ،

**(3)**

18. ئۇ، يىگىت بولدى. بۇ چاغدا، بۇ
19. يەردە، بىر چوڭ ئورمان بار ئىدى.
20. ئۇنىڭدا كۆپ دەريا ـ ئېقىنلار بار ئىدى.
21. بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىدى، قۇشلار ئۇچۇپ ـ شۇپ يۈرەتتى.
22. بۇ ئورمان ئىچىدە چوڭ بىر قىئات بار ئىدى،
23. ئۇ مال ـ چارۋا ۋە خەلقنىڭ جېنىغا زامىن بولغان
24. ئىنتايىن ۋەھشىي بىر ھايۋان ئىدى، ئۇ ئەل ـ جامائەتكە زور
25. جەبىر ـ جاپا كەلتۈرگەنىدى. ئوغۇز خاقان بىر
26. باتۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بۇ قىئاتنى ئوۋلىماقچى بولدى.
27. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئوۋغا چىقتى،

**(4)**

28. نەيزە ئېلىپ، ئوق، يا ئېلىپ، يەنە قىلىچ ئېلىپ،

قالقان ئېلىپ

29. ئاتلاندى، بىر بۇغا ئوۋلىدى. ئۇ بۇ بۇغىنى

30. تالنىڭ چىۋىقى بىلەن دەرەخقە باغلاپ قويۇپ كەتتى،

31. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كەلگىنىدە

32. كۆردىكى، قىئات بۇغىنى ئېلىپ

33. كېتىپتۇ. ئۇ يەنە بىر ئېيىق ئوۋلاپ،

34. ئۇنى ئالتۇن بەلۋېغى بىلەن دەرەخقە باغلاپ قويۇپ كەتتى.

35. ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا

36. كەلگىنىدە كۆردىكى، قىئات ئېيىقنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

(5)



37. ئۇ (ھېلىقى) دەرەخنىڭ تۈۋىدە تۇر-غىنىدا،

38. قىئات كېلىپ بېشىنى ئوغۇزنىڭ قال-قىنىغا ئۇردى.

39. ئوغۇز نەيزد-سىنى قىئاتنىڭ بېشد-غا ئۇردى، ئۇنى

40. ئۆلتۈردى، قىلىچ بىلەن بېشىنى كەستى، ئۇنى ئېلىپ كەتتى.

41. ئۇ يەنە كەل-

گىنىدە كۆردىكى، بىر شۇڭقار قىئاتنىڭ ئىچ ـ باغرىنى
42. يەپ تۇرغان، ئۇ شۇڭقارنى ئوقيا
43. بىلەن ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ بېشىنى كەستى. ئاندىن
44. كېيىن ئۇ ئېيتتىكى: « قاراڭ، مانا بۇ شۇڭقارنىڭ
تۇرقى (بىر شۇڭقارنىڭ رەسىمى سىزىلغان)،
45. قىئات بۇغا يېدى، ئېيىق يېدى، ئۇ گەرچە تۆمۈردەك
قاتتىق

**(6)**

46. بولسىمۇ نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى،
47. شۇڭقار قىئاتنى يېدى، ئۇ گەرچە شامالدەك تېز
بولسىمۇ،
48. ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈردى.» سۆزلەپ بولۇپ
كېتىپ قالدى. مانا بۇ
49. قىئاتنىڭ تۇرقى (قىئاتنىڭ رەسىمى سىزىلغان).
كۈنلەرنىڭ بىرىدە
50. ئوغۇز خاقان بىر يەردە تەڭرىگە سىغىنىۋاتقىنىدا،
(ئەتراپ)
51. قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر
52. كۆك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق،
53. ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى.
54. ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا،

**(7)**

55. بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز

56. تەنها ئۇلتۇرغان.
57. ئۇ ساھىبجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە چوغدەك
58. پارقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى
59. تۆمۈر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى،
60. ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى،
61. ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇز خاقان
62. ئۇنى كۆرگىنىدە پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ هوشىدىن كەتتى،
63. ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى، ئۇنى ئالدى،

**(8)**

64. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياتتى، تىلىكىگە يەتتى.



65. ئۇ قىز ئىككىقات بولدى، كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ،
66. ئۇنىڭ كۆزى يورۇدى، ئۇچ ئوغۇل تۇغدى،
67. تۇنجىسىغا كۈن دەپ،
68. ئوتتۇرانچىسىغا ئاي دەپ، كەنجىسىگە
69. يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. بىر كۈنى
70. ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى.
71. ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ
72. دەرەخنى كۆردى. بۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا،

**(9)**

73. بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى.
74. ئۇ ئىنتايىن ساھىبجامال ئىدى، ئۇنىڭ
75. كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك،
76. چېچى سۇ ئېقىنىدەك،
77. چىشى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ شۇنداق
78. ساھىبجامال قىز ئىدىكى، يەر - جاھاندىكى كىشىلەر
ئۇنى كۆرسە
79. « ئاھ، ئاھ، جاننى ئالدىكەن» دەرلەر ئىدى. سۈت
80. قىمىزغا ئايلاندى. ئوغۇز خاقان
81. ئۇنى كۆرگىنىدە هوشىدىن كەتتى، يۈرىكىگە



**(10)**

82. ئوت چۈشتى، ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى، ئۇنى ئالدى،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتتى،
83. تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككىقات بولدى.
84. كۈنلەر ئۆتۈپ، تۈنلەر ئۆتۈپ،
85. ئۇ يەڭگىدى، ئۈچ ئوغۇل تۇغدى،
86. تۇنجىسىغا كۆك،
87. ئوتتۇرانچىسىغا تاغ،
88. كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى.
89. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇز خاقان چوڭ
90. توي بەردى، ئەل ـ جامائەتنى تەكلىپ قىلدى.

**(11)**

91. ئۇلار كېلىپ قاتناشتى. قىرىق شىرە،
92. قىرىق بەندىڭ ياساتتى.
93. كۆپچىلىك تۈرلۈك نازۇنېمەتنى يېيىشتى،
94. تۈرلۈك مەي ـ شارابلار ئىچىشتى. تويدىن كېيىن،
95. ئوغۇز خاقان بەگلەرگە ۋە ئەل ـ جامائەتكە
96. يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى:
97. «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان، ئېلىڭلار
98. يا بىلەن قالقان؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،
99. كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران؛

**(12)**

100. تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان، ئوۋلىقتا

101. يۇرۇشسۇن مال ـ ۋاران؛ ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن،
102. قۇياش تۇغ بولسۇن،
103. ئاسمان قورغان.» ئاندىن كېيىن، ئوغۇز
104. خاقان تەرەپ ـ تەرەپكە يارلىق چىقاردى. مەكتۇپ يېزىپ
105. ئەلچىلەردىن ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەن:
106. «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن،
107. مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى
108. بولۇشۇم كېرەك. مەن سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇ- شۇڭلارنى

**(13)**

109. سورايمەن. كىمكى مېنىڭ ئاغزىمغا
110. باقسا، مەن ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ،
111. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن.
112. كىمكى ئاغزىمغا باقمىسا، غەزەپ بىلەن
113. لەشكەر تارتىپ،
114. ئۇنى ئۆزۈمگە دۈشمەن تۇتىمەن.
115. لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ.»
116. بۇ چاغدا، ئوڭ تەرەپتە
117. ئالتۇن خاقان دېگەن بىر خاقان بار ئىدى. بۇ

**(14)**

118. ئالتۇن خاقان ئوغۇز خاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ،
119. نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش،

120. نۇرغۇن ياقۇت، ئۇنچە ـ مەرۋايىتنى سوۋغا قىلىپ،
121. ئوغۇز خاقانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئوغۇز خاقان
122. ئۇنىڭ ياخشى بەگلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى،
123. ئالتۇن خاقان بىلەن دوست بولدى.
124. سول تەرەپتە ئۇرۇم (رىم) دېگەن
125. بىر خاقان بار ئىدى. بۇ خاقاننىڭ
126. لەشكەرلىرى ۋە شەھەرلىرى نۇرغۇن ئىدى.

**(15)**

127. بۇ ئۇرۇم خاقان ئوغۇز
128. خاقاننىڭ يارلىقىنى قوبۇل
129. قىلمىدى، ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئالدىغا بارمىدى،
130. «بۇ سۆزلەرگە پىسەنت قىلمايمەن» دەپ، يارلىقىغا بويسۇنمىدى.
131. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقاننىڭ
132. غەزىپى كېلىپ، ئۇنىڭغا لەشكەر چىقىرىشقا تەيـيارلاندى؛
133. تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئاتلاندى؛
134. قىرىق كۈندىن كېيىن، مۇزتاغ دېگەن
135. تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى؛

**(16)**

136. چېدىر تىكىپ، شۈك بولۇپ ئۇخلاشتى.

137. تاڭ سوزۇلگەندە، ئوغۇز خاقانىنىڭ
138. چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى.
139. ئۇ يورۇق ئىچىدىن، كۆك
140. تۈكلۈك، كۆك ياللىق چوڭ
141. بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇز
142. خاقانغا مۇنداق دېدى:
143. «ئەي ئوغۇز، سەن
144. ئۇرۇمغا لەشكەر چىقارساڭ،

**(17)**

145. مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن.»
146. ئاندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان
147. چېدىرلىرىنى يىغىپ، ئاتلاندى؛
148. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا
149. كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق
150. چوڭ بىر ئەركەك بۆرە
151. يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، بۇنىڭ بىلەن
152. ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن
153. ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى.

**(18)**

154. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كۆك
155. تۈكلۈك، كۆك ياللىق بۇ چوڭ
156. ئەركەك بۆرە يولدىن توختىدى. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى
157. بىلەن بىرگە توختىدى. بۇ يەردە ئېتىل

158. دېگەن بىر دەريا بار ئىدى. ئېتىل دەرياسىنىڭ
159. قىرغىقىدىكى قارا تاغ باغرىدا
160. قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئوقيا بىلەن، قىلىچ بىلەن ئۇرۇشتى.
161. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ
162. جىددىي ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش

**(19)**

163. ئەل ـ جامائەتنىڭ كۆڭلىگە كۆپ قايغۇ
164. سالدى. ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق بولدىكى،
165. ئېتىل دەرياسىنىڭ سۈيى
166. قىپقىزىل سىرغا ئايلاندى.
167. ئوغۇز خاقان يەڭدى،
168. ئۇرۇم خاقان قاچتى. ئوغۇز خاقان
169. ئۇرۇم خاقانىنىڭ خاقانلىقىنى ئالدى،
170. ئەل ـ جامائەتنى ئۆزىگە قاراتتى. نۇرغۇنلىغان جانسىز
171. ۋە جانلىق غەنىيمەتلەر ئوغۇز خاقانىنىڭ

**(20)**

172. ئوردىسىغا كىردى. ئۇرۇم خاقانىنىڭ بىر
173. قېرىنداشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرۇس بەگ ئىدى.
174. ئۇرۇس بەگ ئوغلىنى
175. تاغ بېشىغا جايلاشقان، ئەتراپى
176. چوڭقۇر خەندەك بىلەن ئورالغان

177. شەھەرنى قوغداشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئوغلىغا
178. «شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ
179. شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك» دېدى.
180. ئوغۇز خاقان ئاشۇ شەھەرگە ئاتلاندى.

**(21)**

181. ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلى ئوغۇز خاقانغا
182. نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئەكەلدى
183. ھەمدە: «ئى، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن !
184. ئاتام بۇ شەھەرنى ماڭا بەرگەن ھەمدە



185. شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ
186. شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك دېگەن،
187. ئەگەر ئاتام خاپا بولۇپ قالسا،
188. مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇر؟
189. مەن سېنىڭ يارلىقىڭنى ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن.

**(22)**

190. بىزنىڭ بەختىمىز، سېنىڭ
191. بەختىڭ، بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز
192. سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇقىدىن،
193. تەڭرى ساڭا
194. پۈتۈن زېمىننى ئاتا قىلماقتا. مېنىڭ جىسمىم ۋە
195. بەختىم ساڭا مەنسۇپ. مەن ساڭا
196. تارتۇق تارتىپ تۇرۇپ، دوستلۇقتىن چىقمايمەن» دېدى.
197. ئوغۇز خاقانغا يىگىتنىڭ سۆزى
198. ياقتى، شادلىنىپ كۈلدى

**(23)**

199. ھەمدە: « ماڭا كۆپ ئالتۇن تەقدىم قىپسەن،
200. شەھەرنى ياخشى ساقلاپسەن » دېدى.
201. شۇڭا ئۇنىڭغا « ساقلاپ » دەپ ئات قويدى،
202. ئۇنىڭغا دوستلۇق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئو-غۇز خاقان
203. لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئىتىل دەرياسى بويىغا كەلدى.

204. ئىتىل دەرياسى چوڭ بىر دەريا ئىدى.
205. ئوغۇز خاقان ئۇنى كۆرۈپ ئېيتتىكى:
206. « ئىتىلنىڭ سۇيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟» لەشكەر-
لەر ئىچىدە
207. ئۇلۇغ ئودۇبەگ دېگەن بىر ياخشى بەگ بار ئىدى.

**(24)**

208. ئۇ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى.
209. ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن تال ـ ياغاچلارنىڭ
تۇرغانلىقىنى
210. كۆردى، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ... ئاشۇ يا-
غاچلارنى...
211. كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى
ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتتى.
212. ئوغۇز خاقان شادلىنىپ كۈلدى، ئېيتتىكى:
213. « ئەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ،
214. قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن.»
215. ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭدى.
216. ئاندىن كېيىن ئوغۇز خاقان يەنە ھېلىقى كۆك
تۆكلۈك،

**(25)**

217. كۆك ياللىق ئەركەك بۆرىنى كۆردى.
218. بۇ كۆك بۆرە ئوغۇز خاقانغا ئېيتتىكى:
219. « ئوغۇز، ئەمدى لەشكەرلىرىڭنى باشلاپ بۇ يەردىن
قوزغال.



220. سەن ئەل - جامائەت
ۋە بەگلەرنى باشلاپ ماڭ،
221. مەن ساڭا يول باشلاپ
ماڭىمەن.»
222. تاڭ ئاتقاندا، ئوغۇز خا-
قان ئەركەك
223. بۆرىنىڭ لەشكەرلىرى
ئالدىدا
224. يول باشلاپ كېتىپ
بارغانلىقىنى كۆرۈپ شادلاندى
225. ھەمدە داۋاملىق ئىلگى-
رىلەپ ماڭدى.

**(26)**

226. ئوغۇز خاقان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا
227. مىنەتتى. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن
228. ياخشى كۆرەتتى. يولدا بۇ ئايغىر كۆزدىن
229. يىتتى. بۇ يەردە ئېگىز بىر تاغ بار ئىدى.
230. ئۇنىڭ ئۈستىدە توڭ - مۇزلار بار ئىدى.
231. ئۇنىڭ چوققىسىدا ئاپئاق قارلار بار ئىدى،
232. شۇڭا بۇ تاغ مۇز تاغ
233. دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇز خاقاننىڭ ئېتى
234. مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**(27)**

235. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇز خاقان ئۇزۇنغىچە ئازاب چەكتى.

236. لەشكەر ئىچىدە بەستلىك ۋە تەمبەل بىر ئەر بار ئىدى،
237. ئۇ ھېچنېمىدىن قورقماس باتۇر ئادەم ئىدى،
238. جەڭلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن ئادەم ئىدى.
239. بۇ ئادەم ئاتنى ئىزدىگىلى تاغقا كىردى.
240. توققۇز كۈندىن كېيىن، ئوغۇز خاقانغا
241. ئايغىرنى ھازىر قىلدى. مۇز تاغ.
242. ئىنتايىن سوغ بولغاچقا، بۇ بەگنىڭ پۈتۈن ئەت ـ يانلىرىنى
243. قار ـ مۇز قاپلىغانىدى.

**(28)**

244. ئوغۇز خاقان خۇرسەن بولۇپ كۈلدى، ئېيتتىكى:



245. « ئەي، سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق،
246. مەڭگۈلۈك ئىسىم بولسۇن ساڭا قارلۇق» ھەمدە
247. ئۇنىڭغا نۇرغۇن دۇنيا تەقدىم قىلدى. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.
248. ئۇ يولدا ئېگىز بىر ئۆينى كۆردى،
249. بۇ ئۆينىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن،
250. ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغانىدى.
251. ئىشىكى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى.
252. لەشكەر ئىچىدە بىر چېۋەر ئۇستام بار ئىدى.

**(29)**

253. ئۇنىڭ ئىسمى تۆمۈردۇ قاغۇل ئىدى.
254. ئوغۇز ئۇنىڭغا: « سەن بۇ يەردە قال،
255. ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن
256. ئوردىغا قايتىپ بار» دەپ يارلىق چۈشۈردى ھەمدە ئۇنىڭغا قالاچ دەپ ئات قويدى.
257. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بىر كۈنى كۆك تۈكلۈك،
258. كۆك يالىلىق ئەركەك بۆرە يەنە يولدىن توختىدى.
259. ئوغۇز خاقانمۇ يولدىن توختاپ، چېدىرلىرىنى تىكتى.
260. بۇ تېرىلمىغان تۈزلەڭلىك بىر يەر بولۇپ،
261. چۇرچىت دەپ ئاتىلاتتى.

**(30)**

262. ئۇنىڭ ئەل ـ جامائىتى كۆپ، يەرلىرى كەڭ ئىدى.
263. بۇ يەردە يىلقىلار، پادا ـ كالىلار، ئالتۇن ـ كۈمۈش،

264. ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار كۆپ ئىدى. چۇرچىت خاقانى
265. ۋە ئەل ـ جامائىتى ئوغۇز خاقانغا قارشىلىق بىلدۇردى.
266. ئۇرۇش باشلاندى. ئىككى تەرەپ ئوق چىقىرىپ، قىلىچ
267. ئۇرۇشۇپ جەڭ قىلدى. ئوغۇز خاقان چۇرچىت
268. خاقانىنى يەڭدى، ئۇنىڭ بېشىنى
269. ئېلىپ ئۆلتۈردى. چۇرچىتنىڭ ئەل ـ جامائىتىنى
270. ئۆز ئاغزىغا قاراتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن،

**(31)**

271. ئوغۇز خاقانىنىڭ لەشكەرلىرىگە، نۆكەرلىرىگە ۋە
272. خەلقىگە شۇنداق كۆپ غەنىيمەتلەر چۈشتىكى،
273. ئۇنى توشۇشقا شۇنچىلا ئات، قېچىر، كالىلار
274. ئازلىق قىلدى. ئوغۇز خاقانىنىڭ
275. لەشكەرلىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ،
276. ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىغ يوسۇن بىللىگ ئىدى.
277. بۇ چېۋەر ئادەم بىر ئېگىز هارۋا ياسىدى. هارۋا ئۈستىگە
278. جانسىز غەنىيمەتلەرنى قاچىلىدى، هارۋىنىڭ ئالدىغا
279. جانلىق غەنىيمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا هارۋىنى تارتقۇزدى.

**(32)**

280. نۆكەرلەر، ئەل ـ جامائەت بۇنى كۆرۈپ
281. هەيران بولدى، ئۇلارمۇ هارۋا ياسىدى.

282. ئېگىز هارۋا ماڭغاندا « قانغا، قانغا» دېگەن ئاۋاز
چىقاتتى،
283. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا « قانغا» دەپ
284. ئات قويدى. ئوغۇز خاقان قانغىلارنى كۆرۈپ
285. كۈلدى، ئېيتتىكى: «قانغا بىلەن جانسىز غەنىيمەتنى
286. جانلىق غەنىيمەت سۆرەپ ماڭسىدىكەن،
287. ئېگىز هارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن،
قانغالىق
288. ساڭا ئات بولسۇن» سۆزىنى تۈگىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

**(33)**

289. ئاندىن كېيىن، ئوغۇز خاقان يەنە كۆك تۇكلۇك،
كۆك ياللىق
290. ئەركەك بۆرە بىلەن بىللە سىندۇ، تاڭغۇت ھەم
291. شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى.
292. كۆپ ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلاردىن كېيىن،
293. ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇ يەرلەرنى ئۆز
دۆلەت زېمىنىغا قوشتى.
294. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك،
295. جەنۇب تەرەپتە بارقان دېگەن
296. يەرنىڭ بارلىقىنى بىلىش كېرەك. ئۇ يەر
297. ناهايىتى مۇنبەت ۋە ئىسسىق يەر ئىكەن.

**(34)**

298. ئۇ يەردە هايۋانات ۋە قۇشلار كۆپ ئىكەن،

299. ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىق كۆپ ئىكەن.
300. ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ چىرايى قاپقارا ئىكەن.
301. خاقاننىڭ ئىسمى ماسار خاقان ئىكەن.
302. ئوغۇز خاقان شۇ جايغا ئاتلاندى.
303. ئىنتايىن قاتتىق ئۇرۇش بولدى.
304. ئوغۇز خاقان يەڭدى، ماسار خاقان قاچتى.
305. ئوغۇز خاقان بۇ يەرنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دوستلىرى
306. خۇرسەن بولدى، دۈشمەنلىرى زار

**(35)**

307. قاقشىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى يەڭگەندىن كېيىن،
308. يۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىققا ۋە مال ـ چارۋىغا ئىگە بولدى
309. ھەمدە ئۇلارنى ئۆز ئېلىگە توشۇپ كەتتى.
310. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك،
311. كىشىلەرگە بىلدۈرۈش كېرەك. ئوغۇز خاقاننىڭ
312. يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق،
313. قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى.
314. ئۇ بىلەرمەن ۋە لىللا ۋەزىر ئىدى،
315. ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى.

**(36)**

316. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە
317. بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى،

318. بۇ ئالتۇن يا كۈنچىقىشتىن تا كۈنپېتىشقىچە سو-
زۇلغان
319. ئىدى. ئۈچ كۈمۈش ئوقنىڭ ئۇچى
320. شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.
321. ئۇيقۇدىن كېيىن، ئۇ چۈشىگە كەچكەنلىرىنى
322. ئوغۇز خاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:
323. «ئەي، خاقانىم،
324. ساڭا ئۇزۇن ئۆمۈر يار بولسۇن،

**(37)**

325. ئەي خاقانىم، سېنىڭ ئەل-نىزامىڭغا ئادالەت يار
بولسۇن؛



326. كۆك تەڭرى چۈ-
شۈمدە بەردى ماڭا ئىشارەت،
327. ئىشغال قىلغان
يەرلىرىن ئۇرۇقىغا
328. بۆلۈپ بەرسۇن
دەپ» ئوغۇز خاقان ئۇلۇغ
329. تۈركنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ، ئىنتايىن خۇرسەن
بولدى
330. ھەمدە: «ئېيتقى-
نىڭ كەلسۇن» دېدى.
331. ئىككىنچى كۈنى
تاڭ ئاتقاندا، باللىرىنى
332. چاقىرىپ كەلتۈرۈپ

ئېيتتىكى: « ئەي (ئوغۇللىرىم)
333. ئۇۋنى كۆڭلۈم تارتىپ تۇرىدۇ، ياشىنىپ قالغانلىـ-
قىم ئۈچۈن،

**(38)**

334. ئۇۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ. كۈن،
335. ئاي، يۇلتۇز، ئۈچىڭلار تاڭ ئاتار تەرەپكە بېرىڭلار،
336. ئاسمان، تاغ، دېڭىز ئۈچىڭلار تۈن قاراڭغۇسى
337. تەرەپكە بېرىڭلار» بۇنىڭ بىلەن
338. ئۈچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە،
339. قالغان ئۈچى تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە كەتتى،
كۈن، ئاي،
340. يۇلتۇز نۇرغۇن هايۋان ۋە قۇشلارنى ئۇۋلىدى هەمدە
341. يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى،
342. شۇنداقلا ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

**(39)**

343. ئوغۇز خاقان شادلاندى هەمدە
344. ئالتۇن يانى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى ۋە ئېيتتىكى:
345. « ئەي، ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن،
346. سىلەر ياغا ئوخشاش ئوقنى كۆككىچە ئېتىڭلار.»
347. يەنە شۇنىڭدىن كېيىن، ئاسمان، تاغ
348. ۋە دېڭىز نۇرغۇن هايۋان ۋە قۇشلارنى ئۇۋلىغاندىن
كېيىن،
349. يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالدى هەمدە

350. ئۇنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.
351. ئوغۇز خاقان شادلاندى

**(40)**

352. ھەمدە ئوقلارنى ئۈچكە بۆلۈپ بەردى، ئېيتتىكى:
353. « ئەي، ئىنىلەر، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن،
354. يا ئوقنى توغرىلايدۇ. سىلەر ئوققا ئوخشاش
355. (ياغا بويسۇنۇڭلار)» شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇز خاقان
356. چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى.
357. نۆكەرلىرىنى، ئەل - جامائەتنى چاقىرتتى، ئۇلار كېلىپ
358. با مەسلىھەت ئولتۇرۇشتى. ئوغۇز خاقان
359. چوڭ چېدىردا...
360. ... (ئوڭ تەرىپىگە)،

**(41)**

361. قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى،
362. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى.
363. ئۇنىڭ تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول
364. تەرىپىگە قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ياغاچنى قاداتتۇردى.
365. ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى،
366. تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى.
367. ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار ئولتۇردى،
368. سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى.
369. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولدى،

370. ئىچىشتى، يېيىشتى، خۇرسەن بولۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن،

371. ئوغۇز خاقان ئوغۇللىرىغا يۇرتنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

372. ئېيتتىكى: « ئەي، ئوغۇللىرىم، مەن كۆپ ياشىدىم،

373. كۆپ ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم. يا بىلەن كۆپ ئوق ئاتتىم، ئايغىر بىلەن

374. كۆپ يوللارنى كەزدىم. دۈشمەنلەرنى زار يىغلىتىپ، دوستلارنى

375. شاد ئەتتىم. تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم.

376. ئەمدى يۇرتۇمنى سىلەرگە بۆلۈپ بېرىمەن.....»

377......

378......



# بىكەچ ئارسلان تېكىن

(داستاندىن پارچە)

ئىلاۋە: ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىكى مىسال تەرىقىسىدە كىرگۈزۈلگەن ئىككى يۈز قىرىق ئىككى كۇپلېت شېئىري پارچىلاردىن مەزمۇن ۋە شە-كىل ئېتىبارى بىلەن، تەخمىنەن ئوتتۇز ئالتە كۇپلېتنى ئەنە شۇ «بىكەچ ئارسلان تېكىن» داستانىنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن پارچىلىرى، دەپ تەخمىن قىلىنىشقا بولىدۇ.

تارىخي ۋەقەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېرتىش، ئېمىل ۋادىلىرىدىكى باسمىللار ۋە ئىسسىقكۆلنىڭ شىمالىدىكى ياباقۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن قىسمىغا قارشى جەڭ باشلىغان. ھىجرىيە 423 ــ 448 (مىلادىيە 1031 ــ 1057) - يىللىرى «شەرە-فىد دەۋلە» دېگەن ئۇنۋان بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىگە خان بولغان سۇلايمان ئارسلانخان (شاھزادە ۋاقتىدىكى ئۇنۋانى ــ بىكەچ ئارسلان تېكىن) ئاشۇ باسمىل - ياباقۇلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. «بىكەچ ئارسلان تېكىن» نامىدىكى بۇ داستانىنىڭ مەزكۇر پارچىسىدا ئەنە شۇ

جەڭنىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشى تەسۋىرلەنگەن. «دىۋان»نىڭ ئۈچ تومىغا چېچىلغان بۇ داستان پارچىسىنى تىلشۇناس، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ۋەقەلىكنىڭ جەريانى، قاپىيە ۋە ۋەزنى بويىچە تۆت بۆلەككە ئايرىپ رەتلەپ چىققان بولۇپ، مۇشۇ نۇسخا ئاساس قىلىنىپ، قامۇسقا كىرگۈزۈلدى.

بىرىنچى، ئەسلىي تېكىستى:

I

1. بۇدراچ يەمە قۇدۇردى،
ئالپاغۇتىن ئوزۇردى،
سۇسىن يانا قادىردى،
كەلگەلىمەت ئىركەشۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 83 ـ بەت)

2. ئەرتىش سۇۋى يەمەكى،
ستىغىپ تۇتار بىلەكى،
كۇرمەت ئانىڭ يۇرەكى،
كەلگەلىمەت ئىركەشۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 163 ـ بەت)

3. ئۇستىغان قۇياش قاپسادى،
ئۇمۇنچلۇغ ئاداش ياپسادى،
ئەرتىش سۇۋىن كەچسەدى،
بۇ دۇن ئانىن ئۇركۇشۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 88 ـ بەت)

4. ئۇرۇنچاق ئالىپ يەرمەدى،
ئالىملىغ كۆرۈ ئارمادى،
ئاداشلىق ئۇزە تۇرمادى،
قالىن ئەرەن تىركەشۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 85 ـ بەت)

5. ياندى ئەدىنچ ئوغراغى،
كەلدى بەرۇ تىغراغى،
ئۆزى قۇيى ئوغراغى،
ئالىپلار قاموغ تىركەشۇر.
(«دىۋان» Ⅲ توم، فاكسىمىل 472 ـ بەت)

6. پىچغاس پىتىك قىلۇرلار،
ئاند كەي يەمە بەرۇرلەر،
خاندىن باسۇت تىلەرلەر،



باسمىل چومۇل تىركەشۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 231 ـ بەت)

7. باسمىل سۇسىن قۇمىتتى،
بارچا كەلىپ يۇمىتتى،
ئارسلان تابا ئەمىتتى،
قورقۇپ باشى تەزگەنۇر.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 421 ـ بەت)
......

8. كەلسە ئاباڭ تەركەنىم،
ئەتىلگەمەت تۆركۈنىم،
يازىلماغاي تەركىنىم،
ئەمدى چەرىڭ چەركەشۇر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 222 ـ بەت)

II

9. قۇرۋى چۇۋاچ قۇرۇلدى،
تۇغۇم تىكىپ ئۇرۇلدى،
سۇسى ئوتۇن ئورۇلدى،
قانچۇق قاچار ئول تۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 106 ـ بەت)

10. ئالىپ ئەرەنىنى ئۇزۇردۇم،
بوينىن ئانىڭ قازىردىم،
ئالتۇن ـ كۈمۈش يۇزۇردۇم،
سۇسى قالىن كىم ئۆتەر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 186 ـ بەت)

11. ئالىپلار ئارغ ئالقىشۇر،
كۈچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر،
بىر - بىر ئۆزە ئالقىشۇر،
ئەزگەرمەزىپ ئوق ئاتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 125 - بەت)

12. ئەرەن ئارىغ ئۇرپەشۇر،
ئۆچىن كەكىن ئىرتەشۇر،
ساقال تۇتۇپ تارتىشۇر،
كۆكسى ئارا ئوت تۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 122 - بەت)

13. كۈچى تەڭى توقۇشتى،
ئوغۇش قونۇم ئوقۇشتى،
چەرىك تابا ياقىشتى،
بىرگە كەلىپ ئۆچ ئۆتەر.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 320 - بەت)

14. توقىش ئىچرە ئۇرىشتىم،
ئۇلۇغ بىرلە قارىشتىم،
تۆكۈز ئاتىن يارىشتىم،
ئايدىم ئەمدى ئال ئۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 185 - بەت)

15. ئۆپكەم كەلىپ ئوغرادىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەدىم،
ئالىپلار باشىن توغرادىم،
ئەمدى مەنى كىم تۇتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 75 - بەت)

16. تىغراقلانىپ سەكرىتتى،
ئەرىن ئاتىن يۈگۈرتتى،
بىزنى قامۇغ ئاڭىتتى،
ئانداغ سۈگە كىم يەتەر.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 404 ـ بەت)

17. ئەمدى ئۈدۈن ئودۇندى،
كەدىن تەلىم ئۆكۈندى،
ئەل بولغالى ئىكەندى،
ئانداغ ئەرىگ كىم ئۈتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 109 ـ بەت)

18. كەلدى بەرۈ ئارتۇرۇ،
بەردى ئەلىن ئارتۇرۇ،
مۈندا قالىپ ئولتۇرۇ،
بۈگرى بولۇپ ئۈن پۈتەر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 117 ـ بەت)

19. تابدۇ ماڭا ئىلىندى،
ئەمگەك كەرۈ ئولىندى،
قىلمىشىڭا ئىلەندى،
تۈتغۈن بولۇپ ئول قاتار.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 111 ـ بەت)

20. تىنى يەمە ئۆچۈكتى،
ئەرى ئاتى ئىچىكتى،
ئىشى تاقى چۈلۈكتى،
سۆزىن ئانىڭ كىم تۈتار.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 328 ـ بەت)

21. ئىشى ئانىڭ ئارتاشىپ،
ئوغراق بىلە ئۆرتەشىپ،
بويىنىن ئالىپ قازرىشىپ،
تۇتغۇن ئالىپ قۇل ساتار.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 376 ـ بەت)

22. باشى ئانىڭ ئالىقتى،
قانى يۈزۈپ تۇرۇقتى،
بالىغ بولۇپ تاغىقتى،
ئەمدى ئانى كىم يەتەر.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 105 ـ بەت)



23. قانى ئاقىپ يۇمۇلدى،
قاپى قامۇغ تەشىلدى،
ئۆلۈك بىلە قوشۇلدى،
تۇغمىش كۈنى ئۇش پاتار.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 332 ـ بەت)

III

24. ئاغا بۆكتىر ئۇزە يورىدىم،
بارىق ياقىپ قىيا كۆردىم،
ئانى بىلىپ تاقى باردىم،
تۇگەل ياغى تۆرى تۇغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 229 ـ بەت)

25. قۇزى قىقرىپ ئوغۇش تەردىم،
ياغى قارۇ كىرىش قۇردۇم،
توقۇش ئىچرە ئۇرۇش بەردىم
ئەرەن كۆرۈپ باشى تىغدى.
(«دىۋان» II توم، فاكسىمىل 321 ـ بەت)

26. ئەرەن ئالپى ئوقىشتىلار،
قىڭىر كۆزۈن باقىشتىلار،
قامۇغ تولمۇن توقۇشتىلار،
قىلىچ قىنقا كۈچۈن سىغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 101 ـ بەت)

27. تەلىم باشلار يوۋالدىمات،
ياغى ئاندىن ياۋالدىمات،

كۆچى ئانىڭ كەۋەلدىمەت،
قىلىچ قىنقا كۆچۈن سىغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 200 ـ بەت)

28. ئۆزىن ئۆگنۈپ ئۇرىلادى،
يىراق يەرىگ قارىلادى،
ئاتىغ كەمشىپ ئۇرىلادى،
ئۇۋۇت بولۇپ تۆپۈ ئاغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 156 ـ بەت)

29. ئاباڭ قولسام ئۇزۇ بارىپ،
تۇتار ئەردىم سۇسىن تارىپ،
بولۇن قىلىپ باشىن يارىپ،
يۇلۇغ بارچا ماڭا يىغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 201 ـ بەت)

30. ئەرەن ئىزىپ سۆكە تۇردى،
باشى بوينىن سۆكە تۇردى،
ئۇۋۇت بولۇپ بۇكە تۇردى،
ئۇزۇ قاما تەبىن تىغدى.
(«دىۋان» III توم، فاكسىمىل 547 ـ بەت)

31. ئىزۇ بەرىپ بوشۇتتۇم،
تاۋار يۇلۇغ تاشۇتتۇم،
ئەرەن ئەسىن ئەشۇتتۇم،
يۇكۇن بارچا ئۆزى چىغدى.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 113 ـ بەت)

## Ⅳ

32. تاڭ ئاتا يورتالىم،
بۇدراچ قانىن ئىرتەلىم،
باسمىل بەگىن ئۆرتەلىم،
ئەمدى يىگىت يۇۋۇلسۇن.
(«دىۋان» Ⅲ توم، فاكسىمىل 600 ـ بەت)

33. تۇنلە بىلە كۆچەلىم،
يامار سۇۋىن كەچەلىم،
تەررەڭۈك سۇۋىن ئىچەلىم،
يۇۋغا ياغى ئۇۋۇلسۇن.
(«دىۋان» Ⅱ توم، فاكسىمىل 266 ـ بەت)

34. قىقرىپ ئاتىغ كەمشەلىم،
قالقان سۇنگۇن جۇمشالىم،
قايناپ يانا يۇمشالىم،
قاتىغ ياغى يۇۋۇلسۇن.
(«دىۋان» Ⅰ توم، فاكسىمىل 221 ـ بەت)

35. تەگرە ئالىپ ئەگرەلىم،
ئاتتىن تۇشۇپ يۇگرەلىم،
ئارسلانلا يۇ كۆكرەلىم،
كۇچى ئانىن كەۋلسۇن.
(«دىۋان» Ⅱ توم، فاكسىمىل 270 ـ بەت)

36. ئەندىك كىشى تەتىلسۇن،
ئەل تۆرۈ يەتىلسۇن،

تۆقلى بۆرى قاتىلسۇن،
قازغۇ يەمە ساۋىلسۇن.
(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 66 ـ بەت)

ئىككىنچى، مەنىسى:

تۆۋەندە تىرناق ئىچىدە مىسرالار بويىچە بېرىلگەن مەنىلەر كەمىنە نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈلگەن شەكلى: نەسرىي بويىچە چۈشەندۈرۈلگەن قۇرلار «دىۋان»نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەرگەن ئىزاهاتلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسىدۇر.

I

1. (بۇدراچ يەنە قوزغىلىدى،
باتۇرىنى پارلىدى،
قوشۇننى يانا قايرىدى،
كەلمەك بولۇپ جۇغلىشۇر.)

ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ بېگى بۇدراچ يانا لەشكەرلىرى بىلەن قايتتى. باتۇرلىرىنى تاللىدى، كېلىش ئۈچۈن توپلاندى.

2. (ئېرتىش سۈيى يەمەكلىرى،
شىمايلاۋاتىدۇ بىلەكلىرىنى،
قاپتەك قىلىشىپ يۈرەكلىرىنى
كەلمەك بولۇپ جۇغلىشۇر.)

يەمەك — قىپچاقلارنىڭ بىر ئايمىقى. شېئىردا مۇنداق

كەلگەن: ئۇلار يەڭلىرىنى چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىشكە تۇتۇشقانىدى.

3. (ئۈستىدىغان قۇياش قاپسىدى،
ئۇمۇنىغان ئاداش رەشكىسىرىدى،
ئېرتىش سۇيىنى كەچمەكچى بولدى،
خەلق ئۇنىڭدىن ئۈركۈشۈر.)

يازنىڭ ئاپتىپى بىزنى قاپسىدى، ئۇمىد قىلىنغان ئاداش بىزگە ھەسەت قىلدى، دۈشمەن ئېرتىش سۇيىنى كەچ-مەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن خەلق ئۈركۈپ كەتتى.

4. (ئامانەت ئېلىپ بەرمىدى،
ئېلىمنى كۆرۈپ ھارمىدى،
ئاداشلىقتا تۇرمىدى،
نۇرغۇن ئادەم تىركىشۈر.)

بىركىم مەسخىرە قىلىنىپ ئېيتىلىدۇ: ئامانەت ئېلىش-تىن توختىمىدى، ئالغاننى قايتۇرۇشنى ئويلىمىدى، دوستلۇق-قا رىئايە قىلمىدى، ئەمدىلىكتە لەشكىرىنى توپلاپ ئۈستۈمگە يۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

5. (ياندى بەلكىم ۋەدىسىدىن،
كەلدى بېرى جەسۇرىدىن،
ئېدىر تۇۋى بىر ئۈچىدىن،
ھەممە باتۇرى جۇغلىنۇر.)

دۈشمەن توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۆز نىيىتىدىن

(ۋەدىسىدىن) بەلكىم يانغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ خەۋەرچىسى كەلدى، ئۇ ئېدىرنىڭ تۆۋەنكى بېشىدا، ئۇرۇشۇش ئۇچۇن يە-گىتلىرىنى توپلاۋاتىدۇ.

6. (پىچىم - پۇتۇم تۈزۈشىدۇ،
يەنە قەسەم ئىچىشىدۇ،
خاندىن ياردەم تىلىشىدۇ،
باسمىل - چومۇل تىركىشۇر.)

ياباقۇلار بىلەن بولغان جەڭدىن كېيىن خاقانغا قارشى چىقماسلىققا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشقا قەسەم ئىچىپ پۈتۈم تۈزۈشكەنىدى، خەلق خاقاندىن ياردەم سورىدى، باسمىل بىلەن چومۇللار بىزگە قارشى توپلىنىۋىدى، خاقان يېتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، ئۆزلىرىنى ئەسىر قىلدى.

7. (باسمىل قوشۇن قوزغاتتى،
بارچە كېلىپ توپلاندى،
ئارسلان تەرەپكە يۈزلەندى،
قورقۇپ بېشى ئايلاندى.)

غازى ئارسلان تېكىن بىلەن جەڭ قىلغان باسمىل قوشۇ-نى توغرىسىدا يېزىلغان: باسمىللار قوشۇنلىرىنى بىزگە قار-شى كۆرەشكە رىغبەتلەندۇردى، ھەممىسى توپلاندى، ئارسلان تەرەپكە يۈرۈشتى، بىزنى كۆرۈپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، باشلىرى ئايلاندى......

8. (كەلسە ئەگەر تەركىنىم
ئۇخشىلىدۇ تۇركۇنۇم،

چېچىلمىغاي ئەل ـ توپۇم،
ئەمدى چېرىك سەپ تارتۇر.)

خاقان ياباقۇ ئۇرۇشىغا چاقىرىلىپ شۇنداق دېيىلگەن: گەر خاقانىنىڭ ياردىمى كەلسە، ئىشىمىز ئوڭۇشلىدۇ. ئايماق ـ نىڭ ئۆيلىرى يىقىلمايدۇ. ھازىر جەڭچىلەر سەپكە تىزىلىپ بولدى، ئەي تەركىنىم، مېنىڭ ئالدىمغا يېتىپ كەل !

II

9. (خان چېدىرى قۇرۇلدى،
تۇغ تىكىپ دۇمباق ئۇرۇلدى،
قوشۇنى ئوتتەك ئۇرۇلدى،
نەگە قاچسا ئۇ قۇتۇلار؟)

جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: خانىنىڭ قاتتىق ئىسسىقتىن ۋە قار ـ يامغۇردىن ساقلايدىغان يىپەك چېدىرى تىكىلدى. تۇغلار قادالدى، دۇمباقلار چېلىندى. دۈشمەن لەشكەرلىرى ئوت ـ چۆپ ئورۇلغاندەك قىرىلدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ چوڭى مەندىن قانداق قېچىپ قۇتۇلار؟

10. (باتۇر ئەرلىرىنى ئايرىدىم،
ئۇنىڭ بوينىنى قايرىدىم،
ئالتۇن ـ كۈمۈش جايلىدىم،
قوشۇنى كۆپ كىم ئۇتار.)

بىر جەڭ تەسۋىرلىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: دۈشمەن قو ـ شۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم، بويۇنلىرىنى قايرىۋەتتىم، خەزى ـ

نىسىدىكى ئالتۇن - كۇمۇشلىرىنى ئالدىم، دۇشمەن لەشكەر- لىرى قىرىپ ئۆلتۇرۇپ تۆگىتەلمىگۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

11. (باتۇرلار ئېرىغ قىرىشتى،
بىر كۇچ بولۇپ يۆلەشتى،
بىر - بىرىنى ئالقىشلاشتى،
پەرۋا قىلماي ئوق ئاتار.)

جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: باتۇرلار بىر - بىرىنى راسا ئۆلتۇرۇشتى، كۇچىنى توپلاپ ئۆز كىشىلىرىنى قوللاشتى، مەدەت بېرىپ بىر - بىرىنى ئالقىشلاشتى، ئۆلۇمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى.

12. (ئەرلەر ئېرىغ ھۇرپىيىشەر،
ئۆچ - كەكلىرىنى ئېلىشار،
ساقال تۇتۇپ تارتىشار،
كۆكسىدە ئوت يانۇر.)

باتۇرلار بىر - بىرىگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ ئۆچ ئې- لىشقا كىرىشتى؛ ئۇرۇش قىزىپ كېتىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆڭ- لى غەزەپ ئوتىغا تولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ ساقاللىرىغا چاڭ سېلىشتى.

13. كۇچى تەڭلەشكۇچە توقۇنۇشتى،
ئۇرۇغ قولۇمنى ئۇقۇشۇشتى،
چېرىك تارتىپ يىقىنلاشتى،
بىزگە كېلىپ ئۆچ ئالۇر.)

كۈچى يەتكۈچە ئۈرۈشۈپ باقتى، ئاندىن ئۇرۇق ـ ئايماق-لىرىنى چاقىردى؛ لەشكەر تارتىپ جەڭگە ئاتلاندى، بىز تەرەپ-كە كېلىپ ئۈچ ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ.

14. (توقۇنۇش ئىچىدە ئۇرۇشتۇم،
ئۇلۇغ بىرلە قېرىشتىم،
قاشقا ئات بىلەن چېپىشتىم،
ئۆتار ! ئەمدى ئال، دېدىم.)

جەڭدە ئەلنىڭ چوڭى بىلەن ئۇرۇشتۇم، قاشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردىم؛ « ئەي ئۆتار ! بۇنى ئال» دەپ ئوق ئاتتىم (ئۆتار — بىر ئادەمنىڭ ئىسمى).

15. (قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم،
باتۇرلار بېشىنى توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار؟)

غەزىپىم كېلىپ، دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم؛ ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىغا چىقىپ: « قېنى، ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ؟» دەپ ۋارقىرىدىم.

16. (غەيرەتلىنىپ سەكرەتتى،
ئەر ـ ئاتلىرىنى يۈگۈرتتى،
بىزنى كۆپ ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى،
ئۇنداق قوشۇنغا كىم يېتەر؟)

جەڭدە ھۇجۇم قىلغان بىر ئادەم شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ باتۇرلۇق كۆرسەتتى، ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملىرىنى بىرگە قارىتىپ چاپتۇردى، ھۇنىرى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇردى. شۇنداق قوشۇنغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟

17. (ئەمدى ئۇيقۇدىن ئويغاندى،
كېيىن تولا ئۆكۈندى،
ئەل بولۇشقا تىركەندى،
ئۇنداق ئەرنى كىم يېڭەر؟)

دۈشمەن ئەمدى ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى، ئەل بولۇشتىن باش تارتقانلىقىغا كۆپ پۇشايمان يېدى، ئۇنداق ئادەمنى مەڭ-دىن باشقا كىم يېڭەلەيدۇ؟

18. (ھەددىدىن ئېشىپ بېرى كەلدى،
ئېلىنى ئۇستىلەپ بەردى،
مۇندا قېلىپ ئولتۇردى،
مۇكچىيىپ ئۇنى پۇتۇر.)

ئەسىر چۈشكەن بىر بەگ توغرۇلۇق سۆزلىنىدۇ: بەگ بىزگە ھەددىدىن ئېشىپ ھۆركىرەپ، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن بېسىپ كەلگەندى، ئاخىر بىزگە ئۆز ئېلىنىمۇ ئۇستەڭ قىلىپ بەردى. ئەمدى بىزنىڭ يېنىمىزدا بېلى مۇكچىيىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

19. (تابدۇ ماڭا ئېلىندى،
جاپا چېكىپ تولغاندى،

قىلمىشىغا ئۇۋۇلاندى،
تۇتقۇن بولۇپ ئۇ قاتار.)

دۈشمەن ماڭا ئەسىر چۈشتى، بېشىغا كەلگەن جاپا - كۈلپەتتىن قىينالدى. ھەتتا جېنىدىن تويدى، قىلمىشىغا پۇ-شايمان يېدى ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلىدى، بۇرۇن ئەركىن ئۆتكەن ئادەمگە بۇ ئىشلار بەك ئار كېلىۋاتىدۇ.

20. (ئۇن - تىنى يەنە ئۆچتى،
ئەر - ئاتلىرى ئەل بولدى،
ئىشى تېخى چاتاق بولدى،
ئۇنىڭ سۆزىنى كىم ئاڭلار؟)

بىر تۇتقۇن شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى؛ ئادىمى، ئېتى تەسلىم بولدى؛ ئىشىمۇ تېخى چاتاق بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىگە كىممۇ قۇلاق سالاتتى؟

21. (ئىشى ئۇنىڭ چاتاقلىشىپ،
ئوغراقلار بىلەن ئۆرەدىشىپ،
بوينىنى تۇتۇپ قايرىشىپ،
تۇتقۇن ئېلىپ قول ساتار.)

بىر تۇتقۇن تەسۋىرلىنىدۇ: تۇتقۇننىڭ ئىشى چاتاق بول-دى، بىر قەبىلە يەنە بىر قەبىلىنى دەھشەتكە سالدى، بويۇن ئەگدۈرۈپ ئەسىر قىلدى. سېتىلىدىغان قۇلدەك ئۇنىڭ نەر-خىنى تۆلىتىۋالدى.

22. (يارىسى ئۇنىڭ ئەدىدى،
قېنى ئېقىپ ئۇيىدى،

ياربلىنىپ تاغقا چىقتى،
ئەمدى ئۇنىڭغا كىم يېتەر؟)

قېنى توختىمىغان ياردار ھەققىدە شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ- نىڭ يارىسى ئەدەپ، بۇزۇلدى، يارىسىدىن قان كۆپ ئېقىپ، ھالى ئېغىرلاشتى، ئۇ تاغقا چىقىۋالدى. ئەمدى ئۇنى كىم تا- پالايدۇ؟

23. (قېنى ئېقىپ بوشالدى،
پۈتۈن قېپى تېتىلدى،
ئۆلۈك بىلەن قوشۇلدى،
تۇغقان كۈنى ھەم پاتار.)

بىر ئۆلۈك شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: خۇددى تۇلۇم تېشى- لىپ ئاققاندەك، ئۇنىڭ تېنىدىكى ھەممە قېنى ئېقىپ بولدى؛ ئەمدى ئۆلۈم يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ كۈنى تۇگىدى، يەنى بەخت - دۆلىتى تۇگىدى.

III

24. (تاغنى بوكتەرگىلەپ يۈردۈم،
ياندا بېرىپ قارا كۆردۈم،
ئۇنى تونۇپ يېقىن باردىم،
دۈشمەن چاڭ - توزان كۆتۈردى.)

ئېگىز - پەس قىرلارنى ئېشىپ، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىم، يىراقتا بىر قارا كۆردۈم، ئۇنىڭ دۈشمەن ئىكەنلى-

كىنى بىلىپ، تۇرغان يېرىمدە تۇرۇپ قالدىم. دۇشمەننىڭ توپا ـ توزانلىرى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى.

25. (پەسكە ۋارقىراپ ئايماق تەردىم،
يېغىغا قارشى كىرىش قۇردۇم؛
جەڭ ئىچىدە زەربە بەردىم،
ئەرلىرى كۆرۈپ باش ئەگدى.)

تۆۋەنگە قاراپ ۋارقىراپ ئۇرۇق – ئايماقلىرىمنى توپلىدىم، دۇشمەنگە قارشى يا قۇردۇم، راسا زەربە بىلەن جەڭ قىلدىم، ئادەملىرى كۆرۈپ باشلىرىنى ئېگىشتى.

26. (باتۇر ئەرلەر قىچقىرىشتى،
قىڭغىر كۆزدە بېقىشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنىغا كۆچەپ سىغدى.)

باتۇر يىگىتلەر بىر ـ بىرىنى جەڭگە قىچقىرىشتى، قىڭغىر كۆزلىرى بىلەن قارىشىپ ھومىيىشتى؛ ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى. قان كۆپ ئۇيۇپ كەتكەنلىكىدىن، قىلىچلىرى قىنلىرىغا تەستە سىغدى.

27. (تالاي باشلار دومىلىدى،
يېغا ئاندىن ياۋاشلىدى،
كۆچى ئۇنىڭ ئاجىزلىدى،
قىلىچ قىنىغا كۆچەپ سىغدى.)



بىر جەڭ شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: باتۇرلىرىنىڭ باشلىرى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىنىدى، شۇڭا دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى سۇ-نۇپ، كۆچى ئاجىزلاشتى. قىلىچلار يۈزگە يۇقۇپ قاتقان قاد-نىڭ جىقلىقىدىن قىنلىرىغا تەستە سىغدى.

28. (ئۆزىنى ماختاپ كۆرەڭلىدى،
يىراق يەرنى قارىلىدى،
ئات دېۋىتىپ ھۆررالىدى،
ئۇيات بولۇپ تۆپىگە چىقتى.)

ئۆز ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن باتۇر شۇنداق تەس-ۋىرلىنىدۇ: ئۇ كۆرەڭلەپ، ھەددىدىن ئاشقاندى، ئۆزىنى ھەي-ۋەتلىك كۆرسىتىپ خۇددى يەرنىڭ تانابىنى تارتىدىغاندەك، ئات بىلەن ھەملە قىلىپ كېلىۋىدى، ئاخىر شەرمەندە بولۇپ دۆڭ-دىن ئارتىلىپ قېچىپ كەتتى.

29. (ئەگەر خالىسام قوغلاپ بېرىپ،
تۇتار ئىدىم، قوشۇنىنى يېرىپ،
ئۇلجا قىلىپ بېشىنى يېرىپ،
بار - يوقىنى ماڭا يىغدى.)

يېشىلگەن كىشى توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئەگەر مەن خالىسامغۇ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، قوشۇنىنى تارمار قىلاتتىم ۋە ئۇزىنى تۇتقۇن قىلىپ، باش - كۆزىنى ياراتتىم. لېكىن جېنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئالدىمغا نۇرغۇن مال قويدى. مەن ئۇنى قويۇپ بېرىپ، ئۆزۈمدىن مىننەتدار قىلدىم.

30. (ئەرلەر ئەۋەتىپ تىزلاپ تۇردى،
باش - بوينىغا ئېلىپ تۇردى،
ئۇيات بولۇپ پۈكۈپ تۇردى،
قوغلىما دەپ بېشىنى سالدى.)

يېشىلگەن بىر ئادەم توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇ ماڭا بىرمۇنچە ئادەملىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇردى. باشلىقلىرىنىڭ دېگىنىچە، ئۆز گەدەنلىرىگە ئېلىشتى، ئېگىلدى، پۈكۈلدى، خەلقتىن ئۇيالدى. مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مېنى قوغلىما دېدى، مەنمۇ بۇنى قوبۇل كۆردۈم.

31. (ئەركىلىك بېرىپ بوشاتتىم،
تۆلەم مالنى توشۇتتىم،
ئەر گۇناھىنى يوشۇرتتۇم،
بارچە يۈكىنى ئۆزى چىگدى.)

قولغا چۈشكەن ئەسىر توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۆز جېنىڭنى قۇتقۇزۇشقا مال كەلتۈر» دەپ ئۇنى بوشاتتىم؛ كەلتۈرگەن ماللىرىنى ئۆزىگە توشۇتتۇم ۋە ئۇنى ئۆز گۇناھىنى ئۆزى يۇيۇشقا بۇيرۇدۇم، ھەتتا ئۇلارنىڭ چوڭقۇر يار - يۆلەكسىز قېلىپ، ئۆز يۈكىنى ئۆزى تاڭدى.

IV

32. (تاڭ ئېتىپلا يورتەيلى،
بۇدراچ قېنىنى ئىرتەيلى،
باسمىل بېگىنى ئۆرتەيلى،
ئەمدى يىگىت توپلانسۇن.)

تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئات سېلىپ يۈرۈش قىلايلى. بۇدراچنىڭ قېنىنى ئېرىتىپ تۆكەيلى، ئۆچ ئالايلى (بۇدراچ — ياباقۇلاردىن بىرى). باسمىل بېگىنى كۆيدۈرەيلى، ئەمدى يىگىتلەر دەرھال توپلانسۇن.

33. (تۈن بىلەن كۆچەيلى،
يامار سۈيىنى كېچەيلى،
سىزغىن سۇدىن ئىچەيلى،
ئورمال دۈشمەن ئۈزۈلسۇن.)

تۈن - كېچىدىلا كۆچۈپ ماڭايلى، يامار دەرياسىنىڭ سۈيىنى كېچەيلى. سىزىپ چىققان سۇزۇك سۇيىدىن ئىچەيلى، ئىتائەتسىز دۈشمەن بىتچىت بولۇپ كەتسۇن.

34. (قىقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان - نەيزە ئۇرايلى،

قايناپ يانا يۇمشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن.)

دۇشمەننىڭ ئۈستىگە شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئات سې-
لىپ، باستۇرۇپ بارىمىز. قالقان تۇتۇپ، نەيزە بىلەن زەربە
بېرىپ، قاتتىق ئېلىشىمىز، كېيىن دۇشمەن يارىشىشنى تى-
لىسە ئاندىن توختايمىز. شۇنداق قىلساق قاتتىق دۇشمەن
بوشايدۇ.

35. (چۆرەپ ئېلىپ ئورايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
كۈچى ئۈنىڭ خورىسۇن.)

دۇشمەننى چۆرۈلدۈرۈپ قورشايلى، ئاتلاردىن چۈشۈپ،
ئارسلاندەك ھۆركىرىگەنچە ئالغا يۈگۈرەيلى، شۇنداق قىلىپ،
دۇشمەن زەئىپلەشسۇن.

36. (ئەخمەق كىشى ھوشىنى بىلسۇن،
ئەلدە تۇزۇم يېتىلسۇن،
توقلا - بۆرە قېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۈگەپ كەتسۇن.)

قىلىچىمىز بىلەن شۇنداق يول ئاچايلىكى، ئۆندەرەيدىغان
ھاماقەتلەر ھوشىنى تاپسۇن، ئەلنىڭ ئىشى تۈزەلسۇن. توق-
لىلار بىلەن بۆرىلەر خاتىرجەم بىللە ياشايدىغان بولسۇن.
بىزدىن غەم - قايغۇ كۆتۈرۈلسۇن.

3. چۈشىنىكلەر

بىكەچ — تېكىنلەرنىڭ لەقىمى. «بىكەچ ئارسلان تېكىن» دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز يۇمشاق «ك» (گ) بىلەن ئېيتىلسا، «بەگ» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلگەنلىكى بولۇپ، ئامراقلىق ۋە ئەركىلىتىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، «ئەمىر» مەنىسىدىكى «بەگ» سۆزىنى ئاخىرقى ھەرپى يۇمشاق «ك» (گ) دۇر.»

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 180 ـ بەت)

بۇدراچ — ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى. بىكەچ ئارسلان تېكىن زامانىدا، بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەنىدى.

(«دىۋان» I توم، فاكسىمىل 227 ـ بەت)

بۇكە — ئەجدىھا، يوغان يىلان. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: يەتى باشلىغ يەل بۇكە — يەتتە باشلىق يەل بۇكە (مۈڭگۈز). ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ، باتۇر يىگىتلىرىگىمۇ شۇنداق نام بېرىلىدۇ، مەسىلەن: بۇكە بۇدراچ دېگەندەك. بۇ ئادەم يەتتە يۈزمىڭ لەشكىرى بار تۇرۇقلۇقمۇ، مۇسۇلمانلاردىن ئارسلان تېكىن غازىنىڭ قىرىق مىڭ لەشكىرى بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان.



# ئەمرگۆرئوغلى

قەدىمكى ئەسەرلەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ رىۋايەت قىلغۇچى سۆز ئۇستىلىرى، سۆز كانلىرىدىن ئۇنچە - مەرۋايىتقا ئوخشاش يالتىراپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئىبارىلەرنى ئېلىپ چىقىپ تۆۋەندىكى داستاننى رىۋايەت قىلىدۇ:

چەمبىل ئىسىملىك بىر شەھەر بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئەھمەدخان ئىسىملىك بىر پادىشاھ ھۆكۈمران ئىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمى شۇ ئەتراپتىكى قىرىققا يېقىن پادىشاھقا يۈرەتتى. ئۇنىڭ قېشىدا ئايخان، كۈنخان، بۇلبۇلخان، چىڭگىسخان، ئەسەنخان دېگەن تاجدار پادىشاھلار بار ئىدى.

بۇ ئەھمەدخاننىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى، ئىسمىنى زۇلپەر ئايىم، دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ بالاغەتكە يەتكەن بولسىمۇ شۇ ئۆمرى ئىچىدە ئەركەك چىۋىننىڭمۇ يۈزىنى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بىر چىرايلىق كېلىشكەن چارباغى بار ئىدى. ئۇ ئەنە شۇ باغدا سەكسەنگە يېقىن كېنىزەكلەر بىلەن تۇراتتى. بۇ كېنىزەكلەر ھەمىشە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، ساز چېلىشىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچاتتى ۋە ئۆز كۆڭلىنىمۇ خۇش قىلاتتى.

بىر كۈنى زۇلپەر ئايىم باغدىكى تەختى ئۇستىدە ئولتۇرۇپ چېچىنى تاراۋاتاتتى. شۇ چاغدا، شۇ باغنىڭ يېنىدىن

ھەزرىتى ئىبلى دۇلدۇلىنى مىنىپ ئۆتۈپ قالدى، ئۇنىڭ بۇ گۈزەل قىزغا كۆزى چۈشتى. شۇ ئاي يۈزلۈك پەرى مەندىن بىر بالا تۇغقان بولسا، ئەجەب ياخشى بولاتتى ! ... دەپ ئويلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇ قىزنىڭ بويى شۇركۇنۇپ ھامىلدار بولدى، كۈنلەردىن بىر كۈنى زۇلپەر ئايىم قولىغا ئەينەك ئىلىپ قارىدى. يۈزىگە چۈشكەن داغلارنى كۆردى. بۇ داغدىن ئۇ ئەجەبلەندى، بۇ نىمە ئىش؟ يۈزۈمگە داغ چۈشۈپ قاپتۇ. مەن تىخى ياتلىق بولمىسام؟ ... دەپ بۇ ھالەتنى ئانىسىغا ئىيتتى. ئانىسى يىغلىدى، زۇلپەر ئايىم ئۆزىگە ئۆزى: « ئاكام ئەھمەدخان ئاتاقلىق پادىشاھ تۇرسا، بۇ ئىشنى ئاڭلىسا ئەلۋەتتە ماڭا ئاھانەت قىلىدۇ ! ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ بۇ ئىش ئىغىر ھاقارەت كەلتۈرىدۇ !»... دەپ جاينامازنى سىلىپ قىبلىگە قاراپ ئولتۇرۇپ: « خۇدايا پاك پەرۋەردىگارا، مىنى بۇ ھالغا سىلىپ شەرمەندە قىلغۇچە جىنىمنى ئالغىن !» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇناجات قىلدى. قىلغان تەلىپى ئىجابەت بولدى، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام كىلىپ ئۇنىڭ جىنىنى ئالدى. بۇ چاغدا قورساقتىكى بالا ئالتە ئايلىق بولغانىدى. بالا گۆردە تۇغۇلدى. ئۇ بالا بىر قومۇشنىڭ تۆشۈكىدىن نەپەس ئالدى ۋە تاشقىرىقى گۆرگە چىقىپ قالدى.

ئەمدى سۆزنى قەمبەر ۋەلىدىن ئاڭلايلى:

ھەزرىتى ئىبلىنىڭ دۇلدۇل ۋە باشقا يىلقىسىنى باقىدىغان بوۋاي قەمبەر ۋەلى دىگەن كىشى بار ئىدى. بىر كۈنى بۇ كىشى قارىسا، بىر ئالا بايتال گۆرىستانلىققا قاراپ كىتىۋاتقان. بۇ ئىش ئۇدا بىرقانچە كۈن، بىرقانچە قىتىم تەكرارلانغاندىن كىيىن، بوۋاي قەمبەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ باردى. قارىسا، بۇ ئالا بايتال بىر ئوچۇق گۆردە پاقلانىدەك بىر

ئوغۇل بالىنى ئېمىتىۋاتقان. بوۋاي قەمبەر بايتال بالىنى ئې-
مىتىپ بولۇپ ئۆزى كەلگەن تەرەپكە قايتىپ كەتكەندىن كې-
يىن ئوچۇق گۆرگە كېلىپ قارىسا، پاقلاندەك بىر ئوغۇل بالا
ياتقان، پېشانىسى نۇرلۇق، ئۆزى خەتنە قىلىنغان، تىرناقلىرى
ئېلىنغان، بوۋاي قەمبەر بالىنى بۇ هالدا كۆرۈپ هەيران بولدى.

بوۋاي قەمبەر ئەتراپىغا قاراپ ئۇ يەردە گۆر قېزىۋاتقان گۆركەشلەرنى كۆردى. ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەي گۆركەشلەر، بۇ كىمنىڭ گۆرى؟ بۇ يەردە كىم ياتقان؟ — دەپ سورىدى. گۆركەشلەر:

— بۇ گۆر پادىشاھىمىز ئەهمەدخاننىڭ سىڭلىسى زۇلپەر ئايىمنىڭ. بۇ يەردە شۇ كىشى ياتقان ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

بوۋاي گۆركەشلەرگە:

— سىلەردىن بىرىڭلار بېرىپ ئەهمەدخاننى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىڭلار ! — دېدى. گۆركەشلەردىن بىرى ئەهمەدخان-نى باشلاپ كەلدى. ئەهمەدخان كېلىپ بالىنى كۆرۈپ خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن هەيران بولدى. بوۋاي قەمبەر ۋەلى ئەهمەدخانغا:

— بۇ گۆر سىزنىڭ سىڭلىڭىزنىڭ ئىكەن. بۇ بالا شۇ گۆردە تۇغۇلۇپتۇ، ئەمدى سىز بۇنىڭغا نېمىدەپ ئات قويماق-چى؟ ! — دەپ سورىدى.

ئەهمەدخان:

— تەقسىر، بۇ بالىغا ئۆزلىرى بىر ئات قويۇپ بەرسىلە ! — دېدى.

بوۋاي قەمبەر:

— بۇ ئوغۇل گۆردە تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئىسمى گۆر ئوغلى بولسۇن ! — دەپ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان قىچقىرىپ، چەپ قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتتى. بوۋاي قەمبەر ئالا بايتالنى شۇ بالا ئەمسۇن ! دەپ بەردى.



ئەھمەدخان ئادەملىرىگە ئاتنى يېتىلەتتى. بالىنى يۆگەككە ئوراپ كۆتۈرتتى. شەھەرگە كىرىپ ئاھالىگە قىرىق كېچە-كۈندۈز خۇدايى نەزىر قىلىپ بەردى.

گۆر ئوغلى خان ئوردىسىدا ئالا بايتالنى ئېمىپ چوڭ بولدى. تۆت ياشقا كىرگەندە ئەھمەدخان ئۇنى مەكتەپكە بەردى. ئۇ، مەكتەپتە يەتتە ياشقىچە ياخشى ئوقۇدى. شۇ كۈنلەردە ئەھمەدخان شىكارغا تەييارلاندى، مېڭىش ئالدىدا ئۇ خوتۇنى ئەزىم كۆز ئايىمغا:

— گۆر ئوغلىغا ياخشى قارىغىن! ئۇنى كۆزۈڭنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسرا. نىمە دېسە شۇنى قىلىپ بەر! — دەپ تاپىلىدى.

ئەھمەدخان گۆر ئوغلىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا ھېرىسلىق بىلەن قارايتتى. ئەزىم كۆز ئايىم ئېرىگە:

— ئەمرىڭىزنى جېنىم بىلەن ئىجرا قىلىمەن. مەندىن

خاتىرجەم بولۇڭ ! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەھمەدخان خوتۇنىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئايخان، كۈنخان، بۇلبۇلخان، چىمگىسخان، ئەسەنخان قاتارلىق تاجدارلار بىلەن شىكارغا ئاتلاندى.

ئەمدى سۆزنى شاختار شاھتىن ئاڭلايلى: جەيھۇن شەھىرىدە شاختار دەپ بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ توقسان مىڭ لەشكىرى بار ئىدى، ئۆزى زالىم ۋە رەھىمسىز ئىدى. ئۇنىڭ جەڭگە ئۆگىتىلگەن ئوتتۇز مىڭ نار تۆگىسى بار ئىدى. خارتۇمغا① قىلىچ باغلىغان ئوتتۇز مىڭ پىلى بار ئىدى، ئۇنىڭ جەڭ ئەسۋابلىرى ناھايىتى خىل ئىدى. ئۇنىڭ دانىيات ئىسىملىك بىر پالۋىنى بار ئىدى، شاختار شاھنىڭ پۈتۈن لەشكىرىگە شۇ باشلىق ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ شەھەرنىڭ رەستىسىگە چىقتى. ئۇ بۇ يەرگە بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يېقىن كېلىپ ئۇ يەردە قەغەزگە سىزىلغان بىر سۈرەتنى كۆردى. بۇ سۈرەت بىر ئايالنىڭ سۈرىتى ئىدى. شۇ ئەتراپتا بۇ سۈرەتنى كۆرگۈچىلەرنىڭ خېلى كۆپى ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغانىدى. دانىيات كېلىپ:

— بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ ! — دەپ سورىدى.

بۇ سۈرەتنى كۆرسىتىۋاتقان كىشى بۇرۇن ئەھمەدخاننىڭ ئالدىدا خىزمەت قىلاتتى. بۇ سۈرەت ئەھمەدخاننىڭ خوتۇنى ئەزىم كۆز ئايىمنىڭ ئىدى، سۈرەتنىڭ ئىگىسى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— بۇ سۈرەتتىكى ئايال ئەھمەد شاھىمىنىڭ خوتۇنى. ئىسمى ئەزىم كۆز ئايىم ! — دەپ تەرىپلىدى.

---

① خارتوم — پىلنىڭ تومشۇقى.

دانىياتمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، كېيىن ئۇ: «مەن ھا-ياتلا بولىدىكەنمەن، ئەھمەدخاننىڭ خوتۇننى ئېلىپ قاچىمەن ! » دەپ قەسەمياد قىلدى.

جەيھۇن بىلەن چەمبىلنىڭ ئارىلىقى خېلى يىراق ئىدى. دانىيات ئەھمەدخاننىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك شىكارغا چىقىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ بۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، لەيلى قىر ئاتلىق تۇلپارنى مىنىپ يولغا چىقتى. بۇ تۇلپار بىر كۈندە بىر ئايلىق يولنى باساتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئاجايىپ چىرايلىق، كېلىشكەن، چىپار ئىدى. ئۇنىڭ قەددى دىۋىنىڭ سۈرىتىگە، سىنى مالائىكىنىڭ كۆرۈنۈشىگە ئوخشايتتى، يالى بويىنىنى يېپىپ يەرگە چۈشكەن، تۆيىقى پەلەكنى كۆزلىگەن شۇنداق بىر ئات ئىدى. دانىيات شۇ ئات بىلەن يەتتە كۈندە ئۆزىنى ئەھمەدخاننىڭ شەھىرىدە كۆردى. دانىياتنىڭ بېشى بۇتتەك، قولى چىنارنىڭ شاخلىرىدەك ئىدى، ئۇ قولىغا نەيزىنى تۇتۇپ، بېشىغا تىللا قالقاننى كىيىپ، ھەيۋەت بىلەن ئېتىنى يېتىلەپ شەھەرگە كىردى.

گۆر ئوغلى ئۆزى ئېمىپ چوڭ بولغان ئالا بايتالنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كۆزى دانىياتقا چۈشتى. ئۇ دەرھاللا:

— سەن نېمىسەن؟ ئادەممۇ ياكى دىۋە، ياكى جىنمۇسەن؟ ! بۇنداق ھەيۋە بىلەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.

دانىيات:

— مەن ئادەممەن، بۇ شەھەرگە تاماشا ئۈچۈن كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى.

گۆر ئوغلى ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا، قولۇمدىكى بۇ ئالا بايتالغا سېنىڭ قو-

لۆڭدىكى بۇ چىپار ئايغىرنى چاپتۇرۇۋالسام قانداق؟ ئەگەر سەن بۇ ئىشنى ماقۇل كۆرسەڭ، مەنمۇ سېنى دۇنيادىن بىھا-جەت قىلاتتىم، — دېدى.

دانىيات:

— ئەي بالا، مېنىڭمۇ دۇنياغا ھاجىتىم يوق. مېنىڭ بىر ئىشىم بار، سەن شۇنى قىلىپ بەرسەڭ، ئاتنى چاپتۇرۇۋالساڭ مەيلى! — دېدى.

گۆر ئوغلى:

— قانداق ئىش ئۇ مەن قىلىپ بېرىدىغان؟ — دەپ سورىدى.

دانىيات:

— ماڭا ئەھمەدخاننىڭ خوتۇنى ئەزىم كۆز ئايىم توققۇز قەۋەت كىيىم - كېچەككە پۈركىنىپ چىقىپ ئۆز قولى بىلەن بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق تۇتۇپ بەرسۇن، مانا شۇ ئىشقا ئۇنى ماقۇل قىلالىساڭ، مەنمۇ ئېتىمنى ئېتىڭغا چاپتۇرۇۋېلىشىڭغا قوشۇلىمەن. باشقا تەلىپىم يوق! — دېدى.

گۆر ئوغلى بۇ چاغدا ئاران يەتتە ياشتا ئىدى، ئۇ بۇنىڭ يامان غەرىزىنى تېخى سەزمەيتتى. يۈگۈرۈپ كىرىپ ھامما ئا-چىسى ئەزىم كۆز ئايىمغا:

— ئاچا! بۇ شەھەرگە بىر پالۋان كەپتۇ، ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ چېكىلىكى تىزىدىن ئېشىپتۇ، يالى يەرگە تېگىپتۇ. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق چىرايلىق ئاتنى كۆرگەن ئەمەسمەن، ئۇ ئاتنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ قالدىم، «ئالا باي-تالغا چاپتۇرۇۋالاي!» دېسەم، ئۇ ئاتنىڭ ئىگىسى ھېلىقى پالۋان «سىزنى توققۇز قەۋەت كىيىمگە يۆگىنىپ چىقىپ، ماڭا بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق تۇتۇپ بەرسۇن؛ سەنمۇ ئېتىمنى ئېتىڭغا چاپتۇرۇۋال!» دەيدۇ، سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟! — دەپ سورىدى.

ئەزىم كۆز ئايىم:

— بالام گۆر ئوغلى، سەن بۇ رايىڭدىن قايت! — دې-دى. گۆر ئوغلى ئۇنىمىدى.

ئەزىم كۆز ئايىمغا يالۋۇرۇپ يىلىندى.

ئەزىم كۆز ئايىم گۆر ئوغلىنىڭ يالۋۇرۇشىغا چىدىماي:

— ئەي گۆر ئوغلى بالام، سەن ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ! ئۇنىڭ نىيىتى يامان، ئۇ بۇ يەرگە سۇ ئىچ-كىلى ئەمەس، بىزگە زىيانكەشلىك قىلغىلى كەلگەن. ئۇ، ئەھمەدخاننىڭ شىكارغا چىقىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغان، بۇ پۇرسەتنى ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ پەيتى، دەپ ھېسابلىغان. بىزگە ئۇنىڭدىن زادى ياخشىلىق كەل-مەيدۇ! — دېدى.

گۆر ئوغلى:

— يېنىڭىزدا مەندەك بالىڭىز تۇرغاندا، ئۇنىڭ سىزگە زىيان يەتكۈزۈشكە چامى يەتمەيدۇ! — دەپ يىلىندى. ئەزىم كۆز ئايىم ئىلاجسىز ماقۇل بولدى. گۆر ئوغلى سىرتقا چىقىپ دانىياتقا:

— ئاتتىن چۈش! — دېدى.

دانىيات ئاتتىن چۈشتى. گۆر ئوغلى «لەيلى قىر» دېگەن بۇ چىپار ئاتنى بايتىلغا چاپتۇردى. كېيىن دانىيات ئېتىغا مىنىپ ئوردىنىڭ پەنجىرىسىگە كەلدى. ئەھمەدخاننىڭ خوتۇنى ئەزىم كۆز ئايىم توققۇز قات لىباسقا پۈركىنىپ بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق ئېلىپ پەنجىرىگە چىقتى، سۇنى دانىياتقا سۇندى.

دانىيات ئەزىم كۆز ئايىمنى سۇ بىلەن قوشۇپ تۆت سەر پاختىنى كۆتۈرگەندەك يۇلۇۋېلىپ تۇلپارنىڭ ئالدىغا ئالدى.

— چۇ، جانىۋار! — دەپ شامالدەك شەھەردىن چىقىپ كەتتى.



گۆر ئوغلى:

ـــ ۋاي ئاچا ! ـــ دەپ قالدى. كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتەلمىدى. گۆر ئوغلى:

ـــ ئاھ ئاچام ! ـــ دەپ سۇ ۋە ناندىن قالدى. قىزىلگۈلدەك چىرايى سامانىدەك سارغايدى. بۇ ئىشلار ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەھمەدخان پادىشاھلار بىلەن شىكاردىن قايتىپ كەلدى. ئوردىسىغا كىرىپ تەختكە چىقتى. گۆر ئوغلىنى غەملىك كۆرۈپ:

ـــ ئەي بالام گۆر ئوغلى، ساڭا كىمدىن نېمە ئەلەم يەتتى؟ قىزىلگۈلدەك چىرايىڭ سامانىدەك سارغىيىپتۇ؟ ـــ دەپ سورىدى.

گۆر ئوغلى تاغىسىنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا ئۇ:

ـــ ئەي تاغا، ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن ! ـــ دەپ يەرگە

قارىدى.

ئەھمەدخان:

— ئەي ئوغلۇم، ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۇم، قورقما ! — دېدى.

گۆر ئوغلى:

— سىزنىڭ جاندىن ئەزىز كۆرىدىغان مېھرىبان ئاغىچىڭىز، مېنىڭ ھاماچام ئەزىم كۆز ئايىمنى شاختار شاھنىڭ دانىيات دېگەن پالۋىنىغا ئولجا قىلىپ تارتتۇرۇپ قويغىنىمغا خىجىل بولۇپ، شۇنداق سارغايدىم ! — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى تولۇق بايان قىلدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەھمەدخاننىڭ تاقىتى تاق بولدى، غەزىپى ئۆرلىدى. بۇنى گۆر ئوغلىمۇ سەزدى، لېكىن ئەھمەدخان گۆر ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— ئەي بالام گۆر ئوغلى، بۇ ئىشقا خىجىل بولما ! مېنىڭ بېشىم ئامان، ئۆزۈم ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئەزىم كۆز ئايىمدەك خوتۇندىن يەنە نەچچىنى ئالىمەن ! — دېدى. گۆر ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ خاپا بولۇپ دىلىنىڭ چىگىلگىنىنى بىلدى - دە:

— يېشىم كىچىك، ئۆزۈم تېخى بالا. ئون ياش ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق ياشقا كىرگىنىمدە، ئات ئۇستىدە ئولتۇرغۇدەك بولغىنىمدا خوتۇنۇڭ ئەزىم كۆز ئايىمنى مەن ئۇ ئەبلەخنىڭ قولىدىن تارتىپ كەلمەيدىغان بولسام گۆر ئوغلى دېگەن ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن ! — دەپ ئەھدە قىلدى.

گۆر ئوغلىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەھمەدخان:

— ئەي بالام گۆر ئوغلى ! مېنىڭ ئايخان، كۈنخان، بۇلبۇلخان، چىڭگىسخان، ئەسەنخاندەك ھەربىرى مىڭ كىشىگە تەڭ كەلگۈدەك باھادىر تاجدار پالۋانلىرىم تۇرۇپمۇ مەن جەي-

ھۇن شەھىرىنىڭ ئۈستىگە ئات سېلىپ بارالىغان، ھالا بۇ- گۇنكى كۈندە يېشىم ئەللىككە يېتىپتۇ. مەن قورقۇپ بارال- مىغان يەرگە سەن كىچىك بالا تۇرۇپ قورقماستىن بېرىشقا قەسەم قىلدىڭغۇ؟ بۇ ئاجايىپ بىر ئىشقۇ ! — دەپ سورىدى.

گۆر ئوغلى جاۋاب بەرمىدى، ئەمما قەسىمىدىنمۇ يانمى- دى. ئارىدىن بىرمەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئالا بايتال « لەيلى قىر»غا ئوخشاش بىر تۇلپار تۇغدى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى، ھەتتا چىپارىنىڭ خاللىرىمۇ دانىياتنىڭ ئېتىغا ئوخشاش ئى- دى. گۆر ئوغلى خۇشال بولۇپ بۇ ئاتنىڭ بوغۇزىغا كۆك كىشمىش بەردى، « زېرەك بولسۇن !» دەپ ئادەم سۈتىدە ئې- غىزلاندۇردى. ئۇسسۇزلۇقىغا تۆگىنىڭ سۈتىنى بەردى، « بويى ئېگىز بولسۇن !» دەپ قۇلان ئەمدۈردى، « تاغدىن ئىرغىپ ئۆتسۇن !» دەپ كېيىك سۈتىنى بەردى. شۇ تەرىقىدە ئۇنى راسا بىر يىل باقتى. گۆر ئوغلى ئۇنى مىنسە كۆتۈرىدىغان بولدى.

گۆر ئوغلى ئون بىر ياشقا كىرگەندە، بۇ «لەيلى قىر» تۇلپارنىڭ ئۈستىگە ئېگەر سېلىپ مىنىپ سىرتقا چىقىپ تە- رەپ - تەرەپنى تاماشا قىلدى، ئەمىر ۋە ئاكابىرلار بىلەن ئات مەشقى قىلدى، ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئادەمگە ئېتىپ تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنى چېنىقتۇردى، ئۈچ پاتمان چويۈندا يۇمىلاق ئۈچ ئوق قۇيدۇرۇپ، ئۇنى بىر - بىرىگە تەگكۈزمەي ئاسمانغا ئېتىپ ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ توپبازلىق، نەيزىۋازلىق مەشقلىرىدە، يەردە بولسۇن ياكى ئاتتا بولسۇن ھەممىنى يې- ڭىپ چىقتى.

چەمبىلدە بولسۇن ياكى ئالىملىقتا بولسۇن، ئۇنىڭغا بۇ ئىشلاردا ھېچكىم يېتەلمىدى. تەرىپى ئەتراپقا تارقالدى. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىمۇ شۇنداق بىر ئات بولدىكى، ئۇنىڭ قەددى دىۋە

سۆرىتىگە، سىرتى مالائىك قىياپىتىگە ئوخشايتتى. بوينى ئە-رەب يېزىقىدىكى « د» (دال) ھەرپىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كۆ-زى يەتتە پەلەكنى كۆزلەيتتى.

گۆر ئوغلى بىر كۈنى:

— ئەي ھۆرمەتلىك ئەھمەدخان تاغا، مەن يەتتە ياش ۋاقتىمدا شەرت قىلغانىدىم. ئەمدى شۇ شەرتىمنى ئادا قىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. مەن شۇ شەرتىمنى ئادا قىلسام، تۇلپار ئېتىم « لەيلى قىر»نى توققۇز يەردىن ئېيىل تارتىپ توقۇپ بەرسە، ئۇنىڭ قۇشقۇنىنىڭ تۆپىسىگە بىر ئالتۇن قوببە قويۇپ زىننەتلەپ بەرسە، — دېدى.

گۆر ئوغلىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئەھمەدخان:

— بالام گۆر ئوغلى، ئۇنداق نەچچە ئاغىچىدىن كېچىدە-مەن، سەندىن كەچمەيمەن. سەن بۇ پەيلىڭدىن ياي ! — دېدى.

گۆر ئوغلى:

— سىز ماڭا پاتىھە بەرسىڭىزمۇ بارىمەن، بەرمىسىڭىزمۇ بارىمەن. مەن قىلغان شەرتىمنى ئادا قىلىشىم لازىم ! — دەپ تىكىلىپ تۇردى. بۇ ئارىدا ئەھمەدخاننىڭ ئات باقارلىرى گۆر ئوغلىنىڭ تۇلپارىنى دېگەندەك توقۇپ تەييارلىغانىدى. بۇنى كۆرگەن بەزىبىر بەگلەر، ئەمىرلەر: « بېشى چوڭ، سۆزى چوڭ بۇ گۆر ئوغلى گەپنى يوغان قىلغان بىلەن يولغا چىقال-مايدۇ» دەپ كۈلۈپ مەسخىرە قىلىشتى. ئەمىر گۆر ئوغلى ئەھمەدخاننىڭ ئالدىدىن چىقىپ بېشىغا تىللا قالپاق كىيدى، قولىغا ئۆتكۈر نەيزە ئالدى. يەنە بىر قولىغا ئالماس قىلىچ ئالدى. ئېتىغا مىنىپ « تەۋەككۇل» دەپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. كۆرگەنلەر ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشىپ قالدى.

ئەھمەدخان ۋە چوڭ - كىچىك بەگلەر « ئاھ ! گۆر ئوغ-لى ! » دېيىشىپ ھەسرەت چېكىپ قالدى. ئەھمەدخان « ئاھ !

بالام گۆر ئوغلى !» دەپ بىر تەكىينى قوْچاقلاپ يىقىلدى.
گۆر ئوغلى شەھەردىن چىقىپ: «ئەي شاختارنىڭ شەھە-رى، سەن قەيەردە؟! ئەي دانىيات دېگەن پالۋان، سەن نەدە؟ ! » دەپ يولغا راۋان بولدى.
گۆر ئوغلى كېتىپ بېرىپ يالغوْزلوْقىدىن موْڭلىنىپ خوْداغا يېلىنىپ يىغلىدى. ئوْسسىسا يامغوْر سوْيىنى ئىچتى، قورسىقى ئاچسا ئوتنىڭ يىلتىزلىرىنى كولاپ يېدى. شوْنداق يول يوْروْپ، تەجەن دەرياسى بويىغا يەتتى. ئوْ، بوْروْن « تەجەن دەرياسىنىڭ ئوْستىدىن ئوْچار قاناتلىقلار ئوْچوْپ ئۆتەرمىش، قالغان نەرسە ئۆتەلمەسمىش، سوْيى بەك ئوْلوْغ ئىمىش !» دەپ ئاڭلىغانىدى. ئوْ دەريانىڭ قىرغىقىغا باردى. تەجەن دەرياسىنىڭ سوْيىنىڭ ئۆيدەك يوغان تاشلارنى بىر – بىرىگە سوقوْشتوْروْپ ئېقىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئاتتىن چوْشوْپ تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقوْدى. دەريادىن ساق – سالامەت ئۆتۈۋېلىشنى تىلەپ خوْداغا سىغىنىپ دوْئالار قىلدى. كېيىن مىنىپ كەلگەن توْلپارى «لەيلى قىر»غا نەسىھەت قىلىپ بوْ نەزمنى ئوقوْدى:

سەنسەن مېنىڭ قاناتىم،
ئاستىمغا مىنگەن ئاتىم.
مەن ھەققە تاپشوْرمىشىم،
ئۆز غەيرەتلىك جان ئاتىم.

ساڭا كىشمىش بەرگەنمەن،
يىلىكلىرى تولسوْن دەپ.
كوْچ – قوْۋۋەتكە ئېرىشىپ،
ئېتىگە ئەت قونسوْن دەپ.

ئادەم سۈتى بەرگەنمەن،
كۆپ ئەقىللىق بولسۇن دەپ.
كېيىك سۈتى بەرگەنمەن،
تاغدىن ـ تاغقا ئۇچسۇن دەپ.

قۇلان سۈتى بەرگەنمەن،
بويى ئېگىز بولسۇن دەپ.
تۆگە سۈتى بەرگەنمەن،
تەۋەززۇلۇق بولسۇن دەپ.

بۇ يەردىن ئۆتەر بولدۇم،
سەندىن ئايرىلسام، سولدۇم.
ئامان بولغىن ئۆتكۈچە،
دەريادىن ئۆتەر بولدۇم.

سەن مېنىڭ تازا باغىم،
مىنسەم تارقىلار داغىم.
قىل، ئۆتكۈنچە ئېھتىيات،
ئەۋۋەل ـ ئاخىر ياراغىم.

ئۆزۈڭنى ھەرگىز بىلدۈرمە،
بىرەر جاندار كەلتۈرمە.
كۆزۈڭنى ئاچ، غاپىل بولما،
دۈشمەنلەرنى كۈلدۈرمە.

ھېچ جانۋار بىلمىسۇن،
ساڭا غەپلەت كەلمىسۇن.

بۇ دەريانىڭ سۈيىگە،
قول - ئايىغىڭ تەگمىسۇن.

ئەي جانىۋار، ئىشىت بۇنى،
بىزلەرگە مەھشەر كۈنى.
دال بوينۇڭدىن ئايلىناي،
شوراپ باق قېنى بۇنى.

دەپ، گۆر ئوغلى ساقلاپ كەلگەن بىر پارچە ناۋات بىلەن بىر پارچە سېرىق ياغنى تۇلپارنىڭ ئاغزىغا سالدى.

تۇلپار گۆر ئوغلىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرياغا قاراپ كىشنەپ تۇرۇپ كۆزىگە ئىككى تامچە ياش ئالدى. قۇلىقىنى يوپۇردى. قېشىنى قەلەم، قۇيرۇقىنى ئەلەم قىلدى. تۆت ئايىغىنى بىر يەرگە جەملىدى. تۇيىقىنى تاقىلدىتىپ يەرگە ئۇرۇپ



تۇرۇپ شۇنداق بىر ئىرغىدىكى، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن شا-مالدەك ئۇچۇپ دەريانىڭ ئۇ چېتىگە چۈشتى.

گۆر ئوغلى دەريادىن ساق - سالامەت ئۆتكىنىنى كۆرۈپ تەڭرىگە ھەمدۇسانالار ئوقۇدى. تۇلپاردىن چۈشۈپ، ئىككى رە-كەت شۈكرانە ناماز ئوقۇدى. بۇ ئىشلاردىن كېيىن يەنە تۇل-پارغا مىنىپ، شاختار شاھىنىڭ شەھىرىگە قاراپ راۋان بول-دى. نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، جەيھۇن شەھىرىگە يېقىن كەلدى ۋە شەھەرنى ئايلىنىپ كۆردى.

بۇ شەھەر شۇنداق چوڭ ئىدىكى، ئەتىگەندە بىر دەرۋازى-دىن كىرگەن ئادەم ناماز شام بىلەن قىزىيىدىغان بازىرىغا باراتتى.

گۆر ئوغلى شەھەرنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، شەھەرگە كىرىش-تىن بۇرۇن خۇدايىتائالاغا مۇناجات قىلدى. ئۆتكەن ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالارنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىسمىڭدىن ئۆرگۈلەي ياراتقان ئاللا،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا !
گۆر ئوغلى دەر: « مېنى قىلمىغىن رەسۋا»،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا !

غېرىبمەن بۇ يەرگە، ماڭا يوق ئەسرار،
مۇساپىرمەن سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟
ئېتىڭدىن ئايلىناي ياراتقان جەببار،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا !

كۆڭلۈمدە يوقتۇر زەررىچە قارا،
گۇناھكارلارغا ئىرۇرسەن پۇشتىپاناھ.

تەسەددۇق نامىڭغا، ياروسۇلىللا،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

ئۈمىدىم بار ھەقتىن تاڭلا شاپائەت،
ھەممە يىغىلغاندا بولۇر قىيامەت،
خۇدانىڭ دوستى، ياروسۇل ئەھمەد،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا !

بۇ چۆللەردە مېنى قىلمىغىن ھەيران،
كۆڭلۈم گىرياندۇر، باغرىم ھەم بىريان،
ئەبۇبەكرى سىددىق، ئۆمەر ۋە ئوسمان،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

ئۈمىد ئەيلەر سەندىن بارچە مۇسۇلمان،
قولۇم تۇتقىن بۇ دەم ۋەقتىم پەرىشان،
مەردلەرنىڭ پىرى يا شاھىمەردان،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

ئۈشبۇ چۆل ئىچرە كۆردۈم لالىزار،
لالىزار ئىچرە مەنمۇ بىقارار،
ھەقىقىي دوستۇم دېگەي چاھاريار،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

خۇدايا، نەپس ئۈچۈن سالمىغىن ۋەسۋاس،
يەزىدىلەرگە ئۇرسام شەمشىرى ئالماس،
مەريەم ھەم غىياس، يا خىزىر ئىلياس،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

ئۈمىد بىلەن دەردىنى ئېيتىپ يۈكۈندۈم،
تەرەھھۇم ۋاقتى دەپ يادەك پۈكۈلدۈم،
قىرىق چىلتەن، ئون ئىككى ئىمام سېغىندىم،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا.

گۆر ئوغلى دەر، كۆككە يەتتى پىغانلار،
دۇئادىن كۆرەيىن ئەمدى نىشانلار،
يەر يۈزىدە ياتقان ئۇلۇغ ئىنسانلار،
مەدەت بەرگىن مەندەك غېرىب قۇلۇڭغا !

گۆر ئوغلى مۇناجاتنى تۈگىتىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ناماز بامداتتىن كېيىن يولغا چىقىپ شەھەرگە يېقىن كەلدى. ئۇ شەھەرنىڭ ھەربىر دەرۋازىسىنى ئاتمىش يەزىدى باقار ئىدى. گۆر ئوغلى دەرۋازىغا يېقىن كەلدى. سېپىل ئۈستىدىكى يەزىدىلەر گۆر ئوغلىنى كۆردى. قارىسا، ئۇ كېلىشكەن بىر يىگىت. سودىگەر دەي دېسە ئارقىسىدا يۈكى يوق، شاھزادە دەي دېسە ئارقىسىدا لەشكەرلىرى يوق، يولۇچى



دەي دېسە بېشىدا ئالتۇن تاجى بار. بۇلار شۇ ئەھۋالدا تۇر-غاندا، گۆر ئوغلى ئوڭ قولىغا نەيزىسىنى، سول قولىغا قى-لىچىنى ئېلىپ ئېتىنى ئوينىتىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئۇ شۇنداق بىر مەزگىل يۈرگەندى، ئالدىغا بىر ئېرىق ئۇچ-رىدى. ئېرىقنى ياقىلاپ بېرىپ بىر چارباغنى كۆردى. ئۇنىڭ تاملىرىنىڭ ھەممىسى قىزىل ئالتۇندىن ئىدى. ئېرىقتىكى سۇ سۇڭگۈچتىن شۇ چارباغقا كىرىپ كەتتى. گۆر ئوغلى تۇلپارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باغقا قارىدى. ئۇ باغ ئىچىدىكى بىر تەختتە ئەزىم كۆز ئايىمنى بىر كىچىك بالىنى تۇتۇپ ئوينىتىپ ئولتۇرغان ھالدا كۆردى.

گۆر ئوغلى ئەزىم كۆز ئايىمنىڭ كېتىپ قالغىنىغا تۆت يىل بولغانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى بالا يەزىدى ئې-رى دانىياتتىن بولغان بالا ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇنىڭ قېشىدا يەتتە ياشلىق يەنە بىر قىز بالىمۇ بار ئىدى. بۇ قىز دانىيات دېگەننىڭ بۈرۈنقى خوتۇنىدىن بولغان بالا ئىدى.

گۆر ئوغلىنىڭ غەيرىتى جۇش ئۇردى، « چۇھ ! ... جا-نىۋار ! » دەپ ئېتىنى دېۋىتكەنىدى، ئات تامدىن ئۇچقاندەك سەكرەپ ئۆتۈپ باغنىڭ ئىچىگە چۈشتى.

ئەزىم كۆز ئايىم گۆر ئوغلىنى كۆرۈپ تونۇدى:

— ئەي ئوغلۇم، سېنى كۆرىدىغان كۈن بار ئىكەن ! — دەپ يىغلىدى.

گۆر ئوغلى:

— ئەي ئاچا، بۇ يىغلايدىغان ۋاقىت ئەمەس ! تۇر ئور-نۇڭدىن، مەن سېنى بۇ يەردىن ئەكەتكىلى كەلدىم ! — دېدى.

ئەزىم كۆز ئايىم:

— مەن ئەھمەدخاننىڭ قولىدىن ئاجراپ كەتكىلى ئۇچ يىل ئۆتۈپ تۆت يىلغا قەدەم باستى، ئەمدى ئۇ مېنى قانداق

كۆڭلى كۆتۈرۈپ قوبۇل قىلىدۇ؟ ! ـــ دېدى.

ئەزىم كۆز ئايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان گۆر ئوغلى:

ـــ سەن قىزىلباشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتتىڭمۇ؟ ! ـــ دېدى غەزەپ بىلەن.

ئەزىم كۆز ئايىم يىغلاپ تۇرۇپ:

ـــ مەن ئاجىزمەن، سەن ماڭا مۇنداق تەنە تىغىنى سالغۇچە قولۇڭدىكى ئالماس قىلىچ بىلەن بىرىنىلا ئۇر، ۋاپاسىز دۇنيادىن كېتەي ! ۋابالى ئۆزۈمگە ! ـــ دېدى.

گۆر ئوغلىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. غەزىپىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى يەتتە ياشلىق قىزنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ «چۇھ ! ... جانىۋار ! » دەپ ئېتىنى دېۋىتتى، ئات ئىرغىپ چارباغدىن سىرتقا چىقتى.

ئەزىم كۆز ئايىم ئۆز سايىسىدىن ئۈركۈپ:

ـــ ئەي دانىيات، سېنىڭ جاندىن ئەزىز قىزىڭنى گۆر ئوغلى كېلىپ مەندىن تارتىپ ئەكەتتى ! ـــ دەپ ۋارقىرىدى.

دانىيات بۇ چاغدا ھويلىدىكى تەختتە دۇنيادىن بىغەم خىيال سۈرۈپ ياتاتتى. ئۇ ئەزىم كۆز ئايىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇردى، يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

ـــ ناغرا - كاناي، سۇناي تارتىڭلار ! ـــ دەپ ئەمر قىلدى. ئازغىنا ۋاقىت ئىچىدە قىرىق مىڭ يەزىدىنى تەييارلاپ بۇ قوشۇنغا ئۆزى باش بولۇپ « لەيلى قىر» ئېتىنى مىنىپ گۆر ئوغلىنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئۇ يولدا گۆر ئوغلىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىگەندىن كېيىن، ئۆز - ئۆزىگە: « مەن ئۇنى ھېچ يەردە تۇتالمىسام تەجەن دەرياسىنىڭ بويىدا تۇتىمەن» دەپ شىددەت بىلەن يۈردى.

بۇ قوشۇنلار گۆر ئوغلىنى ئىزمۇئىز قوغلاپ تەجەن دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە يېتىشتى. دانىيات گۆر ئوغلىنىڭ



ئارقىسىدىن:

— ئىگىسىز مال يوق، تىكەنسىز يول. سەن گۆر ئوغلى دېگەن ئوغرى، كىشىنىڭ يۇرتىغا كېلىپ تىنىچ كەتمەي بالامنى ئېلىپ قېچىپسەن ! — دەپ ھاقارەت بىلەن ۋارقىرىدى. گۆر ئوغلى ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ تۇرۇپ، مەغرۇرلۇق بىلەن:

— ئەي دانىيات دېگەن ئوغرى، مەن جوۋان بېرىپ، قىز ئېلىپ قاچتىم. ھەممە يەزىدىلەر كۆچۈڭ يەتسە مەندىنمۇ قىزىڭنى تارتىۋال ! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەرزىم يەتسۇن پەلەككە،
غەلۋە چۈشسۇن مەلەككە.
مەن بۇ ياندىن، سەن ئۇ ياندىن،
كەلگىن ئەرلەر يەككە - يەككە.

چىققان يېرىڭ غارلار،
مىنگەنلىرىڭ تۇلپارلار،
جاندىن كەچكەن تەلەپكارلار،
كەلگىن ئەرلەر يەككە ـ يەككە.

ئۈستىگە قۇرغان چېدىرلار،
ئالدىڭدا باردۇر ئېدىرلار،
ئىنئام ئالغان باتۇرلار،
كەلگىن قېنى يەككە ـ يەككە.

ئۆزىنى مەنمەن دېگەنلەر،
شاختار نېنىنى يېگەنلەر،
تۆمۈر ساۋۇت كىيگەنلەر،
كەلگىن قېنى يەككە ـ يەككە.

نام تالىشىپ ئالغانلار،
بىر ـ بىرىگە ئۆپكە قىلغانلار،
يۈگۈرۈك ئاتلار مىنگەنلەر،
كەلگىن بەگلەر يەككە ـ يەككە.

ئۇرۇش قىلىڭ كېچە ـ كۈندۈز،
تاماشانى كۆرسۇن يۇلتۇز،
سىزلەر كۆپ، مەن بىر يالغۇز،
كەل، باتۇرلار يەككە ـ يەككە.

تاماشانى كۆرسۇن بەگ ـ خان،
بۇندا ئاقسۇن قىپقىزىل قان،

تاغۇ تاشقا كۆچسۇن تۇمان،
كەلگىن ئەرلەر يەككە ـ يەككە.

سىزلەر كۆپسىز، رەستە ـ رەستە،
بۇ ئۇرۇشتا مەن بىر يەككە،
مەن بىر غېرىب دىل شىكەستە،
كەلگىن بەگلەر يەككە ـ يەككە.

خۇدا كىمگە بېرەدۇر؟
كىم مەيداندا ئۆلەدۇر؟
كىمنى كىملەر سۇرەدۇر؟
كەلگىن بەگلەر يەككە ـ يەككە.

كاتتا سەپلەر كاتتا تۇرسۇن،
تۇغ ـ بايراقنى يەرگە قويسۇن،
تاماشانى شۇندا كۆرسۇن،
كەلگىن بەگلەر يەككە ـ يەككە.

گۆر ئوغلى بەگ ھەقنى دەرلەر،
مەيدان ئارا ئىگرار شىرلەر،
جاندىن كەچكەن باتۇر ئەرلەر،
كەلگىن قېنى يەككە ـ يەككە.

قىزىلباشلار گۆر ئوغلىنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ دەرھال مەسلىھەت قىلىشتى. ئاخىر ھەممىسى: « بۇنىڭ ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ بارساق، بۇ ھېچبىرىمىزنى ئامان قويمايدىغاندەك تۇ-رىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ھەممە تەرەپتىن بىردەك ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرىغا ئېلىپ قورشاپ تۇتايلى !» دېيىشتى. دانىيات باش بولۇپ، تۆت تەرەپتىن گۆر ئوغلىغا قاراپ ئات قويدى. گۆر

ئوغلىمۇ دۈشمەنلىرى قايسى تەرەپتىن ئاۋۋال كەلسە شۇنىڭغا تىغ سېلىپ، قويدەك سورۇپ، بۆرىدەك قوغلاپ «ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ قاتتىق جەڭ قىلدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ بىردەممۇ ئارام ئالماي، بىر كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشتى. لەۋلىرى قورۇدى، پەيلىرى كىرىشتى. بىرنى ئۆلتۈرسە ئۇنىڭغا ئونى تاشلىناتتى. يەزىدىلەردىن تىرىك قۇتۇلۇشقا ئۇنىڭ كۆزى يەتمىدى، ھېرىپ ـ چاڭقاپ، تۇلپارىنىڭ بېشىنى قايتۇردى. تەجەن دەرياسى تەرىپىگە قارىتىپ ئېتىنى قويۇپ بەردى. تۇلپارى تەجەن دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يەتكەندە، گۆر ئوغلى تەڭرىگە سىغىنىپ ئېتىنى «چۇھ ... جانىۋار ! » دەپ دېۋىتكەندى، تۇلپار تۆت ئايىغىنى بىر يەرگە جۈپلەپ بىرلا ئىرغىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە قۇشتەك كېلىپ چۈشتى. گۆر ئوغلى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ساق ـ سالامەت ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ تەڭرىگە شۈكۈر قىلدى.



دانىياتمۇ ئۆزىنىڭ تۇلپارىغا ئىشىنىپ دەرياغا قارىتىپ چاپتۇرغانىدى، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ چۈشتى، سۇغا چۆكۈپ دەريادا غەرق بولدى.

گۆر ئوغلى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ بېشىنى چەم-بىلگە قارىتىپ قويۇۋەتتى.

ئەمدى سۆزنى ئەھمەدخاندىن ئاڭلايلى:

ئەھمەدخان گۆر ئوغلى كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دەردى پىراقىدا يىغلاپ كۆزلىرى قىزاردى. «قايسى تەرەپتىن ۋە قاچان كېلىدىكىن؟ !» دەپ قاراپ تەلمۈرۈپ هاردى. ئاخىر ئۇ ئۈچ يۈز قۇرئەندازنى يىغىپ ئۇلارغا پال سالدۇردى. قۇر-ئەندازلار ئەھمەدخانغا:

— يالغۇز كەتكەن گۆر ئوغلى يەتتە ياشلىق بىر قىزنى ئاتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىلگە تېگىپ، قىزىل قان-نىڭ ئىچىدە كېلىۋاتىدۇ ! — دەپ خەۋەر قىلىشتى.

ئەھمەدخان:

— ۋاي، بالام گۆر ئوغلى كەپتۇ. قېنى هەممىڭلار ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار ! — دەپ ئەمر قىلدى. ئۆزىمۇ قېشىدىكى شاهزادە ۋە ئەمىرلەرنى، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان بارلىق شەھەر ئاهالىسىنى جاكار بىلەن يىغدۇرۇپ بىللە ئې-لىپ، ئەمىر گۆر ئوغلى كېلىدىغان تەرەپكە ئالدىغا چىقىش-تى. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گۆر ئوغلى يەتتە ياشلىق بىر قىزنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۇرۇپ يېتىپ كەلدى.

گۆر ئوغلى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن-دە، ئەھمەدخان باشلىق هەممە چوڭ - كىچىك ئېتىدىن چۈشۈپ:

— هارماڭ، تۆرەم ! — دەپ، ئۇنى غەلىبىسى بىلەن مۇ-

بارەكلىدى.

ئەھمەدخان گۆر ئوغلى ئۈچۈن بىر ساراي بىنا قىلدۇ-رۇپ، ئۇنىڭ مېھمانخانىلىرىنى تىللا بىلەن زىننەتلەپ، ئىچى-نى قەندىل ۋە شامدان، پانۇسلار بىلەن يورۇتۇپ، زىلچا-گىلەم بىلەن ياساپ قويغانىدى.

گۆر ئوغلىنى شۇ مېھمانخانىغا باشلاپ ئەكىردى. گۆر ئوغلى بىرنەچچە كۈن ئۇ يەردە ئارام ئالغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ چەمبىلنى سەيلە ۋە تاماشا قىلدى. شۇ كۈن-لەرنىڭ بىرىدە بىر كېچىسى تۈن يېرىمىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا تۆكلۈكتىن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ:

— ئورنۇڭدىن تۇر ! ئەي گۆر ئوغلى ! — دېگەن سادانى ئاڭلىدى. گۆر ئوغلى ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزىگە شۇ يەردە خىزىر ئەلەيھىسسالام، قىرىق چىلتەن، ئون ئىككى ئى-مام كۆرۈندى. ئۇلار گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى. ئۆينى ئىپار - زەپەر پۇرىقى قاپلىغاند-دى. ئۇلار گۆر ئوغلىنىڭ دولىسىنى ئېچىپ، يەتتە يېرىگە بىر - بىرلەپ مۆھرىنى باستى، كېيىن ئۇلار:

— ئەي گۆر ئوغلى، سېنىڭ ئاللادىن نېمە تەلىپىڭ بار؟ بولسا دېگىن، تارتىنما ! — دېدى.

گۆر ئوغلى:

— ئەي پىرى بۇزرۇكۋارلار، مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمدىن تارتىپ مۇشۇ شەھەرگە پادىشاھ بولۇپ ئۆتكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن ھېچقانداق ياخشى نام ۋە نىشان قالمىدى. ئۆلگەن ھامان ئۇلار ئۇنتۇلدى. مېنىڭ ئۈچ تەلىپىم بار: بىرىنچى، داڭقىم ئەتراپ - ئەتراپقا تارقالسا، شۆھرىتىم ئالەمگە يې-يىلسا؛ ئىككىنچى، ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسا؛ ئۈچىنچى، دۇنيادا ماڭا كۈچ جەھەتتىن ھېچ نەرسە باراۋەر كەلمىسە، — دېدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدايىتائالادىن ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى تىلىدى. ئۇنىڭغا خۇدايىتائالا بىر يۈز يىگىرمە يىللىق ئۆمۈر ئاتا قىلدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەلەپلىرىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى يەتكۈزدى.

— ھەر ۋاقىت بېشىڭغا بىرەر مۇشكۇل ئىش كەلسە، شۇ ھامان بىزنى قىچقارساڭ بىز قېشىڭغا ھازىر بولىمىز ! — دەپ دۇئا قىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. گۆر ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت شۇكرانە ناماز ئۆتىدى. ئەتىسى تۇرۇپ تاغىسى ئەھمەدخاننىڭ ئالدىغا كىردى.

— ئەي تاغا، ئەمدى ماڭا پاتىھە بېرىڭ. مەن ئىسپاھان تەرەپلىرىگە بېرىپ جەڭ قىلىپ، قىلىچۋازلىق قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ كېلەي ! — دېدى.

ئەھمەدخان:

— ماڭا سېنىڭسىز ياخشىلىق يوق ! — دەپ ئۇنىمىدى.

گۆر ئوغلى قايتىپ چىقىپ تۇلپارىنى ئېگەرلىدى، يەتتە يەردىن ئېيىل تارتتى. قۇشقۇنىنىڭ ئۇستىگە بىر ئالتۇن قۇببىنى قويدى. ئوڭ قولىغا نەيزە، چەپ قولىغا ئالماس قىلىچىنى ئالدى. بېشىغا تىللا قالپاقنى كىيدى. چەمبىلدىن ئىسپاھانغا قاراپ يولغا چىقتى. چەمبىل بىلەن ئىسپاھاننىڭ ئارىلىقى خېلى ئۇزۇن ماڭىدىغان يول ئىدى. گۆر ئوغلى كېتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدى ۋە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

بىزگە قايدا ئەل ئەمدى،
رەھمە قىلغىن سەن ئەمدى.
مىڭ بىر ئىسمىڭ ھۆرمىتى،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

تاغام يىغلار ماھۇ سال،
بەندەم دىسەڭ قولۇم ئال،
يا قادىرى زۇلجالال،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

ئەيلىگىن بىزگە رەھمەت،
نىسىپ ئەتكىن شاپائەت،
پەيغەمبەر روسۇل ئەھمەد،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

ساڭا بولدۇم تەلەپكار،
قىلغىن مىنى سەۋەبكار،
دوستۇم دىگەي چاھاريار،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

شەمئى ئىمامى ئەئزەم،
ئۈممەتلەرگە مۇسەللەم.
بىشىم سىلاپ مىنىڭ ھەم،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

قولۇمدا شەمشەر ئالماس،
ئەمدى يۈرمىسەم بولماس،
يا پىرىم خىزىر ئىلياس،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

مەدەت تىلەر غىرىب تەن،
نەپسى ھاۋاغا يىقىن مەن،

قولۇم تۇت قىرىق چىلتەن،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

كۆڭلۈمدە يوقتۇر ئارام،
كۆتۈردۈم مەن باتۇر نام،
ياپىرىم ئون ئىككى ئىمام،
مەدەت بەرگىن سەن ئەمدى.

ئەلقىسسە، گۆر ئوغلى بۇ مۇناجاتنى تۈگىتىپ «لەيلى قىر» تۇلپارىغا مىندى. ئىسپاھانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ تۇلپارى شامالدەك غۇيۇلداپ ماڭدى، دەشت ـ چۆللەرنى كەزدى، يەتتە كۈندە ئىسپاھان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئىسپاھانمۇ ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىدى. بۇ دەرۋازىدىن كىرگەن ئادەم ئۇ دەرۋازىغا يەتكۈچە ساق بىر كۈن يول ماڭاتتى.
شەھەر دەرۋازىسىنى باقىدىغانلار بىر ياش يىگىتنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ يىگىت ئولارنىڭ كۆزىگە يولۋاس بىلەكلىك، قاپلان يۈرەكلىك، رۇستەم سۇپەتلىك، ئاي يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، كېيىك كۆزلۈك، سەراتان يۈلتۈزلۈق، سەنۇبەر بويلۇق، زەرەپشان مويلۇق، پەرىشتە خۇيلۇق، ياش بالىدەك كوكۇلىلىق، تىللا تاجلىق بولۇپ كۆرۈندى.
ئۇنىڭ قولىدا نەيزە، تېگىدە «لەيلى قىر» تۇلپارى بار ئىدى. كۆرۈنۈشىدىن يىگىرمە ـ يىگىرمە بىر ياشتەك ئىدى. دەرۋازىۋەنلەر ئۇنى تاماشا قىلىشىپ تۇرغاندا، ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. دەرۋازىۋەنلەر ئۆمرىدە ئۇنداق يىگىتنى كۆرمىگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.
گۆر ئوغلى شۇ تەقلىدتە ئەتىگەندە رىگىستانغا كىرىپ

باردى. ئۇ ھېچكىمگە سىرىنى ئېيتماي، بۇ شەھەرنى بىرنەچ-چە كۈن ئايلاندى ۋە تاماشا قىلدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئون ئىككى ياشلاردا بىر يىگىت بىرمۇنچە كىشىلىرى بىلەن سەيلە ۋاقتىدا چىقىپ كەلدى.

گۆر ئوغلى:

— بۇ كىمنىڭ ئوغلى؟ ! — دەپ سورىدى. بىر يىگىت ئۇنىڭغا:

— سىز سورىماڭ، ئېھتىيات قىلىڭ، تىلىڭىز كۆيىدۇ، تىكىلىپ قارىماڭ، كۆزىڭىز ئويۇلىدۇ. ئىسپاھان شەھىرىنىڭ خالدارخان ئىسىملىك پالۋىنى بار. ئۇ ئىسپاھاندىكى ھەممە پالۋانلارنىڭ چوڭى ۋە كۈچلۈكى. بۇ بالىنىڭ ئىسمى ھەسەن-خان بولۇپ ئەنە شۇ خالدارخان دېگەننىڭ ئوغلى ! — دەپ چۈشەندۈردى.

گۆر ئوغلى:

— ئەي ياخشى يىگىت، رەھمەت ساڭا. مەن نەچچە كۈن-دىن بېرى مۇشۇنداق بىر ئىش تاپالماي يۈرگەنىدىم ! — دەپ كېلىپ ھەسەنخاننى تۆت سەر پاختىنى كۆتۈرگەندەك يۇلۇپ تۇلپارنىڭ ئالدىغا ئالدى «چۇھ... جانىۋار !» دەپ « لەيلى قىر»نى قويۇپ بەردى. ئات شەھەر كوچىلىرىدىن غۇيۇلداپ چىقىپ كەتتى. يەتتە كۈندە چەمبىلنىڭ سەھراسىغا چىقتى.

ئەمدى سۆز ئىشتەك كىرەك كۆھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى ئاغا يۇنۇس پەرىدىن:

ئاغا يۇنۇس پەرى كۆھىقاپ پادشاھىنىڭ قىزى ئىدى. ئۇنىڭدىن يەتتە قات كۆھىقاپتىكى دىۋە - پەرىلەرنىڭ ھەم-مىسى قورقاتتى، دادىسىمۇ، ئۆزىمۇ بۇلارغا ھۆكۈمران ئىدى. بىر كۈنى مانا شۇ ئاغا يۇنۇس پەرى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بەختى ئىقبالىنى سىناپ رەم سالدى،

ئۇ: بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خۇدا ماڭا دۆلەت، بەخت - تەلەي ئاتا قىلامدۇ ياكى دۆلىتىم قولۇمدىن كېتىپ ئۆزۈمنى ئەس باسامدۇ؟ دېگەن ئويدا ئىدى.

رەمدە ئۇ يىگىرمە بىر ياشلىق بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ ئون ئىككى ياشلىق بىر بالىنى ئېتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرگەن هالدا كېتىپ باراتتى. بېشىدا ئالتۇن تاج، قولىدا نەيزە ۋە قىلىچ بار ئىدى. پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئون ئىككى ياشلىق ئوغۇلمۇ شۇنداق نۇرانە ۋە شۇنداق چىرايلىق ئىدى. ئاغا يۇنۇس پەرى ئۆزىنىڭ بەختى ئىقبالىنى گۆر ئوغ-لىدا كۆردى.

ئاغا يۇنۇس پەرى گۆر ئوغلىنىڭ قەددى - قامىتىنى بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۆزىنى يوقىتىپ ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

ئۇ دەرهال كۇھىقاپنىڭ دىۋە - پەرىلىرىنى يىغدى.

— ئەي دىۋىلەر ۋە پەرىلەر، مەن رەم سالغانىدىم، بىر سەهرادا بىر يىگىتنى كۆردۈم. ئۇ يىگىت ئون ئىككى ياشلىق بىر بالىنى چوقۇر ئېتىنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈۋاپتۇ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىن نۇر ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، مەن شۇ يىگىتنى بىر كۆ-رۈش بىلەنلا ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولدۇم، ئىختىيارىم قو-لۇمدىن كەتتى. ئەمدى مەن بېرىپ شۇ يىگىت بىلەن نى-كاهلانماقچىمەن ! — دېدى.

ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ قۇززات دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغى-سى بار ئىدى، ئۇ:

— ئەي مېهرىبان سىڭلىم ئاغا يۇنۇس پەرى، سەن بۇ پەيلىڭدىن يان ! ئادەمزات دېگەن ئاران ئەللىك - ئاتمىش ياش ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئاندىن ئۆلىدۇ، بىز بولساق ئۇزۇن ئۆمۈر كۆ-رىمىز، ئەگەردە سەن ئۇنىڭ نىكاهىغا چۈشكىنىڭدە،

ئاراڭلاردا پەرزەنت بولۇپ قالسا ھەممە ئېغىرچىلىق ساڭا چۈشىدۇ، كېيىن پۇشايمانغا قالىسەن ! — دېدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى:

— ھېلىغۇ، ئۇ ئەللىك - ئاتمىش يىل ئۆمۈر كۆرىدىـ.كەن، مەن ئۇنىڭغا تېگىپ بىر كېچە ھەمراھ بولۇپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ! — دېدى.

قۇززات ئاغا يۇنۇس پەرىگە:

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە، سىڭلىم، مەسلىھەت سورىدىڭ، ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېدۇق. مەن بىر تال مويۇمنى بېـ.رەي، بېشىڭغا كۈن چۈشكۈدەك بولسا دەرھال ئوتقا سال، بىز سېنى ئىزدەپ تېپىپ ياردەم قىلىمىز ! — دەپ بىر تال موـ.يىنى بەردى.

ئاغا يۇنۇس پەرى ئۇ موينى ياقىسىغا تىكىۋالدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇن تەختىنى، چارباغلىرى، چېدىر - بارگاھـ.لىرىنى كۆچۈرۈپ دېۋىلەرگە كۆتۈرتۈپ چەمبىلنىڭ سەھراـ.سىغا كېلىپ توختاتتى. باغنىڭ گۆر ئوغلى كېلىۋاتقان تەـ.رەپتىكى دەرۋازىسىنى ناھايىتى ئوبدان بېزەتتى. ئەسلىدىمۇ ئۇ باغنىڭ تاملىرى كېسەك ئالتۇندىن، مېۋىلىرىنىڭ دەرەخـ.لىرى كۈمۈشتىن، يوپۇرماقلىرى زۇمرەتتىن ئىدى. مېۋىلەرمۇ ھەر خىل رەڭدە جىلۋىلىنەتتى.

بۇ باغدا يەنە ئالتۇن قەپەسلەردە شاتۇتىلار سايراپ تۇرۇـ.شاتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازى پۈتۈن باغنى قاپلىغانىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئالتۇن تەخت ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا گۆر ئوغلىغا مەخسۇس ئاتاپ يەنە بىر تەخت قويۇلغاـ.نىدى. بۇ تەختمۇ ئالتۇندىن بولۇپ، ئۇ گۆھەر ۋە ئالماسلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى، باغنىڭ بۇ دەرۋازىسىغا كېنىزەكلىرىـ.دىن قىرىقنى تاللاپ قويدى، ئۇلارغا:

— قاچانكى بۇ دەرۋازىنى بىرەرى قاقسا، « سەن كىم؟ ! » دەپ سوراڭلار، « گۆر ئوغلى ! » دېسە ئېچىپ ئالدىغا چىقىڭلار ھەم ماڭا خەۋەر قىلىڭلار، بولمىسا ئاچماڭلار ! — دەپ پەرمان بەردى.

ئەمدى سۆزنى گۆر ئوغلىدىن ئاڭلايلى:

گۆر ئوغلى ئىسپاھان چۆللىرىدىن چىقىپ، چەمبىل دەشتىگە كىردى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەسەنخان بار ئىدى، ئۇ، تۇلپار ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ ئويلىدى: « ئۇشبۇ چەكسىز باياۋاندا ماڭا ھازىر بىر ئاياق سۇ، بىر نان بولسىغۇ؟ !» دېگەن ئارزۇ بىلەن يولىنى داۋام ئەتتۈردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ دەشتتە بىر شەھەر كۆرۈندى. گۆر ئوغلى بۇنداق



شەھەرنى تېخى كۆرمىگەنىدى.

ئالتۇندىن قىلىنغان تاملىرىغا قاراپ گۆر ئوغلىنىڭ كۆزلىرى چاقنىدى. گۆر ئوغلى: « مەن بۇ يەردىن ئۆتكەندە بۇ يەردە بۇنداق ياسىداق شەھەر، زىننەتلىك باغلار يوق ئىدى. غۇ؟ ! بۇ يەردە ئاجايىپ شەھەر ۋە باغلار پەيدا بوپتۇ، ئېھتىمال مەن ئۇنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتكەن بولسام كېرەك، ئەمدى كىرىپ ئىچىنى كۆرۈپ ئۆتەي. شەھەر بولغاندىكىن ئەلۋەتتە دەرۋازىسى باردۇر» دەپ قارىدى.

ئۇنىڭ كۆزىگە تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن ئارتۇق زىننەتلەنگەن بىر دەرۋازا كۆرۈندى، ئۇ، بۇ دەرۋازىغا كېلىپ ھالقىسىنى قاقتى. دەرۋازا ئىچىدىن:

— كىمسەن؟ ! — دېگەن ئاۋاز كەلدى.

— مەن، پېقىر گۆر ئوغلى ! — دەپ جاۋاب بەردى گۆر ئوغلى.

قىرىق كېنىزەك دەرۋازىنى ئېچىپ، « ھارماڭ ! » دەپ ئالدىغا چىقتى.

گۆر ئوغلى ئۇلارنىڭ باشلامچىلىقىدا شەھەرگە كىردى، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى چېتىگە ئالتۇندىن مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلگەنىدى، ئۇنىڭ مېۋىلىرى پىشقان بولۇپ، مۇزدىن سوغۇق، ھەسەلدىن تاتلىق ۋە ياغدىن تەملىك ئىدى. گۆر ئوغلى بۇ مېۋىلەردىن يەپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردى. ئۇ يەردىن يۈرۈپ بىر جۈپ ئالتۇن تەختنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ بىرىدە بىر پەرىزات ياتاتتى. بىرمۇنچە كېنىزەكلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى.

ئۇ پەرىزات گۆر ئوغلىنى كۆرۈپ ئەپچىللىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ھارماڭ، تۆرەم ! — دەپ گۆر ئوغلىنىڭ قولىدىن

ھەسەنخاننى ئالدى، دەرھال يېنىدىكى تەختكە تەكلىپ قىلدى. گۆر ئوغلى تەختكە چىقىپ، چىرايلىق سىلىنغان قاتمۇقات تۆشەكلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن خىلمۇخىل تائاملارنى ئەكېلىپ قويدى. گۆر ئوغلىنى تائام يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. گۆر ئوغلى:

— ئەي مەلىكەم، ئۆزىڭىز كىم؟ — دەپ سورىدى. ئۇ مەلىكە:

— مېنىڭ كىملىكىمنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ كونىلار ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، يەنى ئالدى بىلەن تائام يە، ئاندىن سۆزلە، دەپتىكەن. تائامغا ۋە مېۋىلەرگە قول تەگكۈزۈپ بېرىڭ! — دەپ تەكلىپ قىلدى.

گۆر ئوغلى:

— مەن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلمەي تۇرۇپ تائام يېمەيمەن! — دېدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى تەۋەززۇ بىلەن تۇرۇپ:

— مەن يەتتە قات كۆھىقاپنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزى ئاغا يۇنۇس پەرىمەن! — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

گۆر ئوغلى:

— سىز نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟! — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى:

— سىز بىلەن نىكاھلىنىش ئۈچۈن كەلدىم، — دەپ گۆر ئوغلىنى پالدا كۆرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

گۆر ئوغلى:

— مەن بۇ تەرەپكە خوتۇن ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىققانىدىم. سىز بىلەن ئۇچراشتىم، مەقسە-



تىڭىزنى چۈشەندىم. بۇ سۆزىڭىز راست بولسا مەن سىزنىلا ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ بېرىپ، ئاھالىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ بېرىپ، ئۆزىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنى بىلەن نىكاھىمغا ئالاي ! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئاغا يۇنۇس پەرى گۆر ئوغلىنىڭ بۇ تەكلىپىگە كۆندى. گۆر ئوغلىمۇ تائام يېدى. كېيىن يولغا چىقىشقا تەييارلاندى. ئاغا يۇنۇس پەرى مۇلازىم ۋە كېنىزەكلىرى بىلەن چارباغ ۋە تەختىنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا ياندۇرۇۋېتىپ، ئۆزى كېلىپ گۆر ئوغلىنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى.

گۆر ئوغلى ھەسەنخاننى ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى، ئاغا يۇنۇس پەرىنى ئۇزىتىپ قويۇشقا قالغان كېنىزەكلىرىمۇ بىرلا يۇملاپ كەپتەر سۈرىتىگە كىرىپ ئۇچۇشتى. گۆر ئوغلى بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئېتىنى « چۇھ ! » دەپ دېۋىتىپ چەمبىلگە قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى سۆزنى ئەھمەدخاندىن ئاڭلايلى:

ئەھمەدخان چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئەربابلىرىنى يىغىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پال سالدۇردى، پالدا يالغۇز كەتكەن گۆر ئوغلىنىڭ تۇلپارنىڭ ئالدىغا بىر ئوغۇل بالىنى، ئارقىسىغا بىر پەرىزاتنى مىندۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى بىلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىدە پەرىزاتنىڭ كېنىزەكلىرى كەپتەر سۈرىتىدە ئۇچۇپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.

ئەھمەدخان ۋە ئۇنىڭ ئەمىرلىرى پالدىن مەلۇم بولغان بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇشتى. ئەھمەدخان:

— مېنىڭ بالام — گۆر ئوغلى قايتىپ كەپتۇ ! — دەپ بارلىق ئەمىرلىرى، سىپاھلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

گۆر ئوغلى يېتىپ كەلگەندە:

— ھارماڭ، تۆرەم ! — دەپ ھەممىسى كېلىپ كۆرۈش-تى. « يالغۇز كەتكەن گۆر ئوغلى بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر پەرىزاتنى ئەكەپتۇ» دەپ ئاۋۋال شەھەر خەلقىگە، ئاندىن كې-يىن بۇ خەۋەر پۈتۈن ئەتراپقا تارقالدى. ئۇلار شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئاغا يۇنۇس پەرىنى شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپ، گۆر ئوغلىغا نىكاھ قىلىپ قويدى.

ھەسەنخان دېگەن بالىنى گۆر ئوغلى ناھايىتى ياخشى كۆ-رەتتى. ئۇمۇ گۆر ئوغلىنى « ئاتام » دېدى. گۆر ئوغلىمۇ بۇ ئوغۇلنى « بالام » دېدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىسى ئامراق ئاتا ـ بالا بولۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن دانىياتنىڭ قىزىنىمۇ گۆر ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى. گۆر ئوغلىنىڭ كۆھقاپتىن كەلگەن ئاغا يۇ-نۇس پەرىنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان مىسقال پەرىمۇ كېنىزەكلىرى بىلەن كېلىپ گۆر ئوغلىغا چۈشتى.

بۇ تويىنى ئاڭلاپ « باغى ئېرەم »دىن گۈلنار پەرى دېگەن قىز كېلىپ گۆر ئوغلىغا ئۆزىنى نىكاھ قىلدۇردى. پەرىزات ۋە ئادەمزاتتىن بولۇپ، ئۇ ئارقا - ئارقىدىن توققۇز خوتۇن ئالدى. ئۇ خوتۇنلارنىڭ سەنئىتى گۆر ئوغلىنىڭ دۆلىتى بىلەن ياشناپ گۈللىدى.

يۇرت كاتتىلىرى، چوڭ - كىچىك ھەممىسى بۇلارنىڭ سەلتەنىتىگە « تەھسىن - ئاپىرىن » دېدى، ھەيران قالدى. ئۇلارنىڭ دۆلىتى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى، ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن يەرگە ئاۋازى، داڭقى - شۆھرىتى تارقىدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۆر ئوغلىنىڭ تاغىسى ئەھمەدخان بىر چۈش كۆردى. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشى مانا مۇنداق ئىدى: « ئۇ بىر ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدىن يىقىلدى.» ئەتىسى بۇ چۈشنى يېقىنلىرىدىن بىرىگە ئېيتتى. ئۇنىڭغا تەبىر بەرگۈچى كىشى ئۇنىڭ چۈشىنى:

— شاھلىق سەندىن باشقا كىشىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ ! — دەپ ئۆرۈدى.

ئەھمەدخان بۇ تەبىرنى ئاڭلاپ چەمبىلنىڭ چوڭ - كىچىكلىرىنى يىغدى. قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بېرىپ: «پادىشاھلىق ياتقا كەتكۈچە ساڭا قالسۇن» دەپ گۆر ئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بەردى.

« كىمنىڭ دەۋرى؟ ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ دەۋرى ! » دەپ كوچىلاردا ناغرا، كاناي - سۇناي چېلىنىپ، ئويۇن - تاماشا قىلىندى.

يىگىرمە بەش يېشىدا، ئالتۇن تاجى بېشىدا، قىرىق تاجدار ئەمىر - ئۆمەرالار يېنىدا، گۆر ئوغلى چەمبىل شەھىرىگە پادىشاھ بولدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە چەمبىل شۇنداق ئاۋات بولدىكى، ئۇنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە قەلئەلەر سېلىندى.

قەلئە سېپىللىرىنىڭ ئېگىزلىكى قىرىق غۇلاچ، كەڭلىكى يىگىرمە غۇلاچ كېلەتتى. ئىككى يۈز قۇببىلىق بىر قورغان سالدۇردى. بۇ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يىراققا قارىسا، كۆز يەتكەن يەردىكى ھەممە نەرسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «باغى ئېرەم» گە بەرگۈسىز لالىزارلىق راۋاق سالدۇردى. مانا شۇ يەردىن كىم چەمبىلنى بىر كۆرسە، يەنە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

بۇ كۈنلەردە، گۆر ئوغلى قەيەرگە لەشكەر تارتىپ بارسا، ئۇنى ئالماي قايتمايتتى. گۆر ئوغلىنىڭ يۈرۈشلىرىدە ئالماق بار، قاچماق يوق ئىدى.

گۆر ئوغلى قىزىلباشلارنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بەردىكى، قىزىلباشلار يىغىسىنى توختىتالمىغان بالىسىغا: «گۆر ئوغلى كەلدى! » دېسىلا قورقۇپ يىغىدىن توختايدىغان ھالغا كەلدى.

گۆر ئوغلى توققۇز خوتۇن ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن بالا يۈزى كۆرمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، ھەسەنخاننى جان - دىلى بىلەن:



— مېنىڭ ئىزىمنى ئۆچۈرمەيدىغان بالام! — دەپ تەربىيىلىدى.

ھەسەنخانمۇ ئۇنى ئاتام، دەپ ئۆستى. ئۇلار چەمبىلدە بەش - ئالتە يىلنى باياشات ئۆتكۈزدى. گۆر ئوغلى بۇ يەردە بىر مەيخانا سالدۇردى. ئۇ ئۆز يېنىدىكى ھەربىرى مىڭ كىشىگە ھۆكمى ئۆ-

تىدىغان كىشىلىرى بىلەن كونىدە بىر ۋاخ مەيخانىغا كىرىپ شاراب ئىچەتتى.

بىر كونى گوّر ئوغلىنىڭ مەيخانىدا ئولتورغان قىرىق مىڭ كىشىلىك يىگىتلەرنىڭ سەردارلىرىغا كوّزى چوشتى. ئو قولىغا ئالتون تارلىق ساتارىنى ئېلىپ: « ئەي يىگىتلەر، ئارزو - ئارمانىڭلار بارمو؟ ! » دېگەن مەزمۇندىكى بو نەزمىنى ئوقودى:

سوّز ئېيتورمەن بوگون ئەمدى يوز ئەلۋان،
بو دوّلەتنى بىزگە بەردى ھەق - مەۋلان،
چەمبىل بەلدە سوردىڭىزلەر كوّپ دەۋران،
ئارزو - ئارمانىڭلار بارمو، يىگىتلەر؟ !

ئورۇش بولسا شىرىن جاندىن كەچتىڭلار !
يەزىدلەرگە نەيزە، ئوقيا سالدىڭلار،
مەھبوب گوزەل قىزلارنى ھەم قوچتوڭلار،
يەنىمو ئارمانىڭلار بارمو، يىگىتلەر؟ !

غەيرىيلەرگە كىپەندىن تون پىچتىڭلار،
دوشمەنلەرنىڭ يورەك - باغرىن تەشتىڭلار،
سو ئورنىغا ئېسىل شاراب ئىچتىڭلار،
ھېلىمو ئارمانىڭلار بارمو، يىگىتلەر؟ !

كىيدىڭىزلەر زەرباپ بىلەن موۋۇتنى،
ئورۇشتا يوقلىدىم پىرىم داۋۇتنى،
مەيدان ئارا كىيدىڭىزلەر ساۋۇتنى،
ھېلىمو ئارمانىڭلار بارمو، يىگىتلەر؟ !

رۇستەم سۈپەت مەيدان ئارا تۇرۇشنى،
قىزىلباشقا قارشى قىلىپ ئۇرۇشنى،
ئوتقا سالدىڭ ساپ ئالتۇن ھەم خۇرۇشنى،
ھېلىمۇ ئارمانىڭلار بارمۇ، يىگىتلەر؟!

ئالماس قىلىچ باغلىدىڭلار بەللەرگە،
دۈشمەن قورقۇپ يولۇقمىدى ئەرلەرگە،
قىزىل قىلىچ، نەيزە بەردىم سىزلەرگە،
ھېلىمۇ ئارمانىڭلار بارمۇ، يىگىتلەر؟!

بۇ سۆزلەرنى دېگۈچى گۆر ئوغلى سۇلتان،
ھەر زامان تەڭرىمىز بولغاي مېھرىبان،
ئوتتۇرىدا دەستە گۈل بولسۇن ھەسەنخان،
ھېلىمۇ ئارمانىڭلار بارمۇ، يىگىتلەر؟!

يىگىتلەرنىڭ سەردارلىرى گۆر ئوغلىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— راست دېدىڭ، ئەي ئەمىر گۆر ئوغلى سۇلتان. بىزنىڭ ھازىر پەقەتلا بىرنەرسىدىن غېمىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ خۇنخار شاھ ئېلىدىن كېرەم قاسساپ دېگەننىڭ بىر ئوغلى بار ئىمىش. ئۇنىڭ ھۆسنى - جامالىنى كۆرگەن كىشى ئەقلىدىن ئېزىپ، ھوشىدىن كېتىپ قالغۇدەك. ئۇنىڭ ئۆزى پەرىشتە سۈپەتلىك، ھۆر خىلئەتلىك، غىلمان سۈرەتلىك، سۇلايمان شەۋكەتلىك، رۇستەمدەك ھىممەتلىك، يولۋاس يۈرەكلىك، قاپلان بىلەكلىك، ئۇرۇشقا كېرەكلىك، نۇر يۈزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، چولپان كۆزلۈك، سەراتان يۇلتۇزلۇق، ئوتتۇرا بويلۇق، زەرەپشان مويلۇق ئىمىش. ئۇنىڭ ئىسمى

ھاۋازخان ئىكەن. بىشىمىزغا ھەرقانداق ئىغىر ئىش كەلسىمۇ مەيلى، مانا شۇ ئوغۇلنى ئەكىلىپ بىزگە ئۆز ئورنۇڭدا سۇلتان قىلىپ بەرسەڭ. بىزمۇ ئۇنى «سۇلتانىمىز ! » دەپ خىزمىتىنى قىلساق، دەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىدىن غېمىمىز يوق. ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن قالسا سىنىڭ دۆلىتىڭنىڭ سايىسىدە يىمىگەننى يىدۇق، كىيمىگەننى كىيدۇق، ئىچمىگەننى ئىچتۇق. بار راھەتنىڭ ھەممىسىنى كۆردۇق ! — دېيىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە ئايخان، كۈنخان، بۇلبۇلخان، چىڭگىسخان، ھەسەنخان قاتارلىق تاجدارلارنىڭمۇ ھەممىسى قوشۇلۇپتۇ. ئۇلاردىن بىرى تاجدارلار ئارىسىدىن چىقىپ، پايىگاھقا چۈشۈپ بۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ.

قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن، چەمبىلنىڭ شاھى،
قىرىق يىگىتنىڭ بىر ئارمانى شول ئىرۇر.
سىز ئىرۇرسىز ئەلنىڭ پۇشتىپاناھى،
يىگىتلەرنىڭ بىرئارمانى شول ئىرۇر.

سىز ئۆلسىڭىز كىمنى دەيمىز: « خانزادە؟ !»
بالىسىز ئۆتتىمۇ ئۆمرۈڭ زىيادە،
بىر پەرزەنتنى خۇدا سىزدىن ئايىدى،
يىگىتلەرنىڭ بىر ئارمانى شول ئىرۇر.

تەتۈر پەلەك بىز دېگەننى قىلمىدى،
دۇنيادىن كېتەرنى بەندە بىلمىدى،
چەمبىلدە بىر مىراسخور بولمىدى،
يىگىتلەرنىڭ بىر ئارمانى شول ئىرۇر.

بەلدىن تىللا كەمىرىڭنى ئالمىدىڭ،
ئۆردەك كۆلگە شۇڭقارىڭنى سالمىدىڭ،
« پەرزەنتىم» دەپ قولغا بالا ئالمىدىڭ،
يىگىتلەرنىڭ بىر ئارمىنى شول ئىرۇر.

باقمىدىڭ « پەرزەنتىم» دەپ يۈزىگە،
سۆيمىدىڭ پېشانە ھەم كۆزىگە،
بەيگىدە كۆرسەتمىدىڭ ئەلنىڭ كۆزىگە،
يىگىتلەرنىڭ بىر ئارمانى شول ئىرۇر.

ئاڭلا ئەمدى يىگىتلەرنىڭ باۋايى،
سەن ئىرۇرسەن غېرىبلارنىڭ پاناھى،
بۇ خەۋەرنى ئېيتىلى چەمبىلنىڭ شاھى،
يىگىتلەرنىڭ بىر ئارمانى شول ئىرۇر.

ئەلقىسسە، گۆر ئوغلى سۇلتان يېنىدىكى تاجدارلاردىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ پەرزەنتسىزلىكىدىن كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ، ئالدىدىكى تاجدارلارغا قاراپ:

— ئەي تاجدار سەردارلار، ھەربىرىڭىزنىڭ مىڭدىن يىگىتلىرىڭىز بار. سىز تەرىپلىگەن ھاۋازخاننى قېنى قايسىڭىزلار لەشكەر تارتىپ بېرىپ بۇ يەرگە ئەكېلىسىزلەر؟ ئەگەر ھاۋازخاننى بۇ يەرگە كىم ئەكەلسە، مەن شۇ كىشىگە سۇلتانلىقىمنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن، قاتاردىكى نارىمىنى، خەزىنىدىكى بارىمنى بېرىمەن. مۇشۇ ئولتۇرغان قىرىق تاجدار ئىچىدە قېنى بىر ئەزىمەت يىگىت بارمۇ؟ — دەپ ئەمىر گۆر ئوغلى قولىغا بىر ئاياق شارابنى ئېلىپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بىر جىنىدىن كەچكۈدەك،
يۈرەك ـ باغرىن تەشكۈدەك.
بىر ئەزىمەت بارمىدۇر؟
شول شارابنى ئىچكۈدەك !

دەريا بولۇپ تاشقۇدەك،
ھاۋازنى ئېلىپ قاچقۇدەك.
بىر ئەزىمەت ئەر بارمۇ؟
لەۋدىن شاراب چاچقۇدەك.

سۆزنى قوبۇل قىلغۇدەك،
ئىشنى بەجا قىلغۇدەك.
قېنى بارمۇ بىر يىگىت،
شۇ شارابنى ئىچكۈدەك؟

كۆرسەم ھاۋاز يۈزىنى،
ئىشىتسەم شېرىن سۆزىنى.
ھەركىم ئېلىپ كەلتۈرسە،
بېرەي تىلەك سۆزىنى.

خىزمىتىگە نار بېرەي،
بولسا مەندە بار بېرەي.
كىم ھاۋازنى كەلتۈرسە،
ئۇنى مەن دوست ـ يار بىلەي.

كىم ئاچسا بۇ دىلىمنى،
بېرەي چەمبىل بېلىمنى.

شارابىمنى ئىچىڭلار !
بىرەي ياۋمەت ئىلمىنى.

بىرەي بارلىق بەھرىمنى،
پىدا ئەيلەر نەھرىمنى.
بەگ ھاۋازنى كەلتۇرسە،
بىرەي چەمبىل شەھرىمنى.

شاھ دەر ئەسلىي زاتىمنى،
بۇزما كۆڭۈل شادىمنى.
ھاۋازخان كەلسە بۇندا،
بىرەي تۇلپار ئاتىمنى.

گۆر ئوغلى دەر زارۇ زار،
خۇدايىمدا ئىختىيار.
شۇ شارابنى ئىچكۇدەك،
بارمۇ بىرەر تەلەپكار؟ !

گۆر ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قىرىق مىڭ يىگىت ئىچىدىن بىرى: « بۇ خىزمەت مەندىن، شارابنى ماڭا بىرىڭ، مەن ئىچەي» دەپ ئوتتۇرىغا چىقمىدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان قولىدىكى شارابنى ئۈچ مەرتەم يۇقىرى كۆتۇردى. يەر ۋە ئاسماندىن ئەكس سادا چىقتى، ئەمما يىگىتلەردىن سادا چىقمىدى. چۈنكى، خۇنخار شاھ ناھايىتى زالىم ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى. يىگىتلەر ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقتى.

گۆر ئوغلى سۇلتان شارابنى تۆت مەرتەم كۆتۈرگەندە، يولۋاس بىلەكلىك، ئارسلان يۇرەكلىك، رۇستەم سۇپەتلىك، ئىشقا كىرەكلىك، ھۆر يۇزلۇك، شىرىن سۆزلۈك، قارا كۆز-



لۈك، سەراتان يۈلتۈزلۈق، ئوتتۇرا بويلۇق، سۇمبۇل مويلۇق، پەرىشتە خۇيلۇق، تىللا تاجلىق يىگىتلەرگە باش بولغۇچى باتۇر ئاتلىق ئون ئالتە ياشلىق ھەسەنخان دەس ئورنىدىن تۇردى، ئۇ خىجالەتكە پاتقانىدى:

— ئاتا، ئاياقنى ماڭا بېرىڭ ! — دەپ گۆر ئوغلىنىڭ قولىدىن شارابنى ئېلىپ ئىچتى. كېيىن ئۇ، مەردانىلىك بىلەن ئاتىسى گۆر ئوغلىغا قاراپ:

— پاتمە بېرىڭ ! — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

سىزگە ئىدىم ئىنتىزار،
دۇئا قىلىڭ، بولۇڭ يار.
بەگ ھاۋازغا مەن باراي،
ئەمدى بولدۇم تەلەپكار.

دۆلىتىڭدۇر زىيادە،
دۇشمەنلىرىڭ پىيادە.

خۇنخار شاھقا مەن باراي،
يادى ئەيلەڭ دۇئادا.

چىقاي ئەمدى يوللارغا،
تولدى يۈرەك غەملەرگە.
غايىبانە دۇئا قىپ،
تاپشۇر مېنى پىرلەرگە.

ئىنىم يوقتۇر يا ئاكا،
چىقتىم ئۇزاق دالاغا.
پاتىھە بېرىڭ، جان ئاتا،
تاپشۇرۇڭ مېنى خۇداغا.

بىلمەم ئىشلىرىم خامە،
كىچىك ئاتامدىن نامە.
دۇئا بىلەن تاپشۇرغىن،
شۇ ئون ئىككى ئىمامە.

ياد ئەيلىدىم ئىمامنى،
ئەبۇبەكرى ۋەلىنى.
ئۆمەر، ئوسمان تىلىمدا،
بەرسۇن غېرىب يولىنى.

سۆز ئېيتىدۇر ھەسەنخان،
بىزگە خۇدا مېھرىبان.
يالغۇز تەلەپ ئەيلىدىم،
پاتىھە بېرىڭ، ئاتا جان.

ئەلقىسسە، گۆر ئوغلى سۇلتان ئوغلى ھەسەنخاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەرلىكىگە قايىل بولدى. ئۇن ئالتە يېشىدا كۆرسەتكەن جاسارىتىگە، تەلەپكارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە:

— ئەي پەرزەنتىم، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى، بېلىقنىڭ تىرىكلىكى سۇ بىلەن بولغىنىدەك، مېنىڭمۇ تىرىكلىكىم سەن بىلەن؛ سەن ئۇزاق يوللارغا مەندىن ئايرىلىپ يالغۇز بارالمايسەن، مەنمۇ سەندىن ئايرىلىپ بۇ يەرلەردە قالالمايمەن! — دېدى.

ھەسەنخان:

— ئەي قەدىرلىك ئاتا، مېنىڭ تەلىپىمنى يەردە قويماڭ! — دەپ يېلىندى.

گۆر ئوغلى:

— ئۇ خۇنخارنىڭ ئېلىنىڭ سانى يوق. ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ قىرىق مىڭ سەردار ئىچىدە يىگىرمە مىڭنى ئايرىپ ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارغىن! — دەپ ئۇنىڭغا يىگىرمە مىڭ يىگىتنى ھەمراھ قىلىپ قوشتى. ئۇ، يىگىتلەرگە قاراپ:

— ئەي يىگىتلەر، مەن سىلەرنى ھەسەنخانغا قوشتۇم. ئۇ نېمە دېسە سىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل دەڭلار. ئۇنى كىچىك كۆرۈپ مەسخىرە قىلماڭلار! — دەپ نەسىھەت قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كىردى ھاۋاز يولىغا،
بەتبەخت تېغى چۆلىگە.
بويسۇنۇڭلار، يىگىتلەر،
ھەسەنخاننىڭ سۆزىگە.

پەرزەنتىمنىڭ يۈزىگە،
شەك چۈشۈرمەڭ سۆزىگە.
نېمە دېسە قىلىڭلار،
ياش ئالمىسۇن كۆزىگە.

سارغايتماڭلار يۈزىنى،
«پەرمان!» بىلىڭ سۆزىنى.
ئۇنتۇماڭلار، يىگىتلەر،
گۆر ئوغلىنىڭ تۇزىنى.

بەخۋاشلىقنى قىلماڭلار،
مەسخىرە قىپ كۈلمەڭلەر.
سەردار بولدى ھەسەنخان،
خاپا قىلىپ يۈرمەڭلەر.

دۆلىتى بار بېشىدا،
ئۇ ئون ئالتە يېشىدا.
خىزمىتىنى قىلىڭلار،
ھەسەنخاننىڭ قېشىدا.

سەردار قىلدىم سىزلەرگە،
تاپشۇردۇم مەن پىرلەرگە.
گۆر ئوغلى دەر: قۇلاق سال،
ئۇشبۇ ئېيتقان سۆزلەرگە.

گۆر ئوغلى سۇلتان يىگىرمە مىڭ يىگىتكە يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ، ھەسەنخاننى سەردار قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ يەردىلا ھەسەنخاننىڭ بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىد-

دى. كەمىرىگە ئالتۇن ساپلىق قىلىچ ئاستى. ئۈستىگە توققۇز قات شاھانە كىيىم كىيدۈردى. بېشىغا تىللا تاج سوۋغات قىلدى. خانلار يوسۇنىدا بايراق ياساپ تەقدىم قىلدى. ھەسەنخاننىڭ بېشىدىكى تاجغا شاھلىق بەلگىسىنى تاقىدى. ئۇنىڭغا شۇنداق سەلتەنەتلىك زىننەت بەردىكى، كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆلتىدىن ئۇركۇپ يېنىغا كېلەلمەس ئىدى. دوستلار خۇشال، دۈشمەنلەر ئوسال بولۇشتى. گۆر ئوغلى بەگ ئۇنىڭ ئالتۇن بويىغا ياراشقان تون ـ سەرپايلىرىغا « باركاللا ! » ئوقۇدى. « ھەسەنخان قوزام » دەپ تەرىپلەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

غورۇلايدەك ئىككى كۆزۈڭ خۇمارلىق،
بوينۇڭغا ئاس، تىل تەگمىسۇن، تۇمارلىق.
توققۇز قەۋەت تونلار ساڭا مۇناسىپ،
ھەق سالمىسۇن ئارىمىزغا جۇدالىق.

قەدەم قويدۇڭ، بالام، مۇشكۇل بىر ئىشقا،
ئارتقا سۇرمە، سەل قارىما، ھەر ئىشقا.
كىيگەن تونۇڭ ساڭا بەكمۇ مۇناسىپ،
قايىل بولدۇم، بېلىڭدىكى قىلىچقا.

قامىتىڭگە قىز ـ جۇۋانلار قارىشۇر،
ھەسرىتىڭدە چاچلىرىنى تارىشۇر.
« ئادەمزات شۇنداق گۈزەل بولامدۇ؟ !»...
دەپ ھۆسنۈڭنى چىرايلىقلار تالىشۇر.

دۈشمەنلىرىڭ قارشى چىقماس يولۇڭغا،
نەيزە ئالساڭ مۇبادا سەن قولۇڭغا.
« باركاللا !» دېدىم سېنىڭ يولۇڭغا،
بەلۋېغىڭمۇ خوپ ياراشقان تونۇڭغا.

تا تىرىكسەن، دۈشمەن كەلمەس قېشىڭغا،
كۆن رەشك ئەيلەر ئۇن ئالتە يېشىڭغا.
نېمە كىيسەڭ ساڭا بەكمۇ يارىشۇر،
ئۇبدان كەلدى تىللا تاجى بېشىڭغا.

بېشىمغا بۇ ھىجران ماتەمنى سالدى،
ئەقىل ۋە ھوشۇم بىر چەتتە قالدى.
قىيامەتتە يوقتۇر مېنىڭ ئارمىنىم،
نۇرلىنىپ تۇرساڭ ئاتاڭ ئالدىدا.

« يۈرىكىم داغلاندى !» دەيدۇ گۆر ئوغلى،
بىلمەيمەن يولۇمنى ئەگرى ۋە توغرى.
پەرىشتىمۇ، غىلمانمۇ سەن بىلمەيمەن،
بارىكاللا، گۆر ئوغلىنىڭ بەگ ئوغلى.

گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، ھەسەنخان ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇردى. يېڭىۋاشتىن ئاتىسىدىن پاتىھە تىلىدى. گۆر ئوغلى ھەسەنخاننى پىرلەرگە تاپشۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قولاق سالغىن دۇئاغا،
جېنىم ساڭا ساداغا.
مىڭ ئايلىناي، پەرزەنتىم،
بار، تاپشۇردۇم خۇداغا.

غەنىيمەتتۇر كېڭىشىڭ،
سەپەر چىرمىدى بېشىڭ.

ھەق روسۇلغا تاپشۇردۇم،
خىزىر بولسۇن يولدىشىڭ.

تەلەپكارىم، قوزامسەن،
كۆرەر ئىككى كۆزۈمسەن.
جىلاۋىڭدا بولسۇنلار،
خىزىر ئىلياس ھەم چىلتەن.

مەن يولۇڭغا ئىنتىزار،
خۇدا بولسۇن ساڭا يار.
شۇ ئون ئىككى ئىماملار،
پىرلەر بولسۇن مەدەتكار.

خان ئەيلىدىڭ ئۆزۈڭنى،
ئاڭلا ئەمدى سۆزۈمنى.
تېزرەك كېلىپ كۆرسەتكىن،
گۆر ئوغلىغا يۈزۈڭنى.

گۆر ئوغلى دەر زار ـ زار،
مەدەت بەرسۇن چاھاريار.
تا كۆرگۈنچە مەن سېنى،
يوللىرىڭغا ئىنتىزار.

ئەلقىسسە، ھەسەنخان ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تاقىتى قالمىدى. ئۆزىنى ئاتىسى گۆر ئوغلىنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ۋەيران كۆڭلۈم جۇش ئۇردى،
ھىجران كۈنى، خوش ئەمدى.



خۇنخار ئېلىگە ماڭدىم مەن،
ئاتام ساڭا خوش ئەمدى.

كىملەر كېلۇر قېشىمغا،
كىملەر باقۇر يېشىمغا.
تەلەپ قىلدىم ھاۋازنى،
نېلەر چۈشەر بېشىمغا.

ئاق قۇش ئۇچار كۆللەردە،
قىلغۇم سەپەر چۆللەردە.
غېرىب ئاتا، دۇئا قىل،
ھاللار نېچۈك يوللاردا.

سەپەر ئەجەب ئالامەت،
ئاندىن ئارتۇق قىيامەت.
نېسىپ قىلسا كېلەرمەن،
خۇدا قىلسا سالامەت.

ھەسەنخان دەر سۆزىنى،
لايىق كۆردى ئۆزىنى.
خۇدا بەرسە كۆرەرسىز،
بەگ ھاۋازنىڭ يۈزىنى.

ھەسەنخان سۆزىنى تۈگىتىپ، قىلىچىنى بېلىگە باغلىدى. ئۆزىنى ئات ئۈستىگە ئالدى. يىگىرمە مىڭ يىگىت بىلەن ئاتىسى گۆر ئوغلى سۇلتانغا قاراپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يىگىتلەر بارى نار بولۇپ،
كېيىن قالغانغا ئار بولۇپ.
لەشكەر تارتىپ يۈردى بەگلەر،
ھەسەنخان سەردار بولۇپ.

ئەدەپ سۆزىنى سۆزلەپ،
يۈرەر يولىنى كۆزلەپ.
يىگىتلەر يۈردى سەپ ـ سەپ،
خۇنخار شەھرىنى ئىزدەپ.

ئارغىماق ئېتىنى خىللاپ،
تىللا قالقانىنى قىرلاپ.
يىگىتلەر يۈردى سەپ ـ سەپ،
قىلىچ ـ نەيزىنى سىرلاپ.

قىزىل يوللۇق نەيزىلەر،
ئېسىۋېلىپ بەزىلەر.
دۈشمەنىنىڭ بېشىغا،
سالدى كۆپلەپ لەرزىلەر.

يولغا چۈشتى بويتاقلار،
ئاستىدىن بەدرى ئويناقلار.
ئالتۇن ھالقا قولىدا،
تىللا توندۇر ھەر ياقلار.

ئۈستىدە قىزىل موۋۇتلار،
كىيگىنى ئالتۇن ساۋۇتلار.
ئات چاپقاندا يۈگۈرەر،
تاغلار ئېشىپ «ئەلھەزەر!»

دەپ گۆر ئوغلى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چۈشتى. ئۇلار بىر-نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن بەتبەخت چۆلگە يېتىپ كەلدى. يولدا كېتىپ بېرىپ ھەسەنخان بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

زورلۇق قىلىپ ئات جېنىغا،
قامچا ئۇرۇپ سېنىغا.
بەتبەخت چۆل ۋەيران بولدى،
يىگىتلەر ئايىغىدا.

ئات چېپىشىپ دۆڭ ـ پەستە،
يۈردى ھەر يان بەس ـ بەستە.
ئوردا بولدى ئۇلارغا،
چۆل ـ جەزىرە بىرپەستە.

كىيگىنى گۈل، گۈلياندى،
ئارغىماق سۇغا قاندى.
لەشكەر يۈرۈپ كېچە ـ كۈندۈز،
خۇنخارغا قاراپ ماڭدى.

كېچىدە ساناپ يۇلتۇز،
گاھى توپ، گاھى يالغۇز.
يول يۈردى شۇ رەۋىشتە،
ئون بەش كېچە ھەم كۈندۈز.

كېزىشتى دەشت ـ چۆللىنى،
كۆرۈشۈپ چۆلدە يوللىنى.
قىرىق بەش كۈن يۈرۈپ يول،
كۆردى بەتبەخت چۆلىنى.

بۇلبۇل كەتتى بېغىغا،
يول بەرمەي تاغ زېغىغا.
ئەينى نامازشام چېغىدا،
باردى بەتبەخت تېغىغا.

ئەلقىسسە: ھەسەنخان يىگىرمە مىڭ يىگىت بىلەن يول يۈرۈپ، بەتبەخت تېغىنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى، ئاشۇ بەت-بەخت تېغىنىڭ نېرىقى ئېتىكى خۇنخارنىڭ شەھىرى گۈرۈ-جىستان ئىدى، شەھەرنىڭ يىگىرمە دەرۋازىسى بار ئىدى، ھەربىر دەرۋازىسىنىڭ ئارىلىقى بىر تاش كېلەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتتۇز پەرسەخ[1] كەلگۈدەك ھەر تەرەپكە كەتكەن يول

① پەرسەخ ـــ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى.

بار ئىدى. ھەر كىشى ئەتىگەندە شەھەرگە كىرسە ناماز پېشىن بىلەن بازار رەستىسىگە يېتىپ باراتتى. بۇ يەر بەتبەخت تې-غىنىڭ ئېتىكىدە ئىدى.

بۇ تاغنىڭ « بەتبەخت» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى: ھەرقاچان گۆر ئوغلى سۇلتان يۇرۇش قىلىپ بۇ يەرگە كەلسە، تاغنىڭ بېشىغا قارايتتى. تاغنىڭ بېشىدا ھاۋا ئوچۇق بولسا، ئىشى ئوڭدىن كېلىپ ئاقىۋەتلىك بولۇپ قايتاتتى. تاغ-نىڭ بېشىغا تۇمان چۈشۈپ قالغان بولسا، يىگىتلەرگە يول بولماي قىرىلىپ كېتەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ تاغ « بەت-بەخت» تېغى دەپ ئاتىلىپ قالدى.

ھەسەنخان يىگىرمە مىڭ يىگىتى بىلەن نامازشام ۋاقتىدا تاغنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلىپ ياتتى. ئۇ يەرنى زىيارەت قى-لىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئاتىمىز ھەزرىتى ئادەم،
مەدەت بېرەر كۈندۇر بۈگۈن.
ماڭا بۈگۈن بولدى ماتەم،
مەدەت بېرەر كۈندۇر بۈگۈن.

سەپەر قىلغاندۇر بارچىسى،
روھىڭىزدىن نوھ نەبى.
ياپىرىم شىش نەبى،
مەدەت بېرەر كۈندۇر بۈگۈن.

ئايلىناي ئىبراھىم خېلىل،
سىزنى ياخشى كۆرگەن جېلىل،

پەرزەنتىڭىزدۇر ئىسمائىل،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

دۈشمەنلەرگە يوقتۇر ئەدەد،
« دوستۇم» دېدى سىزنى ئەھەد.
« ئۈممىتىم» دەپ، يا مۇھەممەد،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

مەن ئۆزۈمۈ بولدۇم ھەيران،
غېرىب كۆڭلۈم بولدى ۋەيران،
ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

ئاجىزلارنىڭ سولدى گۈلى،
ئەرەنلەرگە سىز بىر ۋەلى.
يا پىرىم ھەزرىتى ئەلى،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

ھەسەنخان يىغلار بۇندا،
دىلى سۇنۇق، ئارماندا،
يا پىرىم ھەزرىتى زىندە[1]،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

دەپ يىغلاپ تۇرۇپ پىرى كامىللارغا سىغىنىپ دۇئا قىلدى، كېيىن ھەسەنخان يىگىتلىرى بىلەن بىللە ناماز بامداتنى ئو-قۇدى. ئاتلىرىغا مىنىشىپ، بەتبەخت تېغىنىڭ بېشىغا قارى-

① زىندە — تىرىك، ھايات.

دى. تاغ چوققىسىدا قىپقىزىل تۇمان كۆرۈندى. تاغنىڭ بېشى كۆك سارغۇچ تۇسكە كىرگەنىدى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، يىگىتلەرنىڭ بېلى بوشىدى. ھەسەنخان ئۇلارنىڭ بوشاشقىنىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا خاتىمە بېرىپ، نامەردلەرنىڭ شەنىگە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

باتۇر ھەسەن سىزگە سۆزلەر،
سۆز مەنىسىن بىلىڭىزلەر.
يامان ئادەم ئىش قىلغاندا،
ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىن كۆزلەر.

يامان قولغا يەتسە دۆلەت،
بارچە ئىشى بولۇر مىننەت،
كۆرگىنىدە ئۇچ - تۆت پەرزەنت،
خوتۇن چېنىپ ياشنى كۆزلەر.

ئەردۇر قابىل ھەر ئۇرۇشقا،
كىرمەك ئىستەر ھەر خۇرۇشقا،



باتۇر كىرسە گەر ئۇرۇشقا،
بەشنى سانجىپ، ئوننى كۆزلەر.

يامان باتۇرغا ھەربىر نەرسە،
كۆرۈنەر سەت، نەدە كۆرسە،
نامەرد ئادەم ياۋغا چىقسا،
قاچىدىغان يەرنى كۆزلەر.

بىر ـ بىرىگە كىرىش قىلسا،
چاتاق تاپار خۇرۇش قىلسا،
ياخشى بىلەن ئۇرۇش قىلسا،
ئاقىۋەتلىك ئىشنى كۆزلەر.

نامەردلەرگە سۆز قاتسىڭىز،
ۋە يا بىرىپ ھال ئېيتسىڭىز،
ھەزىل ـ چاقچاق قىپ كۆرسىڭىز،
ئىتتەك غىڭشىپ سىزنى كۆزلەر.

ھەسەنخان دەر ئۆزىنى بىلگەن،
ئەر خىزمەتنى ئوبدان قىلغان،
تەلەپچانلىق بىلەن يۈرگەن،
قىلىدىغان ئىشنى كۆزلەر.

ھەسەنخان بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ يىگىرمە مىڭ يىگىتنى باشلاپ تاغ بېشىغا چىقتى. يىراقتىن شەھەرنىڭ مۇنارلىرىنىڭ پەشتاقلىرى كۆرۈندى. ئۇنى سانىغانىدى، مۇنار ئالتە يۈز، پەشتاقلىرى يەتتە يۈز سەكسەن تۆت بولۇپ چىقتى. شەھەر ئىچىنى تۇمان باسقانىدى. ھىچ نەرسىنى ئايرىپ بىلگىلى

بولمايتتى. بۇنى كۆرگەن يىگىرمە مىڭ يىگىتنى ۋەھىمە باس-
تى. ئۇلار ئېتىنىڭ بېشىنى ياندۇرۇپ قايتماقچى بولدى. ھە-
سەنخان يىگىتلىرىنى مەردانىلىككە دالالەت قىلىپ بۇ نەزمىنى
ئوقۇدى:

يىراقتا قالغاندۇر چەمبىلنىڭ ئېلى،
تۇرغان يېرىمىزدۇر تاغلارنىڭ بېلى.
بەلنى مەھكەم باغلاڭ، يىگىتلەر،
تۇمانلىق ياتقان خۇنخارنىڭ ئېلى.

ئۇرۇشتا ئاچىلۇر يىگىتنىڭ گۈلى،
چېلىشتا تاۋلىنۇر باتۇرنىڭ قولى.
دۈشمەننىڭ باغرىنى قىلىڭلار يارا،
ئۇرۇشتا چىقىدۇر ئەرلەرنىڭ داڭقى.

«ئاللا» دەڭ ئېچىلسۇن زەپەرنىڭ يولى،
باغلانسۇن ھەمىشە دۈشمەننىڭ قولى.
«يىگىتمەن» دەپ ئات ئۈستىگە چىقىپسىز،
تەگمىگەنىدىمۇ بەگلەرنىڭ پۇلى؟!

ئاڭلاڭلار، يىگىتلەر، ئېيتايىن بۇنى!
بۇگۈن بولار بىزگە مەھشەرنىڭ كۈنى.
جانىڭ بارىچە ئۇرۇش قىلىڭلار!
تەگمىگەنمۇ سىلەرگە بەگلەرنىڭ تونى.

بارارمىز بىز نېچۈك چەمبىل ئېلىگە؟
قانداقچە قارايمىز ئەل - يۇرت يۈزىگە؟

بۇ يەرگە جىنىدىن كەچكەنلەر كېلۇر،
نومۇستۇر قىچىپ بارماق ئېلىگە !...

ھەسەنخانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان يىگىتلەرنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ تەشۋىشلەندى، ئۇلارنى غەم باستى. بۇنى كۆرگەن ھەسەنخان يىگىتلەرگە قاراپ:

— بىز شۇنچە يىراق يولنى بېسىپ بۇ يەرگە كېلىپ ھېچنېمىنى كۆرمەي ئارقىمىزغا قايتساق، ئاتام گۆر ئوغلىنىڭ يۈزىگە نېمىدەپ قارايمىز؟ ! يا ئۆلۈپ تۈگىشەيلى، يا ھاۋازخاننى ئەكېتەيلى، قورۇق قول قايتىش نومۇس ! — دېدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

پارامۇش بولمىسۇن ئەمدى خاتىرلەر،
قورىقمىزلار بۇ يەرگە پەردە ـ چادىرلەر،
ئۇستىڭىزگە ساۋۇت كىيگەن يىگىتلەر،
يا ئۆلۈڭلار، يا ئېلىڭلار، يىگىتلەر.

يولىمىزغا قاراشلىق گۆر ئوغلى سۇلتان،
«بەگ ھاۋازنى كەلتۇر !» دېگەن ئارسلان،
ئوقا قارشى تۇتۇڭلار ھەممىڭلار قالقان،
يا ئېلىڭلار، يا ئۆلۈڭلار، يىگىتلەر.

چەمبىلدە بىر ـ بىرىنى مازاق قىلغانلار،
خوتۇنىدىن يىگىتلىك نامىن ئالغانلار،
يۇرۇشتە بەگلەردىن ئىنئام ئالغانلار،
يا ئۆلۈڭلار، يا ئېلىڭلار، يىگىتلەر.

ئالتۇن ياقىلىق تونلار كىيگەنلەر،
«خىزمەت كۆرسىتىپ ئۆلسەك» دېگەنلەر،
گۆر ئوغلى ئېتىنى ئېلىپ مىنگەنلەر،
يا ئۆلۈكلار، يا ئېلىكلار، يىگىتلەر.

بۇ سۆزگە ھەممىڭلار قۇلاق سېلىڭلار،
جاندىن كېچىپ بەگ ھاۋازنى ئېلىڭلار،
مېنىڭدىن ئارتۇقمۇ سىزدىكى جانلار،
يا ئۆلۈكلار، يا ئېلىكلار، يىگىتلەر.

ھەممىنىڭ ئاستىدا گۆر ئوغلى ئېتى،
ئات بولار جەڭلەردە مەردلەر قانىتى،
قۇرۇق قول بارغاننىڭ يوقمۇ ئۇياتى؟ !
يا ئېلىكلار، يا ئۆلۈكلار، يىگىتلەر.

بۇندىن قايتىپ چەمبىل ئەلگە بارغاندىن،
قۇرۇق غەيرەت، جاننى ساقلاپ قالغاندىن،
ئۆلۈم ئەۋزەل نەق مەيداندىن يانغاندىن،
يا ئېلىكلار، يا ئۆلۈكلار، يىگىتلەر.

ھەسەنخان دەر: «قۇرۇق قايتقان ئەر ئەمەس !»
گۆر ئوغلىنىڭ ئۇمىدىگە ئەرزىمەس.
«خوتۇنلاردەك» دېگەن نامنى ئالغاندىن،
يا ئۆلۈكلار، يا ئېلىكلار، يىگىتلەر.

بۇ سۆزلەر يىگىتلەرگە تەسىر قىلمىدى، ئۇلارنىڭ بەشى بىر يەرگە، ئونى يەنە بىر يەرگە، سەككىز - توققۇزى

يەنە باشقا بىر يەرگە يىغىلىپ مەسلىھەتلەشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى: «ھەسەنخان ھازىر بالا، ھەم مەست. ئەگەر ئۇ ھوشيار ھەم چوڭ بولغىنىدا ئىدى، بىزنى ئۆلۈمگە دەۋەت قىلماس ئىدى. بىز ھازىر ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ، خۇنخار شاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ھاۋازخاننى تۇتۇشىمىز مۇمكىنمۇ؟ بەلكى ئۆزىمىز تۇتۇلۇپ قالىمىز. بىزنى ئۇلار قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، دەرۋازىنى كۆمۈپ تاشلايدۇ. بىزنى بىر - بىرلەپ قىلىچتىن ئۆتكۈزىدۇ. يىگىرمە مىڭ كىشى بىر ھاۋازخاننى دەپ ئۆلگەن بىلەن بولماس. چۈنكى، ھاۋازخاننىڭ جېنى ھېچقاچان بىزگە جان بولمايدۇ» دېيىشتى.

ئۇلار ھەسەنخاننىڭ قېشىغىمۇ كەلمەي، سۆزىگىمۇ قۇلاق سالماي، چىققان يولى بىلەن ئارقىسىغا يېنىپ تاغدىن چۈشۈپ چەمبىلگە قايتتى.

ھەسەنخاننىڭ ئۇلارغا ئاچچىقى كېلىپ: «ھەممىڭلار نامەرد» دەپ ئۇلارنى ئەيىبلەپ ئوقۇغان نەزمى:

دۈشمەن كېلىپ ئېلىڭىزگە ئەل بولسۇن،
غەنىيمەتلىك سەۋلىتىڭلار تەل بولسۇن.
ئەينەك كۆرۈپ ئوسما قويغان يىگىتلەر،
خوتۇن ئوخشاش ئەرلەر، سىزگە يول بولسۇن.

ھەر بىر يەرگە يىغىلىپ كېڭەش قىلىۇرسىز،
گۆر ئوغلىنىڭ يۈزىنى قانداق كۆرۈرسىز؟
سۆزلىرىگە قانداق جاۋاب بېرۈرسىز؟
نامەرد يىگىتلەر، سىزگە يول بولسۇن.

ئويناپ - كۈلۈپ بۇندا كېلىپ كېتەرسىز،
مېنى تاشلاپ ئەل ۋە يۇرتقا يېتەرسىز.

نەسىھەتنى مەن ئۆزۈمگە كۆپ قىلاي،
ياغلىق ئارتقان بايۋەچچىلەر، يول بولسۇن.

دۈشمەنلەرنىڭ قەلئەسىگە كىرەلمەي،
جەڭگە كىرىپ مەقسەتلەرگە يېتەلمەي،
ئەجەل يەتسە ئۇشبۇ يەردە ئۆلەلمەي،
ئارتقا يانغان خوتۇن بەگلەر، يول بولسۇن!

بۇنداق كېلىپ، بەگ ھاۋازنى ئالالماي،
ئۇرۇش قىلىپ، قىزىل قانغا بويالماي،
دۈشمەنلەرگە تەڭ مۇقابىل بولالماي،
ئارتقا يانغان ياسانچۇقلار، يول بولسۇن!

ھەسەنخان دەر: «ئەرلەر قىلۇر ئۇرۇشنى،
دۈشمەن كەلسە قورقماي سالۇر قىلىچنى»،
دۈشمەنلەرگە بىر قىلىچنى ئۇرۇشنى،
بىلمەي يانغان خوتۇنلارغا يول بولسۇن!

ھەسەنخاننىڭ بۇ سۆزىنى ھېچ كىشى ئاڭلىمىدى. ھەممىسى چەمبىلگە قاراپ يول سالدى. ھەسەنخان تاغدا بىردەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، يىگىتلىرىنىڭ قالماي كەتكەنلىكىنى كۆردى. تاقىتى تاق بولدى. ئۆزىمۇ يېنىپ چۈشۈپ، چەمبىلگە قاراپ يول سالدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى پالچى ئىدى. ھەسەنخان كەتكەندىن كېيىن بىر كۈنى ئۇ: «ھەسەنخان يىگىتلىرى بىلەن قاچان ۋە قانداق قايتىدۇ؟!» دەپ پال سالغانىدى. پالدا ئۇ بەتبەخت تېغىنىڭ ئۇستىدىكى تۇماننى كۆردى. كېيىن ئۇ ھەسەنخاننىڭ

يىگىتلىرىنىڭ قايتقانلىقىنى، ھەسەنخاننىڭ ئۆزىمۇ قورۇق قول قايتقانلىقىنى كۆردى. ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

دوستلىرىڭ ئامان بولدى،
دۇشمىنىڭ تۇمان بولدى.
قورقۇنچى گۇمان بىرلەن،
بەگلىرىڭ راۋان بولدى.

ئاغا يۇنۇس ئىچىنار،
ئۆزىدە يوق ئىختىيار،
بەگلەر غەمگە گىرىپتار،
يا ئاخىر زامان بولدى.

تۇمان باستى ئەلنى پەستە،
تۇغ - بايراقلار چاپا - رەستە،
قوشۇن ياندى رەستە - رەستە،
بەگلەر يولى تۇمان بولدى.

تۇمان چۈشتى ھەر قاياندىن،
ئۇلار كەچمەي قايتتى جاندىن،
ئەمدى چىقىڭ سىز بۇياندىن،
ھەسەنخانغا زىيان بولدى.

ئاغا يۇنۇس غەمدە قالدى،
بۇنى بىلمەي رەمنى سالدى،
نامەردلەرنىڭ كەلدى ئالدى،
بەگنىڭ ئىشى يامان بولدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان ئاغا يۇنۇس پەرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، مەيخانىدا ئولتۇرغان يىگىتلىرىنى ئېلىپ قورغان دەۋازىسىغا چىقتى، يىراقتىن قاراپ ئۆزىنىڭ تۇغىنى كۆردى. ھەسەنخاننىڭ ئاستىدىكى ئارغىماقنى تونۇپ، يىگىرمە مىڭ ئاتلىق يىگىت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

يىراقتىن بۇنى كۆرگەن ھەسەنخاننىڭ يىگىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قېچىپ كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشتى. گۆر ئوغلى بىلەن ئۇچرىشىشتىن سەرگەردانلىقنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ھەربىرى ھەر ياققا قاراپ تارقىلىپ كېتىشتى.

ھەسەنخان ئاتىسى گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى ئاتتىن تاشلىدى، يىگىتلىرىنىڭ سۆزىگە كىرمەي خاپا قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان ھەسەنخانغا ئۆزىنىڭ بېشىدىكى تىللا تاجىنى ئېلىپ كىيدۈردى. ئۇنى ئۆز ئورنىغا سۇلتان قىلدى.



يۇرت ئىشلىرىنى ھەسەنخانغا تاپشۇرۇپ بولۇپ، ئۆزى تۇلپارىنى ئېگەرلەتتى.

— مانا مەن ئۆزۈم يالغۇز بېرىپ ھاۋازخاننى ئەكېلىمەن ! — دەپ، غەزەپ بىلەن يولغا چىقتى، ناماز پېشىن ۋاقتىدا بەتبەخت تېغىنىڭ قېشىغا كەلدى، ئىچى پۇشۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆپ كىشى ئىدى باتۇر،
ئۇلار ئەمدى نەدە ياتۇر،
دۈشمەنلەرنى يىغلاتۇر،
بۇندا كەلگەن گۆر ئوغلى.

مەيدان ئىچى قىزىل قان،
خۇدا بىزگە مېھرىبان،
«ئاللاھۇ !» دەپ ئات قويغان،
قوزى ئوغلۇم ھەسەنخان.

دۈشمەن جىق ئەمەس يەككە،
خۇرۇش بولسۇن چەككە - چەككە.
ئات قويۇپتۇ ئۇيالماي،
يالغۇزۇم ھەسەن بەگكە.

قوزام ھەسەن، بولغىن ئامان،
مەن كېچەي خانۇماندىن.
ئات قويغىن كۆكتىن كۆكەر،
بۇيرۇق شۇ ھەسەنخاندىن.

گۆر ئوغلى دەر كەل ئەمدى،
دېگىنىڭنى قىل ئەمدى.

دىلدا ئارمان قالمىسۇن،
قىيامەتنى قىل ئەمدى.

كۆپ كىشى ئىدى باتۇر،
ئۇلار ئەمدى نەدە ياتۇر،
دۈشمەنلەرنى يىغلاتۇر،
بۇندا كەلگەن گۆر ئوغلى.

مەيدان ئىچى قىزىل قان،
خۇدا بىزگە مېھرىبان،
«ئاللاھۇ !» دەپ ئات قويغان،
قوزى ئوغلۇم ھەسەنخان.

دۈشمەن جىق ئەمەس يەككە،
خۇرۇش بولسۇن چەككە ـ چەككە.
ئات قويۇپتۇ ئۇيالماي،
يالغۇزۇم ھەسەن بەگكە.

قوزام ھەسەن، بولغىن ئامان،
مەن كېچەي خانۇماندىن.
ئات قويغىن كۆكتىن كۆكەر،
بۇيرۇق شۇ ھەسەنخاندىن.

گۆر ئوغلى دەر كەل ئەمدى،
دېگىنىڭنى قىل ئەمدى.
دىلدا ئارمان قالمىسۇن،
قىيامەتنى قىل ئەمدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان نەزمىنى تۈگەتتى، ئاللانىڭ دەرگاھىغا

سىغىنىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

سەن ئۆزۈڭسەن شاھلەرگە شاھ،
كىم بىلمىسە ئىرۇر گۇمران،
ئىسمىڭدىن ئايلىناي ئاللاھ،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

تۈندە يىغلار بېرىپمەن،
دەرمانسىزدۇر غېرىب تەن،
يا پىرىم قىرىق چىلتەن،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

يىغلايمەن مەن ناماز شام،
تاپمىغاچ كۆڭلۈم ئارام،
يا پىرىم ئون ئىككى ئىمام،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

كۆكلەرگە يەتتى زارىم،
يۈزۈمدىن كەتتى ئارىم،
ئاڭلا مېنىڭ پىغانىم،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

گۆر ئوغلى دەر: ساڭا سۆزۈم،
تەلمۈردى ئىككى كۆزۈم،
قانداق قىلاي يالغۇز ئۆزۈم،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

گۆر ئوغلى پىرى كامىللارنىڭ ئەرۋاھىغا سىغىنىپ قاي-

تىدىن ئاتقا مىندى. ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر كۆك چىم-
دىر كۆرۈندى. ئۇ شۇ چىمدىرغا يېتىپ باردى. قارىسا، ئۇ چىم-
دىردا ئۈچ - تۆت تۇغ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدىن
خىزىر ئەلەيھىسسالام چىقىپ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى.
گۆر ئوغلى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ، چىمدىرغا
كىردى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام گۆر ئوغلىغا:

— ئەي گۆر ئوغلى، سەن چەمبىلدە: «خۇدايىم بۇيرۇسا»
دېمەي لاپ سۆزلەپ: «ئۆزۈم ئەكېلىمەن» دەپ يولغا چىققان-
دىڭ. بۇ يەرگە كەلگەندە خۇدانى ياد ئەيلىدىڭ، خۇدا سېنىڭ
گۇناھىڭنى ئەپۇ قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن خۇدانى ئېسىڭدىن
چىقارما! ئەمدى مەن ساڭا يول كۆرسىتەي: بۇ يەردىن ئاتلى-
نىپ تاغ ئۈستىگە چىققاندا ئۇيان - بۇيان قارىغىن. شۇ
چاغدا كۆزۈڭگە قوي بېقىپ يۈرگەن بىر ئاقساقال كىشى كۆ-
رۈندۇ. ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا باشقا كىشى يوق، ئاغزىدا چىشى
يوق، سەجدە قىلغىلى بېشى يوق. ئۆزى دۈشمەندۇر، ھاۋازخان-
غا خۇشتاردۇر، ھەر يىلى بىر قېتىم بېرىپ ئۇنى يوشۇرۇن
كۆرۈپ كېلىدۇ. قوي بېقىپ ئالدىغان ھەققىنى شۇنىڭغا
خىراجەت قىلىدۇ. سەن شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تۆت يۈز قوي-
نى ئايرىۋال! ئۇنى ھەيدەپ بېرىپ ھاۋازخاننىڭ ئاتىسى كې-
رەم قاسساپ دېگەننى تاپ. ئۇنىڭ خوتۇنى تۈركمەن پەرزەنتى،
ئۆزى مۇسۇلمان، ئىسمى گۈلئايىمدۇر. دۈشمەننىڭ قولىغا
ئەسىر چۈشكىلى قىرىق يىل بولدى. ئۇنىڭ بىر ئاغىسى بار،
ئىسمى قەمبەر بوۋاي، سەن ئۇنىڭ قېشىغا شۇ ئاغىسى «قەمبەر
بوۋاي» سىياقىدا ياسىنىپ بارساڭ ئىشىڭ ئاسان بولىدۇ، —
دەپ گۆر ئوغلى ھەققىگە دۇئا قىلدى.

گۆر ئوغلى خىزىردىن پاتىھە ئېلىپ، تۇلپارىنى مىنىپ،

بەتبەخت تېغىنىڭ ئۈستىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بىر بوۋاي كۆرۈندى.

گۆر ئوغلى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاستىمدا تۇلپارىم ئوينار يۈز ئەلۋان،
ئېگىنىمدە ساۋۇت، بېشىمدا قالقان.
جاپا تارتىپ، مېھنەت چېكىپ يۈرۈپسەن،
بۇ قويلار كىمنىڭدۇر، ئېيتقىن بوۋايجان؟

بوۋاي:
ئاستىغا تۇلپار مىنگەن بەگ يىگىت،
بۇ قوينىڭ ئىگىسى ساڭا نە كېرەك؟
سۆزۈمنى ئېيتاي، بىر ـ بىرلەپ ئىشىت،
تېگىنى بىلىش ساڭا نە كېرەك؟

گۆر ئوغلى:
مېنىڭ ئېلىم ھەم سانسىز كىشىم بار،
بۇنى سوراشقا كۆڭۈل خۇشۇم بار.



بۇ قوينىڭ ئىگىسى كىمدۇر بوۋاجان،
بۇنى سوراپ بىلىدىغان مېنىڭ ئىشىم بار.

بوۋاي:
بىلسەڭ، بالا مەن ئەرنىڭ ئۆزى مەن،
بۇ مالغا قارانچۇق قارار كۆزىمەن.
نېمە گېپىڭ بولسا مەندىن سورىغىن،
بۇ قوينىڭ ئىگىسى هازىر ئۆزى مەن.

گۆر ئوغلى:
ئەي بوۋاي، سۆزۈمنى ئاڭلا، قۇلاق سال،
بىلدىم، مەن، سېنىڭكى ئەمەس ئۇشبۇ مال.
بۇ قويلار ئىگىسى مانا مەندۇرمەن،
ئاۋارە قىلمىغىن مېنى، قېرى چال.

بوۋاي:
بۇ مالنىڭ ئىگىسى ئۆزۈم مەن، بىلگىن،
تاياق بىلەن سالاي قېشىمغا كەلگىن.
سۆزلىرىڭ ئاجايىپ مەنىسىز، بىلگىن،
بۇ مالنىڭ ئىگىسى مانا مەن بىلگىن.

گۆر ئوغلى:
راستىنى ئېيتقىن، بۇ كىمنىڭ مالى،
قوي باقار بۇ چۆلدە سەھرانىڭ چالى.
راستىنى ئېيتمىساڭ، ئېيتماي تۇر قېرى،
بۇ قويلار بىلسەڭ هاۋازنىڭ مالى.

بوۋاي:
چۆللەردە يۈرىمەن هامان بىقارار،
ئاي يۈزىنى كۆرۈشكە دىلىم ئىنتىزار.
تاياق يېمەستە كەتكىن بۇ يەردىن،
هاۋازنىڭ ئىسمىنى تۇتما نابكار.

گۆر ئوغلى:
بەتبەختنىڭ كۆپتۇر تۇرلۇك گىياهى،
بولۇتلۇق، تۇمانلىق هەر خىل هاۋاسى.
بىلمەن بۇ مالنىڭ ئىگىسىنىمۇ،
هاۋازخان ئوغلاندۇر مالنىڭ خوجاسى.

بوۋاي:
سەن قايتا ئاتىدىڭ ئىسمى - ئېتىنى،
يا ئوقۇپ كۆرگەنمۇ ئۇنىڭ خېتىنى.
ئەجىلىڭ يېتىپ كەلمىگەن بولسا،
ئاغزىڭغا ئالمىغىن هاۋاز ئېتىنى.

گۆر ئوغلى:
گۆر ئوغلىدىن ئاڭلا ئەمدى بۇ سۆزنى،
هاۋاز ئۈچۈن يولغا تىكمەن كۆزنى.
چىن دىلدىن ئامراق بولساڭ، ئەي بوۋاي،
كەلتۈرگىن بۇ يەرگە تېز بول هاۋازنى.

بوۋاي:
مەن بىلدىم ئەمدى سېنى گۆر ئوغلى،
شۇ ياشقىچە يۈرمىدىڭ سەن ئەسلا توغرى.

هاۋاز دېسەڭ ئوتتۇز چىشىڭ ئۇشتۇلار،
ئىزىڭچە قايتىپ كەت بۇ يەردىن، ئوغرى.

دەپ بوۋاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— مەن هاۋازنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسراپ يۈرسەم، سەن تېخى ئۇنى بۇ يەردىن ئەكېتىمەن دەمسەن؟ — دېدى ۋە هاسىنى قولىغا ئالدى، ئۆتۈكىنى سېلىپ، قولىنى شىلتىپ، ئايىغىنى توزىتىپ، بۇرنى ۋە ماڭلىيىنى نېرى - بېرى قىدلىپ، يۈگۈرگەن بويى كېلىپ گۆر ئوغلىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتتى.

گۆر ئوغلى تۇلپاردىن چۈشتى، بوۋاينى بىر قولى بىلەن كۆتۈرۈپ باستى، قول - ئايىغىنى باغلاپ:

— گەپ قىلما، قېرى! بولمىسا هازىرلا ئەدىپىڭنى بېرىمەن! — دېدى.

كېيىن ئۇ ئېتىغا قاراپ باش - كۆزىنى سىلاپ: «ئەي تۇلپار، بۇ قېرىنى ساڭا تاپشۇردۇم، خەۋەردار بولغىن، مەن



كەلگۈچە قويۇپ بەرمە. قىرى ۋارقىرىسا كوكۇلىسىدىن چىشلەپ يەرگە بېسىپ قويغىن! » دەپ تاپشۇرۇپ ماڭغانىدى، قىرى ۋارقىرىدى، تۈلپار ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تارتىپ يەرگە باستى. بوۋاي قورققىنىدىن جىمجىت يېتىۋەردى.

گۆر ئوغلى قەمبەر بوۋاي سۇرىتىگە كىرىپ، قويلارنىڭ خىللىرىدىن تۆت يۈزنى بۆلۈپ چىقىپ، ھەيدەپ ناماز خۇپتەنگىچە گۇرۇجىستان دەرۋازىسىنىڭ تۈۋىگە يېتىپ باردى. دەرۋازىۋەنلەرگە ئۆزىنى «قەمبەر بوۋاي» دەپ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

يېتەكلەشكە قاتار ـ قاتار نار مۇسەن،
سودىگەرلەر كەلسە ئاڭا زارمۇ سەن؟
خۇپتەن بولماي ساڭا نېمە بولۇشتى،
تۇرۇڭلار مىرشەپلەر، ئۆيدە بارمۇ سەن؟

خىزمەتكە ياراتقان ماڭا كىچىكنى،
تاپالمايمەن كىرەي دېسەم تۆشۈكنى.
مەززە قىلىپ جىم يېتىشقان يىگىتلەر،
ئېچىڭلار، تۇرۇپ ماڭا ئىشىكنى.

كۆرمەكچىمەن بازار ئېلى خۇلقىنى،
ياراشقانلار تال ـ تال ئۆرۈر زۇلپىنى.
تاشقىرىدىن كەلگەن مەن بىر سودىگەر،
قۇربېشىلەر، ئېچىڭلار ئەمدى قۇلپىنى.

قالماقتا ساتىدىغان قويۇم بار،
بازارغا سالىدىغان مېنىڭ ئويۇم بار.

قۇربېشىلەر ئاچقىن دەرۋازا ـ قۇلۇپنى،
قورقماقتىمەن، ئالدىمدا كۆپ قويۇم بار.

سودىگەرلەر سىزدىن خاپا بولمىسۇن،
تاشقىرىدا بىر يارامىلىق قالمىسۇن.
قۇربېشىلەر، شەھىرىڭگە كىرگۈزگىن،
ئوغرىلار تالادا مالنى ئالمىسۇن.

مەن مۇساپىر، ئەل ـ يۇرت ئالدىدا،
بېشىمغا سەۋدالار سالدىلەر خۇدا.
بىر قويۇم يوقالسا سىزدىن يۈز قىلىپ،
تۆلىتىپ ئالۇرمەن شاھنىڭ ئالدىدا.

ئاھ ئۇرسام تۆكۈلەر كۆزۈمنىڭ يېشى،
ھەق بولۇر قىيامەتتە مەردنىڭ يولدىشى.
مەن سودىگەر بولۇپ كەلدىم شەھىرىڭگە،
دەرۋازىنى ئاچقىن، بوۋا قۇربېشى.

قۇربېشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. «بۇ چەتتىن كەلگەن سودىگەر ئوخشايدۇ، مېلى يوقىلىپ كەتسە بېشىمىزغا بالا بولمىسۇن !» دەپ دەرۋازىنى ئېچىپ قويلارنى كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ بىرى گۆر ئوغلىغا قاراپ:

— يول بولسۇن ! — دېگەنىدى، گۆر ئوغلى خۇپسەنلىك قىلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — دېدى.

— نەگە بارىسەن؟ — دېدى يەنە ھېلىقى كۆزەتچى.

— مال ـ جانىڭىز ئاماندۇر؟ ! — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى

گۆر ئوغلى.

— قانچە قويۇڭ بار؟ ! — دېدى دەرۋازىۋەن.

— ئۆيدىن چىققىلى يىگىرمە بەش كۈن بولدى، — دېدى گۆر ئوغلى.

— قويلارنىڭ پۇلىغا نېمە ئالىسەن؟ ! — دەپ سورىدى دەرۋازىۋەن.

— ماللار بەك چارچاپ كەتتى ! — دەپ جاۋاب بەردى گۆر ئوغلى.

— ئېتىڭ نېمە؟ ! — دەپ سورىدى دەرۋازىۋەن.

— بەش - ئالتە يىلقام بار ئىدى، ئۇنى مىنمەي بۇ يەر- گە پىيادە كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى گۆر ئوغلى.

— بىز كاللا دېسەك، بۇ ئادەم پاچاق دەيدۇ. بۇ ھالى بىلەن ماللىرىنى بازارغا ئەكىرسە، باشقا كىشىلەر ھەممە قويلىرىنى بىردەمدە تالاپ كېتىدۇ. تاڭ ئاتقاندا بىزمۇ بىللە بېرىپ قىلغان سودىسىنى كۆرەيلى ! — دېيىشتى دەرۋازىۋەن- لەر. ئۇلار كېچىنى گۆر ئوغلى بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈشتى. تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ گۆر ئوغلىنىڭ قويلىرىنى بىللە ھەيدەش- شىپ بازارغا باردى. ئۇلار كېلىپ قوي بازىرىغا تېخى ھېچ- كىمنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆردى. سودىمۇ باشلانمىغانىدى، گۆر ئوغلى سۇلتان قويلىرىنى ھەيدەپ، كالتىكىنى ئويىنى- تىپ، ھەر خىل ئالىتاغىل سۆزلەپ يۈردى.

بىر چاغدا، تىللا تاجى بېشىدا، قاسساپلىرى قېشىدا، ئەللىك ئىككى يېشىدا، سەمەن يورغىسى ئاستىدا كېرەم قاسساپ كېلىپ:

— پوش ! پوش ! — دەپ قوي بازىرىنى ئارىلىدى. خىل قويلارنى كۆرۈپ، گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— بۇ قويلار كىمنىڭ؟ ! بۇ قوينىڭ ئىگىسى قانداق ئا-

دەم؟ ! — دەپ سورىدى. دەرۋازىۋەنلەردىن بىرى:

— بۇ قوي مانا بۇ ئادەمنىڭ، بىز ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى تېخى بىلەلمىدۇق. بىز تاغدىن گەپ سورىساق بۇ كىشى باغدىن جاۋاب بەردى، ئۆزىڭىز سوراڭ ! — دېدى. كېيىن ئۇ ئۆزى
رەم قاسساپ:

— نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ ! — دەپ سورىدى. گۆر ئوغلى سۇلتان ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ، تۇزۇك ئىپادە بىلدۈردى. بۇنى كۆرگەن كېرەم قاسساپ:

— بۇ يەرلەرگە غېرىب بولۇپ كېلىپسەن، ئايا قويچى، قايسى ئەلدىن بولۇرسەن؟ — دەپ سورىدى.

گۆر ئوغلى:

ئەجەل يەتمىسە قىزىق سۆزنى سۆزلەيمەن،
ئالدىمغا كۆپ قوينى سېلىپ كېلۇرمەن.



ئەسلىم مېنىڭ تۈركمەن پەرزەنتى،
شەھرىڭگە سودا ئۈچۈن كېلىپمەن.

كېرەم قاسساپ:
ياراشسۇن، دەپ ئات يالىنى تارايمەن،
قوي ئالۇرغا ھەم ساتۇرغا يارايمەن.
تۈركمەن دېگەن ئاتام يۇرتى بولىدۇ،
كىمنىڭ ئەۋلادى، ئۇرۇقۇڭنى سورايمەن.
قويۇڭنىڭ ئىگىسى بار دەپ ئېيتىسەن،
سوراپ كۆرەي، قوينىڭ ئىگىسى كىم ئىكەن؟

گۆر ئوغلى:
خۇدايىم بەرمىگەن بەندە خارۇزار،
دەۋزىخىي بەلگىسى، ئىرۇر كۆڭلى تار.
مەن يالغۇز باشلىق دېمە بۇ يەردە،
بۇ شەھەرنىڭ كاتتىسى مېنىڭ يەزدەم بار.

كېرەم قاسساپ:
بېشىمغا زەرەپشان سەللە ئورايمەن،
سەۋلەت ئۈچۈن بۇرۇتۇمنى ياغدا بويايمەن.
بۇ شەھەردە مېنىڭ يەزدەم بار دەيسەن،
يەزدەڭ ئېتى كىمدۇر، سەندىن سورايمەن؟

گۆر ئوغلى:
مەن ئېيتاي، سەن سوراپ بېرىپ ئۇنى تاپ،
سورىساڭ بىلىدۇ ھەممە شەيخى ـ شاب.
يەزدەمنى سورىساڭ بىلگىن، ئېيتىمنى،
ئېيتىمنى دەيدۇ ھەم «كېرەم قاسساپ!»

ئادا بولماس ئىلىمنىڭ شەكەرۇ قەندى،
قۇلاقتىن كەتمەيدۇ پىرلەرنىڭ پەندى.
ئەسلىمنى سورىساڭ، ساڭا ئېيتارمەن،
مەن ئېرۇرمەن تەككە تۇرك پەرزەنتى.

كېرەم قاسساپ:
كىم بىلىدۇ ئىچىڭدىكى ئويۇڭنى،
قارايمەن كۆرۈپ سېنىڭ بويۇڭنى.
بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ سەن؟
ئېپ ـ ساتارمەن ئېلىپ كەلگەن قويۇڭنى.

گۆر ئوغلى:
باش ـ ئۈچى، سانى يوقتۇر قويۇمنىڭ،
قىزىقى يوق ساڭا رەڭگىرويىمنىڭ.
بىلمەيمەن بۇ قويلارنىڭ باھاسىن،
كېپ قالامدۇ ئىگىسى بۇ قويۇڭنىڭ.

كېرەم قاسساپ:
قارىسام بۇنىڭ ئاغزى شۇم ئىكەن،
يۇرگەن يېرى ياۋمەت ئېلى قوۋم ئىكەن.
مەن بىلۇرمەن خەۋىرىنى تاغاڭنىڭ،
كۆرسەت ماڭا بەلگىسىنى تاغاڭنىڭ.
يەزدىڭ ئېتى دېگەن بولسا كېرەمجان،
بىلۇرمۇسەن، ئېتى كىمدۇر ئۇكاڭنىڭ؟

گۆر ئوغلى:
يۇرىكىمگە ئوت چۈشتى، كۆپ مېنىڭ ئاھىم،
ئەزەلدىن ئايرىغان بىزنى خۇدايىم.

يېڭىلمىسەم بالىلىقتا كېتىپتۇ،
چىراغىمنىڭ ئېتى ئىدى گۈلئايىم.

كېرەم قاسساپ:
قەيەرلەردە قالدى ياۋمەت ـ ئەل زاتىڭ،
تۇركمەن بەگلىرىدىنمۇ سىپاتىڭ.
ئۇكاڭ بىلەن مەن يەزدەڭنى تونۇدۇڭ،
كىم بولىدۇ، ئەي ئوغلۇم، سېنىڭكى ئاتىڭ؟

گۆر ئوغلى:
كىچىكىمدىن غېرىب قىلدى بىر خۇدا،
غېرىبلىقتا كۆندە چەكتىم يۈزمىڭ ئاھ.
ئەسلىي نەسلىمنى تەرتىپ بىلەن سورىدىڭ،
ئېتىمنى دېسەم مېنىڭدۇر قەمبەر بوۋا.

كېرەم قاسساپ گۆر ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ:
— ۋاي قەمبەر چىراغىم، بۇ سەنمۇ؟ ئامان بولغىن ! ئۇ تەرەپتىكى ئاتا ـ ئانام، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىم ئامانمۇ؟ — دەپ كېلىپ قۇچاقلىشىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەسقەر تېغىڭ ئامانمۇ؟
كۆرۈشمەكلىك گۇمانمۇ؟
بىر ـ بىر سەندىن سورايمەن،
ئەل ۋە يۇرتۇڭ ئامانمۇ؟

ھىجران ئوتىدا تېنىمىز،
باغرى قاندۇر گۈلىمىز،

ئاق سۈت بەرگەن ئېلىمىز،
مېھرىبانلار ئامانمۇ؟

كىمگە يېتەر دەردىمىز،
تاشار گاھى زەردىمىز.
سۆزلىشەيلى بىر سائەت،
ياش يىگىتلەر ئامانمۇ؟

چۇشتى سېنىڭ بۇ داغىڭ،
باھاردا ئېچىلۇر باغىڭ،
ئايلىنايمەن چىراغىڭ،
قالغان ئەللەر ئامانمۇ؟

كۆزگە يېشىم تىزىلدى،
مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
يۈرەك - باغرىم ئېزىلدى،
كۆرگەنلىرىم ئامانمۇ؟

ئۇلار سۆزلەشتى، كۆرۈشتى، ھال - ئەھۋال سوراشتى. كېيىن گۆر ئوغلى:

— ھاۋازخان چىرىغىم نەدە؟ ئۇنى بىر كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلسەم ئارمىنىم يوق! — دېدى.

ھاۋازخان بۇ چاغدا خۇنخار شاھنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇنىڭ قېشىدا بەش يۈز مەھرەم بار ئىدى. ئۇ كېچە - كۈندۈزنى خۇنخار شاھ بىلەن بىللە ئۆتكۈزەتتى. كېرەم قاساپ يېنىدىكى بىر مەھرىمىنى:

— ھاۋازخاننىڭ بىر تاغىسى چەمبىلدىن كەپتۇ. ئۇنى

كۆرۈشكە كۆپ ئىنتىزار ئىكەن. بۈگۈن كېلىپ تاغىسىنى كۆرۈۋالسۇن. ئەتە ئەتىگەندە خىزمەتلىرىگە يەتكۈزۈپ بېرىمەن! — دەپ خۇنخار شاھقا ئەۋەتتى.

خۇنخار شاھ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، ھاۋازخاننى بەش - ئالتە مەھرىمى بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

ھاۋازخان يول بويى: «مېنىڭ تاغام قانداقراق ئادەمكىن؟ ! » دەپ ياخشى ئات مىنگەن، ياخشى تون كىيگەن كىشىلەرگە قاراپ كەلدى.

گۆر ئوغلىنىڭ كۆزى ھاۋازخانغا چۈشتى، ئورنىدىن يۈگۈرۈپ قوپۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالىلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، شۇ يەردە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كەتتى كۆڭلۈمدىن ئارمان،
قۇدرەتلىك ھەقتىن پەرمان.
يىغان بىلەن دەردىم كۆپ،
سەنسەن دەردىمگە دەرمان.



زەر گۈلۈمدەك سىلايمەن،
قارىچۇقۇمدەك كۆرەيمەن.
دال بويۇڭنى بەگ ھاۋاز،
كامىل پىردىن تىلەيمەن.

مەندەك تاغاڭ سادىغا،
قۇلاق سالغىن ندداغا.
ئاي يۇزۇڭنى تىلەيمەن،
كۆپ يىغلىدىم خۇداغا.

تۇرالمىدىم ئەللەردە،
خاھى چۆل ھەم كۆللەردە.
ئىزدەپ چىقتىم بەگ ھاۋاز،
يۇردۇم ئۇزاق يەرلەردە.

بولدۇم تەشنا مېھرىڭگە،
قەددى - تېشى مەھرىڭگە.
سېنى ئىزدەپ چىراغىم،
ئاخىر كەلدىم شەھرىڭگە.

ئاڭلا، ئېيتقان سۆزۈمنى،
قۇللۇق قىلاي ئۆزۈمنى.
دىيارىڭغا كېلىپ مەن،
كۆردۈم ئايدەك يۇزۇڭنى.

سۆزلىرىمگە قۇلاق سال،
دۇشمەن بولسۇن پايمال.

دوستلار بولسۇن شاد ـ خۇشال،
پىدا بولسۇن پۇل ۋە مال.

ئاڭلاپ سىنى ئۇزاقتىن،
ئىزدەپ كەلدىم يىراقتىن.
خۇدا كۆرسەتتى سىنى،
قۇتۇلدۇم مەن پىراقتىن.

گۆر ئوغلى بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ كېلىپ، هاۋازخاننىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش يامغۇر- دەك تۆكۈلدى. هاۋازخاننىڭ بېشىنى باغرىغا باستى، مېھرد- بانلىق كۆرسىتىپ، باش ـ كۆزىنى سىلاپ سۆزلىدى.

كېرەم قاسساپ گاهى كۈلۈپ ـ گاهى يىغلاپ، يېنىدىكى كىشىلەرگە:

— كۆرۈڭلار بۇ كىشىنى، ئەۋلادىنى سېغىنىپ كېلىپ دىدار كۆرۈشكەندىن كېيىن شۇ هالەتكە چۈشتى، — دەپ تو- نۇشتۇردى.

گۆر ئوغلىنىڭ كىيگەن چەكمىنى هاۋازخاننىڭ يۈز- لىرىگە پاتتى. ئۇ بۇ چەكمەنىڭ يىپلىرىنىڭ يىرىكلىكىدىن زارلىنىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئېرىسۇن، تاغلار ئېرىسۇن!
بەندە ئالغىنى بىلەن قۇرۇسۇن.
كىيگىنى يىرىك چەكمەن،
بايلىقلىرى قۇرۇسۇن.

بەگ بولۇپ يۇرتلار چىقمىسا،
ئوۋ ـ ئوۋلاپ لاچىنىنى سالمىسا.

شۇنچە مالنى نېمە قىلار؟
بىر ياخشى تونىنى كيىمىسە.

«ئال !» دېگەندە يورغا ئالمىسا،
ئىشىم بىكار، ياخشى بولمىسا.
بۇ بەگنىڭ مېلى قۇرۇسۇن،
بىر ياخشى تۇلپار مىنمىسە.

سۆزى باشقىغا ياقمىسا،
باشقىلارنى باقمىسا.
مالنى يىغىپ نېمە قىلار؟
شەمشەر ـ قىلىچ تاقمىسا.

دۇنيا بىزدىن ئۆتىدۇ،
مالمۇ تاشلاپ كېتىدۇ.
دوست ـ دۇشمەننىڭ قولىدا
ئۆلسە شۇ چاغ يېتىدۇ.

مېلى يوقلار دەرماندە،
پەرزەنتسىزلەر ئارماندە.
«تاغاڭ مەن» دەپ كېلىپتۇ،
قىلىپ مېنى شەرمەندە.

سۆز قىلىدۇ ھاۋازخان،
سىزگە دەيدۇ: بول ئامان !
شەرمەندە قىلماي بۇرۇنراق
كۆزدىن يوقال تاغاجان.

كېرەم قاسساپ ھاۋازخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەي ئەقىلسىز ئوغلۇم، قاملاشمىغان سۆزلىرىڭنى قوي ! شۇنچە قويلىرى بار كىشى سەن دېگەن نەرسىلەرنى قىلالماسمۇ؟ قولىدىكى بار بايلىقىنىڭ ئازراقلا قىسمىنى خىراجەت قىلسا، سۈلتى بەگلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ، لېكىن سېنىڭ بۇ تاغاڭ پېقىرلىقنى ئىختىيار قىلغان. كۆرۈنۈشىدىن ئىبادەتگۆي سوپى كىشىدەك كۆرۈنىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئەدەپسىز سۆزنى قىلساڭ، مەندىن ياخشىلىق كۈتمە. دەرھال تۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ بارغىن، سىڭلىسى بولغان ئاناڭ بىلەن كۆرۈشسۇن، ئۆزۈڭ ئالدىدا خىزمەت قىل ! — دېدى.

ھاۋازخانمۇ، گۆر ئوغلىمۇ ئورنىدىن قوزغالدى. كېرەم قاسساپ:

— قويلىرىڭنىڭ باھاسىنى ئېيتىپ بېرىپ كەتكىن !— دېدى.

ئۆزىنى قەمبەر بوۋاي دەپ كەلگەن گۆر ئوغلى:

— بۇ قويلار ئاۋۋال مېنىڭ ئىدى، ئەمدى سېنىڭ بولدى. ساتماقچى بولساڭ، باھاسىنى ئۆزۈڭ قويۇپ سېتىۋەر ! — دەپ جاۋاب بەردى. ھاۋازخان بىلەن ئىككىسى ئۆيگە راۋان بولدى. ھاۋازخان تاغىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ھويلىسىغا كىردى، ئانىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئويلىسام دۇنيا ئىشلىرى پانا،
خۇدا سۆيگەن قۇلنىڭ تىلىدا سانا.
مەن سۆزنى سىزگە بايان قىلاي،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ، جان ئانا.

سۆزنى ئاڭلا، بەگ ھاۋازنىڭ تىلىدىن،
بىر كىشى كېلىپتۇ ياۋمەت ئېلىدىن.

بۇ يەرگە كەپتۇ بىزنى سوراغلاپ،
بىزلەرنى كۆرمەكنى تىلەپ ئېلىدىن.

قارىساڭ ئۇنىڭ ئەجەب بويى بار،
بىلمەيمەن، نېچۇك خىيال - ئويى بار.
بۇ شەھەرگە كەپتۇ بىزنى سوراغلاپ،
ئالدىدا ھەيدىگەن تۆت يۈز قويى بار.

ئەتىگەن كىرىپتۇ بىزنىڭ شەھەرگە،
قوشنى ئارتىپ بولماستا نارغا.
بۇ شەھەردە ھېچ كىشىنى تونۇماس،
قويلىرىنى سالغانىكەن بازارغا.

بۇ ئادەمنى باشقىلار مازاق قىلىپتۇ،
مازاق قىلغاننى بۇ ھەم بىلىپتۇ.
ھەيران بولۇپ تۇرغانىكەن بۇ ئادەم،
شۇ چاغدا قېشىغا ئاتام كېلىپتۇ.

ئاتام كۆرۈپ بۇ ئادەمنى قاراپتۇ،
سۆز سورىسا جاۋابىغا ياراپتۇ.
ئەسلىي نەسلى بىر - بىرىنى سورىشىپ
ئۇنى ئاتام خېلى ئوبدان سىناپتۇ.

ئۇ ئادەم ئاتامغا سۆزىدە دەپتۇ:
«شەھەردە يەزدەم بار ئىستەيمەن» دەپتۇ.
يەزدىسىنىڭ ئەسلىي نەسلىنى سورىسا،
يەزدەم، دەپ ئاتامنىڭ ئىسمىنى دەپتۇ.

ئۇ ئادەم بۇ يەرگە كەلدى ئۆزۈڭدەك،
سۆزلىگەن سۆزلىرى سېنىڭ سۆزۈڭدەك.
ياۋمەتتە ئاغا ـ ئىنىڭ بارمىدى؟
بەك ئوخشاش كۆزلىرى سېنىڭ كۆزۈڭدەك.

دېمە، ئانا، ئەمدى مېنى ئويۇنچى،
يەتكۈزەي ساڭا خەۋەر، سۆيۈنچى.
تاغىمىز كېتىدۇ، چىقىپ كۆرمىسەڭ،
تاغام كەلدى، بەرگىن ماڭا سۆيۈنچى.

نەچچە كۈن يۈرۈپتۇ باغرىنى داغلاپ،
سېنى ـ مېنى كۆرۈشكە زار ـ زار يىغلاپ.
تاغام كەلدى ئالدىغا چىقىپ كۆرمەمسەن؟
«گۈلئايىم سىڭلىم» دەپ سېنى سوراغلاپ.

«ئۇكا !» دەپتۇ خۇدا سۆيگەن بىر بوۋاي،
يىغلاپتۇ زار ـ زار تۇغقان تاپالماي.
ئىشەنمىسەڭ چىقىپ ئۇنى كۆر ئۆزۈڭ،
سورىغانىدىم ئېتىن، دېدى: قەمبەر بوۋاي.

گۈلئايىم ھاۋازخاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تاقىتى تاق بولۇپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. قەمبەر بوۋاينىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يۈرەكلەردە كۆپ داغىم،
خازان بولدى چارباغىم.
قىرىق يىل بولدى ئايرىلدىم،
ئېسەنمۇسەن، چىراغىم؟

كېچە ـ كۈندۈز بار ئايىم،
ئايرىپ سالدى خۇدايىم.
ئامان ـ ئېسەن كۆرۈشتۇق،
ئايلىناي مەن گۈلئايىم.

سېنى ھەقتىن تىلىدىم،
ھەق بېرىپتۇ مۇرادىم.
مۇساپىر بۇ شەھەردە،
تىنماي ھەققە يىغلىدىم.

كىمنى كۆرسەم كۆزلىدىم،
ئامانلىقنى سۆزلىدىم.
مۇساپىرلىق قۇرۇسۇن،
بوتىلاق بولۇپ بوزلىدىم.

دۈشمەنلەردە قېقىلىپ،
يات ئەللەرگە قېتىلىپ.
بىر ئاللاغا يىغلىدىم،
تۈنلەر بويى سېغىنىپ.

كۆردۈم ئايدەك يۈزۈڭنى،
ئېنىقلىدىم ئۆزۈڭنى.
ئۆمرۈم يىغلاپ ئۆتكەندە،
ئەسلەپ سېنىڭ سۆزۈڭنى.

مەرد مەيدانغا باشلانسۇن،
دۈشمەن قولى باغلانسۇن.

قېرىنداشلار ئامانمۇ؟
مەندەك سىڭلىڭ ئايلانسۇن.

يارانتىلەر بىر خۇدا،
كۇندە قىلدىم ئاھۇۋاھ.
ئەل ۋە يۇرتلار ئامانمۇ؟
سوراي سەندىن قەمبەر ئاكا.

گۇلئايىم: «يۇرت ئامانمۇ؟»
بىزگە ئاخىر زامانمۇ؟
يۇرت ئىگىسى سۇلتانىم،
گۆر ئوغلى بەگ ئامانمۇ؟

گۇلئايىمنىڭ شېئىرىنى ئاڭلاپ گۆر ئوغلى يىغلاپ كەتتى، مۇڭداشتى. كېيىن قەمبەر بوۋاي:

— چىراغىم، ئەل - يۇرتنىڭ بارچىسىنى سورىدىڭ، بۇ ئىشىڭ ماڭا ياقتى. گۆر ئوغلىنىمۇ سورىدىڭ، ئۇ بىزگە دۇشمەن تۇرسا، يەنە نېمە ئۇچۇن ئۇنى سورايسەن؟ — دېدى.

— ئەي ئاكا، ئۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئۇرۇقى، نېمە بولسا شۇ بولسۇن، يەنىلا ياتلاردىن ياخشى. شۇنىڭ ئۇچۇن سورىدىم. ئەگەر دۇشمەنلەرنىڭ بىرى: «گۆر ئوغلى پالانى يەرگە كەپتۇ !» دېسە خۇش بولىمەن. «چېكىنىپتۇ ياكى قېچىپ كېتىپتۇ» دېسە گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيدۇ. قانداشلىق ئازابىنى تارتىمەن، شۇنىڭ ئۇچۇن سورىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى گۇلئايىم.

گۆر ئوغلى يېڭىۋاشتىن ئۆكسۈپ يىغلىدى، ھاۋازخان ئۇنى مېھمانخانىسىغا باشلاپ ئەكىردى. توققۇز خىل تاماق

تەييارلاپ ئالدىغا قويدى. نېمىنى تەلەپ قىلسا شۇنى قىلدى. ئۇ، گاھىدا گۆر ئوغلىنى «تاغام!» دەپ تىزىدا ئولتۇراتتى، گاھى بوينىنى قۇچاقلاپ باش - كۆزىگە سۆيەتتى.

گۆر ئوغلى:

— بالام ھاۋازخان، سېنى ئەكەتسەم بىزگە ئەل بولامسەن؟! — دەپ سورىدى.

— ئەگەر راستتىنلا ئەكەتسەڭ، جان تاغام دەپ بارىمەن! — دېدى ھاۋازخان.

ھاۋازخاننىڭ سۆزىگە گۆر ئوغلىنىڭ دىلى ئېرىدى، يۈزىگە، پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ئەمەس سۆزلىرىم پىنھان،
سىرنى ئەيلەيىن ئايان.
بىزنىڭ ئەللەر ئاجايىپ،
بارارمۇ سەن ھاۋازخان؟



كۇچلەندۇرەر ئىمانىنى،
كۆرگىن بىزنىڭ تامانىنى.
تاغدا سايرار بۇلبۇللار،
بۇلاقلىرى راۋانىنى.

ئاقسا ئەسقەر بۇلىقى،
كىشنىشۇر ئەل ئۇلىغى.
كۆرگەن كەتكۇسى كەلمەس،
ئۇلاغلارنىڭ يايلىقى.

ئۇزۇن تاغلار قاراسى،
خوپ قايىمدۇر تالاسى.
شۇ تاغلارغا ياز كەلسە،
چىقار بەگلەر بالاسى.

كاناي ـ سۇناي قويىدۇ،
جەرەن ـ كېيىك سويىدۇ.
قىز ـ جۇۋىنى ئارىلاش،
كۆزلەر قاراپ تويىدۇ.

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىڭدىن،
چىققىن ئىسسىق ئۆيۇڭدىن.
ئويۇن ـ كۇلكە دېسەڭ بار،
چىقالامسەن ئېلىڭدىن.

قۇشنى سالغىن كۆلۇمگە،
ئىنتىزار ئەل يولۇمغا.

ئايلانسۇن سەندىن تاغاڭ،
يۇرگىن چەمبىل ئېلىمگە.

ئىگە بول سوۋغىتىمغا،
بەخت قوشۇلسۇن بەختىڭگە.
سادىغاڭ كېتەي، بەگ هاۋاز،
چىققىن تىللا تەختىمگە.

يولۇم چۈشتى زاتىڭغا،
باش ئېگەلمەس ياتىڭغا.
چەمبىلگە بەگ بوپ بېرىپ،
مىنگىن تۇلپار ئاتىمغا.

«چەمبىلگە بەگ دەپ بارساڭ
مىنگىن تۇلپار ئاتىمغا!»

دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ هاۋازخان قورقۇپ كېتىپ:
— ۋاي دادا، مەن تاغاڭ قەمبەر بوۋا دەپ بۇ يەرگە كەلگەن كىشى گۆر ئوغلى ئىكەن. ئۇ، قىزىلباشلارنى قورقۇتقان تۇلپارىنى «مېنى مىنگىن!» دەۋاتىدۇ، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مېنى ئەخمەق قىلغانىكەن،
ئەقلى - هوشۇم ئالغانىكەن.
يىغلىغىلار، يارانلار،
گۆر ئوغلى كەلگەنىكەن.

قان تىلەپ بولۇپ گاداي،
مىنمەي بىرەر غۇنان تاي.

ماڭا ئۇ تاغا بولۇپ،
ئات قويۇپتۇ «قەمبەربوۋاي.»

قولۇمنى باغلاپ توغرى،
ئېلىپ كەتمەك بولۇپ ئوغرى.
قەست بىلەن كەلگەنىكەن،
«قەمبەرمەن» دەپ گۆر ئوغلى.

مېنى تەييار قىلاي دەپ،
سىرلىرىمنى بىلەي دەپ.
كەلگەنىكەن گۆر ئوغلى،
ماڭا چاڭگال سالاي دەپ.

مۇرادىغا يەتمەككە،
كەلگەنىكەن ئۇ يەككە.
قەستلەپ كەلگەنىكەن ئۇ،
مېنى ئېلىپ كەتمەككە.

قىپ كۆرەيلى سەۋەبلەر،
تەقدىردىن ھەرنە كېلەر.
بۇندا كەلگەن قېنى سەن؟
قۇربېشى، مىرغەزەپلەر.

ئەزرائىلدەك سەۋلەتلەر،
يېنىدا شەمشەر پولاتلار.
ئادەم يۇتماي تۇرارمۇ؟
ساپ قان ئىچكەن جاللاتلار.

ئادەمنى يەپ قۇترارمۇ؟
ئەقلى - ھوشى تۇرارمۇ؟
دۈشمەن دېگەن كۈندۈزى،
ئۆيگە كېلىپ تۇرارمۇ؟

كۆزىدىن تۆكۈك ياشلارنى،
تېرىپ ئېلىك قاشلارنى.
مىرغەزەپلەر تۇرۇڭلار!
كېسىڭ، قويماڭ باشلارنى.

ئاڭلىماستىن سۆزلىرىنى،
ئويۇۋېلىڭ كۆزلىرىنى.
ئولتۇرىدۇ ئۆيۈمدە،
مەھكەم باغلاڭ قوللىرىنى.

دادلىسا بەرمەڭ ئامان،
سېلىڭلار بېشىغا ھامان.
قاراپ تۇرماڭ يارانلار،
بولماقتا ئاخىر زامان.

ئاياغىن كەس تىزىدىن،
ئوت چىقارغىن يۈزىدىن.
قاچۇرماستىن باغلاڭلار،
مەن قورقىمەن كۆزىدىن.

ھاۋازخان بۇ نەزمىنى ئوقۇپ، ھويلىدىن دەرۋازىغا قاراپ يۈگۈردى. گۆر ئوغلى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ، ھاۋازخاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يې-

تىپ باردى. ئۇنى مېھمانخانىغا ئەكىلىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئەي قوزام ھاۋازخان، نېمە بولدۇڭ؟ سارالڭ بولدۇڭمۇ؟ ئەگەر ئالجىغان بولساڭ بېشىڭنى تۇتۇپ ساقايتىپ قوياي ! — دېدى.

يىغلاۋاتقان ھاۋازخان كۈلدى. گۆر ئوغلى ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم ھاۋازخان، مەن يىراق يوللارنى بېسىپ جاپا تارتىپ، سېنى كۆرىمەن دەپ بۇ يەرگە كەلسەم، سەن مېنى «گۆر ئوغلى !» دەپ دۈشمەنلىرىمگە تۇتۇپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ مەن كىم؟ گۆر ئوغلى كىم؟ بىلمىسەڭ بىلىپ قوي، گۆر ئوغلى دېگەن شۇنداق سۈرلۈك ئادەمكى: ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئون ئىككىدىن يىگىرمە تۆت كىشى ئولتۇرىدۇ. قۇلاق- لىرى قالقاندەك، كۆزلىرى قاسقاندەك، بېشى يوغان بۇتتەك، قوللىرى چىنارنىڭ شېخىدەك، بۇرنى موردەك، ئاغزى دىۋ- نىڭ گۆرىدەك، يۈزى داپتەك، بۇرۇتى شاپتەك، بۇرنىنىڭ تۆ- شۈكى كونا قاپتەك ھەيۋەتلىك بىر مەخلۇق ! — دېدى.

ھاۋازخان گۆر ئوغلىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ كۈلدى. گۆر ئوغلى سۆزىنى باشلاپ:

— مەن بايىقى سۆزلەرنى، سەن مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇر- غانلىقىڭنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كېتىپ، ئۆزۈمنى گۆر ئوغ- لىغا ئوخشىتىپ ئېيتقان. مەن سېنى «خۇددى گۆر ئوغلىنىڭ تۇلپار ئېتىغا ئوخشاش ئاتقا مىندۇرسەم» دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى. شۇنى ئېيتسام سەن بۇ مەسىلىغا ئېلىپ ئېيتقان سۆ- زۈمنى باشقىچە چۈشەندىڭ. گۆر ئوغلى بىزگە يات. ئەگەر ئۇنى قولغا چۈشۈرسەم گۆشىنى قىيما - چىيما قىلىش ئو- يۇم بار، — دېدى.

ھاۋازخان بۇ سۆزلەرگە ئىشەندى. نامازشام بولدى. كېرەم قاسساپ قويلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ كېلىپ، ئۇ پۇلنىڭ

ھەممىسىنى گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى. گۆر ئوغلى پۇلنى ئۈچكە بۆلدى، بىر بۆلىكىنى كېرەم قاسساپقا «بازارلىق» دەپ بەردى، بىر ھەسسىسىنى گۇلئايىمغا بەردى، قالغان ئۈچىنچى بۆلىكىنى ئۆزى ئالدى.

— سىلەر بۇ پۇلدىن ھاۋازخانغا بەرمىدى دەپ كۆڭ-لۈڭلارغا ئالماڭلار. مەن ئۇنىڭغا تۆت يۈز قارا قوزا ئايرىپ قويغان، ئۇ قوزىلار سېمىزلىكىدىن قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ما-ڭالمىدى، مەن ئۇنى بىر چوپانغا تاپشۇرۇپ كەلدىم. خۇدا نې-سىپ قىلسا ئەتە ئەتىگەندە مەن ھاۋازخاننى باشلاپ بېرىپ ئۇنىڭغا قوزىلارنى كۆرسىتىمەن. ئۇ مەن بىلەن بىللە بېرىپ قوزىلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ قايتىپ كەلسۇن! — دې-دى گۆر ئوغلى. كېرەم قاسساپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خوپ! — دېدى.

ئۇلار زىياپەت بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدى، تاڭ يورۇشى بىلەن كېرەم قاسساپ سەمەن يورغىسىغا مىندى. ھاۋازخاننى ئار-



قىسىغا مىنگەشتۈردى، قوزا كۆرۈپ كېلىشكە راۋان بولدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۆر ئوغلى سۇلتان گۇلئايىمغا قاراپ:

— ئەي سىڭلىم، كۆرۈشسەك - كۆرۈشمىسەك ئامان بولغىن ! — دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

غېرىب سىڭلىم، بۇگۈن قايتاي خوش ئەمدى،
قازا جايغا يولغا چىقتىم خوش ئەمدى.
بىر كۆرگىلى كېلىۋىدىم يىراقتىن،
يەنە قايتىپ كەلگىنىمچە خوش ئەمدى.

گۇلئايىم:
ئوتتۇردا كاۋاپ قىلدى بىر خۇدا،
مەن قىلۇرمەن ئاھ - ۋاھ، خۇداغا.
سىڭلىڭنى مېھرىڭگە قاندۇرماي كەتتىڭ،
ئۈچ - تۆت كۈن تۇرساڭ بولمامدۇ، ئاكا؟

گۆر ئوغلى:
مېھرىڭگە مېنىڭمۇ باغرىم تويمىدى،
تىرىكلىك تۇرارغا مېنى قويمىدى.
ئامان بول، سىڭلىم، يەنە كۆرگۈچە،
بۇ يەردىن كەتمىسەم زادى بولمىدى.

گۇلئايىم:
يىراق چۈشتى بۇگۈن غېرىب سىڭلىڭغا،
پەلەك زەربە ئۇردى مېنىڭ قەلبىمگە.
قايتىپ بارساڭ ئۆز ئېلىڭگە قەمبەرباي،
«سالام» دېگىن ئاۋۋال ئاتا - ئانامغا.

گۆر ئوغلى:
سۆزنى سۆزگە يۇرۇشتۇرسە ئەيىب بولۇر،
گەپ قوغلىساڭ گەپ تۇغۇلۇر، كۆپ بولۇر.
سالامىڭمۇ ساقلاپ بارسام ئېيتىلۇر،
جان دىلىڭدىن «ھە ـ ئە» دېسەڭ خوپ بولۇر.

گۈلئايىم:
موللىلار ئالۇرلەر دۇۋەت ـ قەلەمنى،
يۈرىكىمگە سالدى ئىگەم ئەلەمنى.
سۆز بولسىمۇ سەندىن ئېيتاي قەمبەرباي،
يۇرت ئىگىسى گۆر ئوغلىغا سالامنى.

گۆر ئوغلى:
ئارا چۆلدە ئاتقا قامچا ئۇرغاندۇر،
تەقدىردە نېمە بولسا شۇنى كۆرگەندۇر.
گۆر ئوغلىغا دۇئايىسالام ئېيتىسەن،
گۆر ئوغلىمۇ نەق شۇ يەردە تۇرغاندۇر.

گۈلئايىم:
ئەي قەمبەر باي، جان سادىغا، خەلقىمگە،
غەم چۈشمىسۇن ئىگەم ئاسراپ دىلىمغا.
بار، قەمبەرباي، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم،
بىر ـ بىر سالام دېگىن ئەھلى خەلقىمگە.

گۆر ئوغلى:
بىرنەچچىلەر تاپالمايدۇ ئىزىمنى،
خۇدا گۇۋاھ، ئاڭلا مېنىڭ سۆزۈمنى.

سەندىن بۇگۇن بىرنەرسىنى سورايمەن،
ماڭا بەرگىن بەگ ھاۋازخان قوزاڭنى.

گۇلئايىم:
سەن ئۇزمىگىن تازا باغدىن گۇلۇمنى،
ئەرزىگەيمۇ مەن باغلىسام بېلىمنى.
بىزنىڭ ئەلدىن بولسا ئېيتار گۇلئايىم،
ھاۋازخان ئوغلۇم كۆرەر چەمبىلنى.

گۆر ئوغلى:
ئويلىسام، بۇ دۇنيا پانىيدۇر پانىي،
ئىلگىرى تۇغۇلغان ئادەملەر قېنى؟
مەن راستتىن ئېيتىپ كېتەي، گۇلئايىم،
سورىساڭ ئەسلىمنى چەمبىل سۇلتانى.

گۇلئايىم:
قانداق كۆرسۇن ھاۋاز بالام ئېلىڭنى؟
سۆز سۆزلەيسەن ھېچ تارتماستىن تىلىڭنى.
تىلىڭنى تارت، بىلىپ سۆزلە، قەمبەرباي،
بولمىسا، باغلىتۇرمەن ئىككى قولۇڭنى.

گۆر ئوغلى:
باھاردا گۇل ئېچىلىپ باغقا لىق تولۇر،
بۇندىن كېيىن كۆزدە ياشىڭ كۆل بولۇر.
بىلمەيمەن ئاۋۋالقىدەك سۆزۇڭنى،
كۆرگىنىم يوق بۇرۇنقىدەك يۇزۇڭنى.

گۇلئايىم:
كۆرۈشتۈم، قايتمەن ئەمدى دېسەڭچۇ؟
ھەرنېمە بولسا ئېيتىپ كەتسەڭچۇ!
چەمبىلنىڭ سۇلتانى، خانى دېگۈچە،
ئايرىلدىڭ ھاۋازدىن ئەمدى دېسەڭچۇ؟!

دەپ، بۇ كىشىنىڭ گۆر ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەرۋازدىن يىغلاپ چىقتى. كېرەم قاسساپنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېتىپ بېرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

تەگكەندۇر ساڭا داللاردا مال،
سۆزۈمنى ئاڭلا، ئاڭا قۇلاق سال.
قوزامنى ئارقاڭغا مىندۈرۈپ ماڭدىڭ،
ساڭا يول بولسۇن، يۈرگىن بوۋا، چال.

يۈرىكىمگە سالدىڭ داغۇ ئەلەمنى،
كۆڭلۈمگە سالدىڭ ھىجرانۇ غەمنى.
ئارقاڭغا مىندۈرۈپ كېتىپ بارىسەن،
نەگە ئېلىپ بارىسەن ھاۋاز بالامنى؟

ماڭغان يولۇڭ ھامان ساڭا يول بولسۇن،
دۈشمەنلىرىڭ كېلىپ ساڭا ئەل بولسۇن.
ئۆلمىگەن كۆرىدۇ قىش بىلەن يازنى،
ئايرىغاندۇر ئاغا ـ ئىنىدىن خۇدايىم بىزنى.

كېتەر بولساڭ ئۆزۈڭ كەتكىن داللىغا،
قويۇپ كەتكىن بۇندا ھاۋاز بالامنى.

يۈرىكىمگە قويماي غەم بىلەن داغنى،
قۇلۇڭ ئېيتۇر: ئارماندا قويما ئۇكاڭنى.

قوزا بار، دەپ بارارسەن قەمبەر بوۋاي،
قەمبەر بوۋاي دەپ، ئاخىر بولدۇڭ گۆر ئوغلى.
مېنى ئالداپ ئېلىپ ماڭدىڭ بالامنى،
خورلىمىغىن، مېنىڭ بىر تال ئوغلۇمنى.

گۈلئايىم دەر: ئاڭلا ئېيتقان سۆزۈمنى،
سارغايتتى قارا پەلەك مېنىڭ يۈزۈمنى.
قوزام، دەپ ئايرىلدىم ھاۋاز قوزامدىن،
تالاغا چىقارما ھاۋاز قوزامنى.

گۈلئايىم يۈزىنى تاتىلاپ داد - پەرياد قىلدى. ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغىنىنى بىلىپ، گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەي چىراغىم، بىلىقىنىڭ تىرىكلىكى سۇ بىلەن، مېنىڭ تىرىكلىكىم ھاۋازخان بىلەن ئىدى. ئۇنى ئاۋۋال خۇداغا، ئاندىن قالسا ساڭا تاپشۇردۇم، — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سۆزنى ساڭا كۆيگىنىمدىن يوشۇردۇم،
ئۇلۇغلاپ ئايىغىڭغا باش ئۇردۇم.
ئاۋايلاپ ئۆستۈرگەن يالغۇز شۇڭقارنى،
پەملىمەستىن ئۇۋىسىدىن ئۇچۇردۇم.

مەن داۋا تاپالمىدىم ئۇشبۇ يارىغا،
سېنىڭ ئېيتقان سۆزۈڭگە بولاي سادىغا.
ئەركە ئۆسكەنىدى بەگ ھاۋاز بالام،
غەزەپ بىلەن ئاي يۈزىگە قارىما!

كۆرۈپ، بىلىپ ئىچكەندىكى تۇزۇمنى،
ساڭا ئېيتاي ئەمدى پىنھان سۆزۈمنى:
ئاچچىقلىنىپ ئۇنىڭ دىلىن ئاغرىتما،
ھىيلە بىلەن ئېلىپ چىقتىڭ قوزامنى.

غېرىب قىلىپ يۈرەك ـ باغرىن داغلىما،
گۆرۈجىستان يولىنى ئاڭا باغلىما.
ھاۋازخاننى ئەمدى ساڭا تاپشۇردۇم،
خاپا قىلىپ يالغۇزۇمنى يىغلاتما !

ھەربىر سۆزنى ئويلاپ ـئويلاپ قىلىمەن،
ئامان ـ ئېسەن كەتمىكىڭنى تىلەيمەن.
بىر ئەر ئۆزۈڭ، ساق ـ سالامەت ئەلگە بار،
قەست قىلغاننى ئۆلتۈرۈشكە يارايمەن.

مەن قالىمەن، كەتكىن بۇندىن سالامەت،
ئەر بولساڭ ئەسلەرسەن بىزنى داۋامەت.
خۇش بولغىن تا كۆرگۈچە، گۆر ئوغلى،
بەگ ھاۋازنى ساڭا بەردىم ئامانەت.

ساق ـ سالامەت ئەمدى بۇندىن ئەلگە بار،
ھاۋاز ئۇچۇن مەن دائىما ئىنتىزار.
ئېلىپ كەتتىڭ يۈرىكىمنى، گۆر ئوغلى،
قان يىغلايمەن ھىجراندىمەن زارۇزار.

گۈلئايىم بۇ نەزمىنى ئوقۇپ، زار ـ زار يىغلاپ ئامانلىق تىلەپ قالدى، گۆر ئوغلى يولۋاستەك پىرقىراپ شەھەردىن چىقتى، كېرەم قاساپ بىلەن ھاۋازخاننىڭ ئارقىسىدىن يې-

تىپ باردى، ئۆلارغا:

— ئەنە قوزا، مانا قوزا، — دەپ تاغدىن كۆپ قوزىلارنى كۆرسىتىپ ئۆلارنى باشلاپ كېتىۋەردى. تۆت يۈز دېگەن قوزا يەتتە يۈز بولدى، باياۋان قوزىغا تولدى، ھاۋازخاننىڭ يۈرىكى- گە ۋەھىمە چۈشتى، ئۇ كېرەم قاسساپقا:

— بۇ ئىش ھىيلە ئوخشايدۇ، — دېدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۆلمىسۇن، دوستلار ئۆلمىسۇن،
دۈشمەننىڭ زادى كۈلمىسۇن.
ئاتا، بولدى قىل بۇ ئىشنى،
بۇ شۇملۇقنىڭ بېشى بولمىسۇن.

بىر چۈش كۆردۈم بۇگۈن يامان،
ھەقتائالا قىلسۇن ئامان.
بۇ قوزىغا كۆپ قىزىقما،
ئېلىپ كېتىش بولدى گۇمان.

تۆت يۈز ئىدى، يەتتە يۈز بولدى،
باياۋان قوزىغا تولدى.
ئاتا، بىردەم تۇرۇپ ئويلان،
پۈتۈن ئەتراپ قوزا بولدى.

ئايىغىڭدىن ئايرىلمىغىن،
قانىتىڭدىن قايرىلمىغىن.
بۇ قوزىغا كۆپ قىزىقىپ،
ھاۋازىڭدىن ئايرىلمىغىن.

بىرنەچچىنىڭ باغرى داغلى،
كۆرەرسەن ھىجران نە چاغلى.
قوزا دەپ ئالداپ ئېلىپ كەلگەن،
بوپ قالمىسۇن بۇ گۆر ئوغلى.

كۆپ قورقىمەن كۆزلىرىدىن،
مېڭىۋەرمە ئىزلىرىدىن.
كېچە يامان قورققانىدىم،
ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىدىن.

بۇنداق قوزا تولا ئىكەن،
ئۇنى چارلاپ يۈرەر ئىكەن.
بېرىپ ئەمدى قەمبەر بايغا،
شۇ قوزىلار بولار دېگەن.

مەنمۇ قايتاي سېنىڭ بىلە،
ئاتا مەندىن سەنمۇ كۈلمە.
سىناش ئۈچۈن قەمبەر بايدىن،
بېرىپ ھازىر جاۋاب تىلە.

ھاۋازخان دەر: قوزا قۇرۇسۇن،
كېچىكى گەپ ئەستە تۇرسۇن.
يېتىپ كەلسە قېچىپ بېقىڭ،
قەمبەربايىنىڭ يۈزى قۇرۇسۇن.

كېرەم قاسساپ ھاۋاز خاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:
— راست دېدىڭ، — دەپ ھەيران بولدى، گۆر ئوغلىغا قاراپ، — ھەي قەمبەر باي، ئەمدى بىزگە جاۋاب بەرگىن.

بىز ئىككىمىز شۇ قوزىلارنى ھەيدەپ قايتىپ كېتەيلى ! — دېدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان كېرەم قاسساپقا:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ ! — دەپ بىر ئالىيىپ قارىدى. گۆر ئوغلىنىڭ كۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى، بۇ كۆزنى كۆرگەن ئادەم ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى. كېرەم قاسساپ بۇ كىشىنىڭ گۆر ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ «بىزگە ھىيلە ئىشلىتىپ بۇ يەرگە ئالداپ ئەكەپتۇ» دەپ ئويلاپ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ ياناماقچى بولدى.

گۆر ئوغلى سۇلتان كېرەم قاسساپقا قاراپ:

— سەن خۇنخار شاھقا نېمە ئىشنى كۆرگەن بولساڭ شۇنى دېگىن، مەن بۇ يەردە تۇرىمەن ! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:



ئۆچ كۆنگچە ئىزدىسەڭ لاچىندىن تاپ،
سەن كەلمەي بىز قەدەم قويمايمىز تەۋرەپ.
ھاۋاز بىلەن ھەر ئىككىمىز شۇندا تۇرىمىز،
شاھىڭغا «سالام» دە ئەي كىرەم قاسساپ.

مەنمۇ ئىشرەت تۇلپارىمنى چاپايىن،
رۇستەمدەك ئۇرۇشنى بۇندا قىلايىن.
شاھىڭغا «سالام»دە، ئەتىراق بىرىپ،
سىلەر كەلگۈچە يىراق كەتمەيىن.

ئۇمىدىم كۆپ، تاڭلا ھەق قىلغاي شاپائەت،
«بەندەم» دەپ يوقلىغاي ھەسرەتلىك سائەت.
بۇ يەردە ياتىمەن سىلەر كەلگۈچە،
قىلماستىن كەتمەيمەن بۇندا قىيامەت.

ئۇرۇش بولسا شىرىن جاندىن كەچمەيىن،
سۇ ئورنىغا قىزىل قاننى ئىچمەيىن؛
بۇ يەردىن كەتمەيمەن سىلەر كەلگۈچە،
دۈشمەنلەرگە نەيزىلەرنى سانجىمايىن.

نىسىپ بولسا زورلۇقۇمنى بىلدۈرەي،
دۈشمەنلەرنىڭ يۈرەك ـ باغرىن تىلدۇراي.
بۇ يەردىن كەتسەڭ كەلگىن ئەي كىرەم،
قىزىل قاننى ئۆزەڭگىدە ئاقتۇراي.

ئىگەم قويمىسۇن بىزنى دەرماندا،
خۇدايىم قىلمىسۇن بىزنى شەرمەندە.

شاھىڭغا «سالام»دە ئەي كېرەم قاسساپ،
دېمىسۇن يولۇقماي قالدىم ئارماندا.

گۆر ئوغلىدىن ئاڭلا ئۇشبۇ كالامنى،
شاھىڭغا ئېيتىپ بېرىپ مەندىن سالامنى.
سىزلەر كەلگۈچە بۇندىن كەتمەيمەن،
تىكتىم مەن بۇ جەڭگە ئۆتكۈر كاللامنى.

گۆر ئوغلى بۇ سۆزلەرنى دەپ، كېرەم قاسساپنى يولغا سالدى. ھاۋازخاننىڭ قولىدىن يېتىلەپ تۇلپارنىڭ قېشىغا ئەكەلدى. گۆر ئوغلى ئۆزىنىڭ ياراغلىرىنى ئاستى ۋە ھاۋاز-خانغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يۈرىكىمدە كۆپتى ئەلەم،
خۇشۋاخ بولدۇم، كەتتى ئۇ غەم.
بىر سۆز ئېيتاي ئاڭلا بۇنى،
تەرىپىڭنى ئاڭلاپ بالام،
كەلدىم مانا، مىن تۇلپارغا.

ھاۋازخان:
مۇساپىرمەن بۇندا ئۆزۈم،
ئاتا، ئاڭلا ئېيتاي سۆزۈم.
مەن ساڭا شۇنى ئېيتاي،
ھەر تەرەپتە ئىككى كۆزۈم،
گۆر ئوغلى، مىنمەيمەن ئېتىڭغا.

گۆر ئوغلى:
مەيداندا ئات چالدۇرمىغىن،
پەيمانىڭنى تولدۇرمىغىن.
مېنىڭ سۆزۈمنى قايتۇرۇپ،
ئاچچىقىمنى كەلتۇرمىگىن،
بەڭۋاش ھاۋاز، مەن تۇلپارغا!

ھاۋازخان:
باتۇرلارنىڭ ئۇستازىمەن،
شۇڭقار ئېلىنىڭ بازىمەن.
ئەرمۇ ياكى خوتۇنمۇسەن؟
ئۆلتۇرسەڭ ئۆلتۇر، رازىمەن،
گۆر ئوغلى، مىنمەيمەن ئېتىڭغا!

گۆر ئوغلى:
ئارقىمىزدىن لەشكەر كېلۇر،
تۆت تەرەپتە قورشاپ ئالۇر.
ھەرقايسىسى نەيزە ئېلىپ،
بېشىمىزغا غوۋغا سالۇر،
كەلگىن، بالام، مەن تۇلپارغا.

ھاۋازخان:
ئارقىمىزدىن ياتلار كەلمەي،
كەلسە تاغلار قانغا تولماي.
كەلگەن ئاشۇ قىزىلباشقا،
شىردەك بولۇپ قىلىچ سالماي،
گۆر ئوغلى، مىنمەيمەن ئېتىڭغا.

گۆر ئوغلى:
قوشۇن كېلۇر بايراق ـ بايراق،
دەشت ـ باياۋان تولار شۇنداق.
كۆپ دۇشمەننى يالغۇز ئۆزۈم،
سورۇيمەنغۇ قىلىپ تۇپراق،
بەگ هاۋازخان، مەن تۇلپارغا.

هاۋازخان:
سۆز قىلسەن مېنى بىلمەي،
قىيامەتنىڭ كۈنى بولماي.
نەدەپ ماڭا سۆز ئاچىسەن؟
رۇستەم سۈپەت سوقۇش قىلماي،
گۆر ئوغلى، مىنمەيمەن ئېتىڭغا.

گۆر ئوغلى:
تۇلپارىمنى قايرىمايمەن،
سۆزۈڭگە كۆپ قارىمايمەن.
قېرىپتىمەن ياشلىق كېتىپ،
ئۇرۇشنى مەن خالىمايمەن،
مىنگىن، بالام، كەل تۇلپارغا.

هاۋازخان:
باتۇر بولۇپ ئۇرۇش قىلماي،
يولۋاسلاردەك يۇرۇش قىلماي،
ئۇزەڭگىدە قانلار كەچمەي،
قايتار بولساڭ تۇرۇش قىلماي،
مىنمەيمەن، گۆر ئوغلى، ئېتىڭغا.

گۆر ئوغلى:
ئوتتۇز ياشلىق ۋاقتىم كېتىپ،
ئوتتۇرا ياشلىق كەلدى يېتىپ.
بۇ شەھەرنىڭ لەشكىرىگە،
تۇرالمايمەن تاقەت ئېتىپ،
كەلگىن، بالام، مەن تۇلپارغا.

ھاۋازخان:
مەيدان ئىچرە كىرگەن ياخشى،
دۈشمەننى خوپ قىرغان ياخشى،
ياۋنى كۆرمەي قېچىش نومۇس،
ئۇرۇش قىلىپ ئۆلگەن ياخشى،
مىنمەيمەن، گۆر ئوغلى، ئېتىڭغا.

گۆر ئوغلى:
بۇ تەلپىكىدىن يانغان ياخشى،
بەندە تاغدىن ئۆتكەن ياخشى،
ياۋنى ئەگەر يېڭەلمىسەڭ،
ئۇرۇشماستىن كەتكەن ياخشى،
كەلگىن، بالام، مەن تۇلپارغا.

ھاۋازخان:
ئەجەل يەتسە ئۆلگەن ياخشى،
تەقدىرىنى كۆرگەن ياخشى،
ياۋدىن قېچىپ كۈن كۆرگۈچە،
قارا يەرگە كىرگەن ياخشى،
مىنمەيمەن، گۆر ئوغلى، ئېتىڭغا.

گۆر ئوغلى:
ئەر يىگىتلەر ئۇرۇش قىلۇر،
دۇشمەن كۆرسە يۇرۇش قىلۇر.
قىرىق مىڭ لەشكەر بېسىپ كەلسە،
يالغۇز قانداق تۇرۇش قىلۇر؟
كەلگىن، بالام، مىن تولپارغا.

ھاۋازخان:
ھاۋازخان دەر ئۇرۇش قىلماي،
دۇشمەنلەرگە قىلىچ سالماي،
خۇدا بەرسە بۇ دۇشمەندىن،
قىرىپ يۇرۇپ ئۆچۈم ئالماي،
مىنمەيمەن، گۆر ئوغلى، ئېتىڭغا.

گۆر ئوغلى:
گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلا!
ھىممەت بىلەن كەلدىم تەنھا.
ئوغۇل بولساڭ شۇنداق بول،
ھىممىتىڭگە بارىكاللا،
كەلگىن، بالام، مىنگىن ئاتقا.

گۆر ئوغلى ھاۋازخاننىڭ بۇلبۇلدەك تىللىرىدىن، شېكەردەك سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ «خۇدايا شۇكۇر» دەپ ئولتۇردى.

كېرەم قاسساپ بالىسىدىن ئايرىلىپ، قانتىدىن قايرىلىپ، ئېتىغا قامچا سالدى، تىنماي يۇرۇپ گۇرۇجىستان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، خۇنخار شاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ۋەقەنى بايان قىلدى.

خـۇنخـار شـاھ بـۇ ۋەقـەنى ئـاڭلاپ ئـاچچىقلاندى، دەرھال كاناي ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباقلىرىنى چالدۇردى، دەرۋازىنىڭ قانىتىدەك قىلىچ ئاسقان يىگىرمە ياش بىلەن قىرىق ياشلار ئارىسىدىكى پالۋانلىرىدىن قىرىق مىڭنى جەڭگە تەييارلىدى. ئۆزى باش بولۇپ گۆر ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، ناماز پېشىن بىلەن گۆر ئوغلى تۇرغان يەرگە يېتىپ كەلدى.

گۆر ئوغلى ھاۋازخاننى تاغقا چىقىرىپ قويۇپ، تۇلپارىنى چىرقىرىتىپ، يەر ـ زېمىننى گۈركىرىتىپ، قىلىچ ـ نەيـ ـزىسىنى پارقىرىتىپ دۈشمەنلىرىگە بىر ئۆزى يالغۇز ئات قويدى.

بىسمىللا دەپ پىرلىرىنى يادىغا ئالدى، ئۇلاردىن مەدەت تىلىدى، دۈشمەنلىرىنى سۇر ـ توقاي قىلىپ قاتتىق جەڭ قىلدى؛ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ئارام ئالماي، يېمەي ـ ئىچمەي جەڭ قىلدى، دۈشمەنلىرىنىڭ ھالىنى تەڭ قىلدى. ئۆزىنىڭمۇ لەۋلىرى قۇرۇدى، تەڭرىگە سىغىندى. يەر ـ ئاسـ ـمان ئارىسىنى تۇمان قاپلىدى. ئۇ ئاشۇ چاغدا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئىگىمىزدۇر قادىر مەۋلان،
يۈرىكىمدە كۆپتۇر ئارمان.
شىردەك بولۇپ گۆر ئوغلى،
ئات قويدى مەيدان ئىچرە.

دۈشمىنىنى دىرىلدىتىپ،
نەيزىسىنى پىرىلدىتىپ،
تۇلپارىنى غىرىلدىتىپ،
ئات چاپتى مەيدان ئىچرە.

تەقدىردىن بولغان ئىشلار،
ئوڭ ۋە سولنى كۆزلەشلەر،
تىللادىن سوقۇلغان قىلىچلار،
چېپىلدى مەيدان ئىچرە.

ئۇرۇش قىلىپ چېچىپ ئوت،
دۇشمەننى قىلىپ نابۇت،
زەر قۇببە، ئالتۇن ساۋۇت،
چېچىلدى مەيدان ئىچرە.

تاماشانى كۆردى پالۋان،
دۇشمەن بولدى تالقان ـ تالقان،
ئالتۇن قۇبىا، كۈمۈش قالقان،
يېيىلدى مەيدان ئىچرە.

ئۇنتۇلدى ئاش بىلەن نان،
ئۇرۇش قىلدى گۆر ئوغلى خان،
جەڭ ئىچىدە شېرىن جان،
چېپىلدى مەيدان ئىچرە.

يار بېشىغا قۇردى چېدىر،
يېيىلىشتى سەپكە باتۇر،
ئۇرۇش قىلىپ تاقۇر ـ تۇقۇر،
ئېتىلدى مەيدان ئىچرە.

ئۇرۇشتا پالۋان بايراقلار،
ئاستىدا ئاتلار ئويناقلار،

تىللا كەمەر بويتاقلار،
شىر بولدى مەيدان ئىچرە.

بارچە دۈشمەن بىردەك بولۇپ،
گۆر ئوغلىغا شىردەك بولۇپ،
بەزىلىرى پىلدەك بولۇپ،
خوپ ئېلىشتى مەيدان ئىچرە.

بۇ ئۇرۇشتىن ئەقلى شېشىپ،
ئاتا ـ بالىدىن ئادىشىپ،
مىنگەن ئېتى قېقىلدىتىپ،
چېپىلدى مەيدان ئىچرە.

لەشكەر چۈشتى ھەرقاياندىن،
ئەزىمەتلەر كەچتى جاندىن،
ئۇ بىر ياندىن، بۇ بىر ياندىن،
ئېتىلدى مەيدان ئىچرە.

گويا بولدى ئاخىر زامان،
دۈشمەنگە بەرمەس ئامان،
تاغنى باستى قويۇق تۇمان،
ئات قويدى مەيدان ئىچرە.

بەگلەر ئىستەر پاناھ جاي،
دەرلەر: «خۇدا ئاسرىغاي»،
ئالتۇن كاناي، كۈمۈش سۇناي،
يېرىلدى مەيدان ئىچرە.

دۈشمەن قىلدى ھەملىلەر،
ساۋۇت كىيگەن بەزىلەر،
قىزىل پۆپۈك نەيزىلەر،
چىچىلدى مەيدان ئىچرە.

ئازغاشتى ئەقلىدىن كۆپلەر،
پەرۋا قىلماي ئەقىل كۆپلەر.
ئەجدىھادەك كاتتا بەگلەر،
قىچقىرار مەيدان ئىچرە.

ئۇرۇش قىلدى ئەلۋان - ئەلۋان،
سىغىنغىنى قادىر مەۋلان،
شۇ سۇپەتتە گۆر ئوغلى خان،
قان كەچتى مەيدان ئىچرە.

گۆر ئوغلى خان شۇ تەقلىدتە تەنھا ئۇرۇشتى، دۈشمەنلەرنى ئۇيان - بۇيان سۈردى، قاتتىق جەڭ قىلدى. گۆر ئوغلى ئاتلىقلارنىڭ ئۇستىگە ئات قويىتتى. ئۇ ھاردى، ئۇسسىدى، چارچىدى. كېتىپ بېرىپ ئاتا - بوۋىلارنى ۋە ئۆتكەنلەرنىڭ روھىنى ئەسلەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاتىمىز ئادىمى سېپى،
مەددەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.
بۈگۈن يىغلار غېرىب بۇ تەن،
مەددەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

يىغلايمەن ئەينى نامازشام،
كۆڭلۈم تاپماس ھېچ ئارام،

كۆچ ـ قۇۋۋىتىم بولدى تامام،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

كۆككە يەتتى زارلىرىم،
يۈزۈمدىن كەتتى ئارلىرىم،
قول ئۈزدۈڭمۇ، ئەي پىرلىرىم،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

گۆر ئوغلى دەر ئاڭلا سۆزۈم،
تەلمۈردى سىلەرگە كۆزۈم،
قانداق قىلاي يالغۇز ئۆزۈم،
مەدەت بېرەر كۈندۈر بۈگۈن.

گۆر ئوغلى بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ تۈگەتكەندە كۆزىگە جەڭ مەيدانى ئىچىدە ئاق تون كىيگەن، بېشىغا ئاق دەستار ئورىغان، قىزىل يۈزلۈك، ئاق ساقاللىق بىرمۇنچە ئادەملەر كۆرۈندى، ئۇلار دۈشمەنلەر بىلەن قاتتىق جەڭ قىلاتتى، ئۇلار خۇنخار شاھنىڭ لەشكەرلىرىگە ھەر قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا: «ئاللاھۇ ئەكبەر !» دەپ قىچقىراتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى كېلىپ:

— ئەي گۆر ئوغلى، ئالدىرىما، تاماشا كۆر ! — دېدى.

يەزىدىلەر بۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، قېچىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

گۆر ئوغلى سۇلتان بۇ ئىشتىن زوقلىنىپ خۇش بولدى، ئۇ ئالتۇن ئېگەرلىك، زەر ياقىلىق تونلارنى تاماشا قىلدى. گۆر ئوغلى سۇلتان كەيپى چاغ ھالدا ھاۋازخاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئالتۇن ئېگەرلىك ئولجا ئاتتىن بىرنى

تەقدىم قىلدى، قالغان ئولجا ئاتلارنى ئالدىغا سالدى. يۈز ئاتقا ئولجا ئالتۇنلارنى ئارتىپ، تاغ بېشىغا چىقتى. ھاۋازخان ئارقىسىغا قاراپ يىغلىدى، يۇرتداشلىرى بىلەن غايىبانە سۆزلىشىپ، خوشلىشىپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئالدىمدا كۆرۈنەر بەتبەختىنىڭ يولى،
قانچە كۆنلۈك يول ئىكىن بىلمەيمەن چۆلى؟
ئامان بولغىن قايتا سېنى كۆرگۈچە،
ئويناپ ئۆسكەن ئانا يۇرتۇمنىڭ ئېلى.

ئەرلىك سالدى بۇ بېشىمغا ھىجرىنى،
كىم كۆرۈپتۇ ئەجدىھانىڭ زەھرىنى.
ئامان بولغىن گۈرۈجىستاننىڭ شەھرى،
قانداق ئۇنتاي ئانا يۇرتنىڭ مېھرىنى.

ئامان بولغىن يەنە قايتىپ كەلگۈچە،
ئاق سۈت بەرگەن ئايىم خۇش قال، كۆرگۈچە.
ۋەيران كۆڭلۈم بوگۈن قاينار ئۆزگىچە،
ئېسەن بولساق كۆرۈشەرمىز ئۆلگۈچە.

ئامانلاشماي بىزلەر شۇنداق ئايرىلدۇق،
غېرىب سىڭلىم سۇندى قانات، قايرىلدۇق.
كۆرۈشكۈچە ئارمان بىلەن زارلىدۇق،
ئېسەن بولساق كۆرۈشەرمىز بىز، دېدۇق.

ئوت تۇتاشتى بەگ ھاۋازنىڭ ئىچىگە،
مەن قارارمەن ئەمدى قايسى كىشىگە.

سالامىمنى ئېلىپ كېلەر تۇرنىلار،
ئاتام رازى بولسۇن تەقدىر ئىشىگە.

ئاچچىقلىنىپ قارىمىدىم ئۇنىڭ بەستىگە،
مەن بارارمەن گۆر ئوغلىنىڭ يۇرتىغا.
غېرىبلىقتا يىغلاپ قالدى بىر ئانام،
ئانام رازى بولسۇن بەرگەن سۈتىگە.

كۆچ قۇرامدا قاناتىمدىن قايرىلدىم،
يۇرەكتە داغ، مەن بېغىمدىن ئايرىلدىم.
ئامان بولۇڭ بارچە ئاكا ـ ئىنىلەر،
ئارمان بىلەن مەن سىلەردىن ئايرىلدىم.

قۇلاق سالغىن مەن ئەيلىگەن ناۋاغا،
جانۇ دىلىم بارچىڭىزغا ساداغا.
كۆرىمەنمۇ، كۆرمەيمەنمۇ سىزلەرنى،
ئامانەت تاپشۇردۇم سىزنى خۇداغا.

ھاۋازخان بۇ نەزمنى ئوقۇپ بولۇپ يىغلاپ گۆر ئوغلىغا قوشۇلۇپ تاغ بېشىدىن چۈشتى، چەمبىلگە قاراپ راۋان بولدى. يول بېسىپ، چۆلنى كېسىپ چەمبىلگە كەلدى. چەمبىلنىڭ پەشتاقلىرىنى كۆردى. گۆر ئوغلى ھاۋازخانغا قاراپ، بۇ يەرلەرنىڭ باغلىرىنىڭ، تاغلىرىنىڭ، كۆللىرىنىڭ، پەشتاقلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

خۇدا بولدى مەن غېرىبقا مېھرىبان،
مەيداندا ئاقتۇردۇم سۇدەك قىزىل قان.

مەن ئايلىناي بويۇڭدىن مىلىڭ چىراغىم،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلا بۇنى، ھاۋازخان.

قۇلاق سالغىن، ھاۋازخان، ئاتاڭ تىلىگە،
غېرىب بولۇپ چۈشتۈم چەمبىل ئېلىگە.
بويۇڭدىن ئۆرگۈلەي، ئوغلۇم ھاۋازخان،
كۆزۈڭ ئاچقىن، كەلدۈق چەمبىل ئېلىگە.

ئەنە كۆرۈندى چەمبىلنىڭ باغى،
بۇلبۇللار قونۇپ، ئۇچارلار زاغى.
كۆزۈڭ ئېچىپ يەر - سۇيىنى تونۇغىن،
كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەلنىڭ بۇلاغى.

كۆزۈمنى تۇتۇپتۇ چاڭنىڭ غۇبارى،
يىراقتىن كۆرۈنەر چەمبىل مۇنارى.
كۆزۈڭنى ئېچىپ قارا، بەگ ھاۋاز،
پارقىراپ كۆرۈنگەن چەمبىلنىڭ دارى.

تولا قاراپ ئاقتى كۆزۈمنىڭ ياغى،
بىر تاش كېلىدۇ چەمبىل ئۇزاغى.
مۇنارە قېشىدا ئەڭ چوڭ كۆرۈنگەن،
پارچىسىدۇر مەدرىسىنىڭ پەشتاغى.

باغلانسۇن، ھاۋازخان، دۈشمەننىڭ قولى،
بىز كېلىۋاتقان جاي چەمبىلنىڭ چۆلى.
شۈكۈر لىللاھ ئەمدى كەلدۇق چەمبىلگە،
ئەنە، ئۇ كۆرۈنگەن ئۆردەكنىڭ كۆلى.

ئات چىپىشقا ئەپلىك ئۆردەك دالاسى،
ئويناىدۇ ئۆردەكنى بەگلەر بالاسى.
گۆر ئوغلى دەر: كەلدۇق چەمبىل ئىلىگە،
ئالدىمدا تۇرغان چەمبىل قەلئەسى.

گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىنى ھاۋازخان ئاڭلاپ كېلىۋاتقاندا، چەمبىل شەھىرىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە:

— ھارماڭ، تۆرەم ! — دەپ گۆر ئوغلى ھەم ھاۋازخانلار بىلەن كۆرۈشتى، ئۇلار ھەققىدە ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

ھاۋازخاننىڭ قەددى - قامىتىگە، سۇلايماندەك سۆلىتىگە، قەلەمدەك قېشىغا، شېكەردەك سۆزىگە، ئالمىدەك مەڭزىگە قاراشىپ پۈتۈن شەھەر خەلقى:



— ئادەمزاتتىنمۇ شۇنداق پاكىز زات ۋۇجۇدقا كېلىدىكەن، بۇ يىگىت كىشىلەرنىڭ تەرىپلىگىنىچە بار ئىكەن، — دەپ ئۇنىڭ ھۆسنىگە تەھسىن - ئاپىرىن دېيىشتى.

شۇ چاغدا گۆر ئوغلىنىڭ ئاغا يۇنۇس پەرى باشلىق ھەممە خوتۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار گۆر ئوغلىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى، ئاغا يۇنۇس پەرى ئېتىدىن چۈشۈپ بېرىپ ھاۋازخاننى «ئوغلۇم» دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاۋازخاننى ئېلىپ چەمبىلنىڭ شەھىرىگە كىردى. ھەممىلىرى خۇشال - خۇرام بولۇشتى. گۆر ئوغلى ھاۋازخاننى تۆت يۈز يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭ كۆڭلى غەمدىن خالاس بولدى. يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئوڭ قولىغا بىر ئاياق شارابنى ئالدى. ھاۋازخانغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

سەنسەن مېنىڭ قىزىلگۈلۈم،
بەلكى مېنىڭ جانۇ دىلىم،
بەگ ھاۋازخان ئەزىز ئوغلۇم،
قوزام، تالدۇرما - تالدۇرما.

غازات قىلغىن شىردەك بولۇپ،
دۈشمەن قالسۇن يەردەك بولۇپ،
جەننەت ئىچىدە ھۆردەك بولۇپ،
قوزام، تالدۇرما - تالدۇرما.

كۈندەك نۇرلۇق يۈزۈڭ تاۋلاپ،
دۈشمەن ئارىسىنى ئارىلاپ،
يىگىتلەرنى سەرخىل تالالاپ،
گۈلۈم سولدۇرما - سولدۇرما.

دۈشمەن چەكسۇن قايغۇ ـ مېھنەت
قىرىق پادىشاھ ساڭا ئۇلپەت،
بۇدۇر ساڭا بىر غەنىيمەت،
قوزام، تالدۇرما ـ تالدۇرما.

گۆر ئوغلى دەر شۈكۈر لىللا،
ھاۋاز ئوغلۇم ساڭا دىلخا،
پانى ئىرۇر ئۇشبۇ دۇنيا،
بالام تالدۇرما ـ تالدۇرما.

ھاۋازخان گۆر ئوغلىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇش بولدى، ۋاقتى چاغ ھالدا يىگىتلەر قاتارىدا ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىشتى. گۆر ئوغلى ھاۋازخاننىڭ بېشىغا ئالتۇن تاج كىيدۈردى، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىدى، شاھانە تون كىيدۈردى. ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مۆھرىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى، پۈتۈن شەھەرنى ئۇنىڭغا بېرىپ ئۇنى سۇلتان قىلدى. بۇ ئىشلار يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولۇپ، ھەممىسى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشتى.

ئەمدى سۆزنى بىز قاراخان پادىشاھتىن ئاڭلايلى:

قاراخان پادىشاھنىڭ قىرىق مىڭ لەشكىرى بار ئىدى. يەنە زەينەپشاھ ئايىم دەپ بىر قىزى بار ئىدى. گۆر ئوغلى يىگىرمە بىر كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ ھاۋازخانغا ئۇنى ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن بىر قىز، بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. ئوغلىنىڭ ئېتىنى ئېلخان، قىزىنىڭ ئېتىنى نۇرخان قويدى.

بىر كۈنى گۆر ئوغلى سۇلتان قول ئاستىدىكى شاھلارغا قاراپ:

— ئەي پادىشاھلار، توقسان لەك لەشكەر جەمئىي بوپتۇ.

بىز بۇ كۆچ بىلەن شەھەرلەرگە داڭقى كەتكەن دانىيات دېگەن پالۋاننىڭ شاختار دېگەن شاھى بىلەن شەھىرىنى قولغا چۈ- شۈرسەك، — دېدى. ئۇلار بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ يولغا چىقتى. لەشكەرلەر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، تەجەن دەر- ياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كېلىشتى. شۇ چاغدا گۆر ئوغلىنىڭ تاغىسى ئەھمەدخان:

— ئەي گۆر ئوغلى، شەھەر يالغۇز قالدى. شەھەرنى ساقلىغىلى بىر كىشى بىلەن لەشكەر ئەۋەتسەك ! — دەپ تەكلىپ بەردى. گۆر ئوغلى:

— كىمنى ياندۇرساق بولار؟ ! — دېدى.

ئەھمەدخان:

— مانا بۇ ھاۋازخاننى ياندۇرايلى ! — دېدى. گۆر ئوغ- لىنىڭ بۇ سۆزگە ئاچچىقى كەلدى.

— ئەي ساقىلى ئاقىرىپ تېخى دىلى ئاقارمىغان تاغام، مېنىڭ پىرى ئۇستازلىرىم چۈشۈمدە سېنىڭ كۆرگەن ۋە كۆ- رىدىغان دۆلىتىڭ كېرەم قاسساپنىڭ ئوغلى ھاۋازخاننىڭ پېشانىسىدە دەپ بېشارەت بەرگەن. مەن شۇنچە لەشكەرلەر بى- لەن ھاۋازخاننىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ جەڭگە كېتىۋاتسام، سەن شۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە ھاۋازخاننى ياندۇرساق، دەيسەن. شۇ سۆزۈڭ ئۈچۈن مەن سېنى قىرىق ئاتلىق لەشكەر بىلەن شەھەر ساقلاشقا ياندۇرىمەن ! — دېدى.

ئەھمەدخان كۆپچىلىك ئالدىدا ئىزا تارتتى، لېكىن ئۇنىڭ قىرىق ئاتلىق لەشكەرنى ئېلىپ ئارقىسىغا يانماي ئىلاجىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، گۆر ئوغلى سۇلتان دېگەن سۆزىدىن ياز- مايدىغان ئادەم ئىدى. ئەھمەدخان ئارقىسىغا ياندى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، ئۆز - ئۆزىگە: «خەپ ! مەن سېنىڭ قىلغىنىڭغا شەھەرگە قايتىپ بېرىپ ئۇنى خانىۋەيران قىلىۋەتمىسەم،

ئەھمەدخان دېگەن ئېتىمنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن !» دېدى. ئۇ بىر-نەچچە كۈن يول يۈرۈپ چەمبىل شەھىرىگە كەلدى. دەرۋازىنى قاقتى، دەرۋازىۋەنلەر:

— مەزگىلسىز دەرۋازىنى ئۇرغان كىم ؟ ! — دەپ سو-رىدى. ئەھمەدخان:

— مېنى گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخان شەھەرنى ساقلىغى-لى ياندۇردى، مەن ئەھمەدخانمەن، دەرۋازىنى ئېچىڭلار ! — دېدى، دەرۋازىۋەنلەر:

— بىز گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخاندىن باشقا كىشىلەرگە بۇنداق چاغدا دەرۋازىنى ئاچمايمىز ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئەھمەدخان:

— مەن شۇلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەھەر ساقلىغىلى كەلدىم ! — دېدى. دەرۋازىۋەنلەر:

— ئۇنداق بولسا، بىز ئاغا يۇنۇس پەرى بىلەن زەينەپشاھ ئا-يىمدىن سوراپلى ! — دېيىشتى، ئۇلار كېلىپ ئىككى ئايىمدىن:



— ئەھمەدخاننى گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخان شەھەر ساقلاشقا ئەۋەتىپتۇ. دەرۋازىنى ئاچمىزمۇ؟ ئۇلار شەھەرگە كىرسۇنمۇ؟ ! — دەپ سورىدى، ئىككى ئايىم:

— ئۇلار ئەۋەتكەن بولسا كىرسۇن. ئۇلارسىزمۇ شەھەر تىنچ ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. دەرۋازىۋەنلەر دەرۋازىنى ئاچتى، ئەھمەدخان شەھەرگە كىرىپلا:

— زامانى زامان كىمنىڭ زامانى؟ ئەھمەدخاننىڭ زامانى ! — دەپ ئۆزىنى پادىشاھ ئېلان قىلدى. ناغرا، كاناي - سۇنايىنى ئۆزىنىڭ نامىغا چالدۇردى. خەزىنىلەرنى ئېچىپ بۇلاڭ - تالاڭغا قويۇپ بەردى. يېڭى ئۆسمۇر ئون ئالتە ياشلىق ۋە يىگىرمە ياشلىق يىگىتلەردىن ئون ئىككى مىڭنى لەشكەرلىككە ئالدى. بۇلارنىڭ خىراجىتىنى، كىيىم ۋە قورال - ياراغلىرىنى گۆر ئوغلى سۇلتان بىرنەچچە شەھەردىن ئەكەلگەن ئولجىلاردىن بەردى.

گۆر ئوغلى ۋە ھاۋازخاننىڭ خوتۇنلىرىدىن ئاغا يۇنۇس پەرى ۋە زەينەپشاھ ئايىمنى ئەھمەدخان دارغا ئاسماقچى بولدى. شەھەردىكى مويسىپىتلەر، چوڭلار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئەھمەدخان، سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخان ئۆلسىغۇ بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كېتەر. ئەگەر ئۇلار بۇ جەڭلەردىن غەلىبە بىلەن تىرىك قايتىپ كەلسە قانداق قىلىسەن؟ ئۇلارغا، قاراخانغا نېمەدەپ جاۋاب بېرىسەن؟ سەن خاپا بولساڭ گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخاندىن خاپا بولىسەن، بۇ ئاياللاردا نېمە گۇناھ ۋە نېمە ئۆچۈڭ بار؟ ! بۇلارنى قويۇپ بەرگىن. بېشىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتسۇن، كۆڭنى ئالسۇن ! — دېيىشتى. ئەھمەدخان بۇ ئىككى ئايىمنى يالاڭئاياغ، يالاڭ ئاياغ ھالدا ئۇرۇپ، ئىزا - ئاھانەت قىلىپ شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى. جاكارچىنى چىقىرىپ:

— شەھەر ئاھالىسىدىن ھېچ كىشى ئاغا يۇنۇس پەرى بىلەن زەينەپشاھ ئايىمغا ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىغا بىرەر تو-
قاچ ياكى بىرەر چىنە سۇ بەرمىسۇن. ئەگەر بۇ پەرماننى ئاڭ-
لىماي، ئۇلارغا كىمدەكىم نان ۋە باشقا نەرسە بەرسە، ئۇ
كىشىنىڭ بېشى ئۆلۈمگە، مال - مۈلكى تالان - تاراجغا
كېتىدۇ! — دەپ جاكار قىلدۇردى. ئۇلار:
— بىزلەر بۇ قارا يۈزنىڭ ئالدىدا خەلقتىن ئاش - نان،
سۇ تىلەپ ئۇلارنى بالاغا قويغۇچە چۆلگە چىقىپ كېتەيلى.
ئەجىلىمىز يەتسە شۇ يەردە ئۆلەيلى. ئۇلار بىزنىڭ ئۆلۈكى-
مىزنىمۇ كۆرمىسۇن! — دەپ يىغلىشىپ چەمبىلنىڭ دەرۋا-
زىسىدىن چىقىپ كېتىشتى. ئۈچ تاش يول يۈرۈپ بىر باينىڭ
ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ كىشى گۆر ئوغلىنىڭ ئىلتىپا-
تى بىلەن باي بولغان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇ يەردىن
ئۆتسىلا قاقاس چۆلگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار:
— بۇ ئۆيگە كىرەيلى، نان بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دېيىـ-
شىپ مەسلىھەت بىلەن ئىككى بالىنى كىرگۈزدى. بۇ بالىلار
ھويلىغا كىرگەندى، باي بۇلارغا:
— ئەي شۇملار، مېنىڭمۇ تەئەللۇقاتىمنى بۇلاڭ - تالاڭغا
قوياي دەمسەن؟ يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ئىككىسىگە ئىككى
قامچا سالدى. بالىلار يىغلىشىپ قايتىپ چىقتى. باينىڭ ئاۋازى
بىلەن بالىلىرىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلىغان بۇ ئىككى ئايال:
— ئەي رەھىمسىز باي، بۇ كىچىك بالىلارغا سالغان قامچىد-
نى بىزگە سالساڭ بولمامدۇ؟ بۇلاردا نېمە گۇناھ بار؟ بۇلارنى
سېنىڭ ھويلاڭغا بىز كىرگۈزگەن، خۇدا نېسىپ قىلسا ئىككى
قامچىغا يۈز قامچا ئۇردۇرمىساق ئايىم ئېتىمىز قۇرۇسۇن! —
دەپ قەسەمياد قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ئايال بالىلار-
نى يېتىلەپ زار - زار يىغلاپ چۆلگە چىقىپ كېتىۋېتىپ بۇ

نەزمنى ئوقۇدى:

پەرۋەردىگار، رەھنەما، قۇدرىتىڭ كەڭ، خۇدايا،
بىز بىچارە قۇلۇڭغا رەھىم قىلغىن، خۇدايا.

گۆر ئوغلىنىڭ ھەسرىتىنى يار قىلىپسەن، خۇدايا،
ئوچۇق يۈزۈڭ كۆرمەككە زار قىلىپسەن، خۇدايا.

بۇ چۆللەردە بىز غېرىب، رەڭگىرويلار سارغىيىپ،
دەرگاھىڭغا يالۋۇرۇپ زار يىغلايمىز، خۇدايا.

سەھەرلەردە ئويغىنىپ، ئۈمىد بىلەن تولغىنىپ،
كۆزلەر ياشقا لىق تولۇپ، قان يىغلايمىز، خۇدايا.

بىر ئوت پەيدا بولۇپتۇ، كۆڭۈل غەمگە تولۇپتۇ،
باغرىمىزنى تىلىپتۇ رەھىم قىلغىن، خۇدايا.

يۈرەكلەردە دەردلەر كۆپ، بىر دەپتەرگە سىغمايدۇ،
دەردمەنلەرنىڭ قەدرىنى بىرەر ئىنسان بىلمەيدۇ.

سەندىن ئۆزگە كىمىم بار، ئاغا يۇنۇس يىغلايدۇ،
يا ئىلاھ، پەرۋەردىگار رەھىم قىلغىن، خۇدايا.

بۇلار چۆلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن باينىڭ خوتۇنى ئىرىگە:

— ئەي دىلى قاتتىق باي، شۇ ئاياللار ۋە بىچارە باللارغا بەش - ئالتە نان بەرسەڭ يامان بولارمىدى؟ — دەپ قولدىغا بەش - ئالتە نان ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ

ماڭدى. ئىككى تاش يول يۈرۈپ ئۇلارغا يېتىشتى، ئەكەلگەن نانلىرىنى بەردى، يەنە ئىككى قاپاق سۇمۇ بەردى. ئۇلار بۇ ئوزۇقلۇقتا يېتىشىپ خۇشال بولۇشتى، ئاز - تولا ماغدۇرىغا كېلىپ يەنە يولغا چۈشۈشتى.

ئاغا يۇنۇس پەرى، زەينەپشاھ ئايىم، ئېلىخان، نۇرخان دېگەن ئىككى بالا بىلەن بۇ چۆلدە سەككىز كۈن يول يۈردى. ئۇلار شۇ يۈرۈشتە بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ بارغاندا، ئاغا يۇنۇس پەرى ھوشىدىن كەتتى. يەنە ئازراق مېڭىپ زەينەپشاھ ئايىممۇ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئىككى بالا يېتىلدىشىپ يەنە يېرىم تاش يول مېڭىپ بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار تۆت تەرەپكە قارىغانىدى، قىبلە تەرەپتىن كۆزىگە بىر چېدىر كۆرۈندى. باللار بۇنى كۆرۈپ يىغلاشتى. يېتىلىشىپ چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇلارمۇ چېدىرنىڭ تۈۋىگە بېرىپ يىقىلدى.

بۇ چېدىر خالدار بايۋەچچىنىڭ چېدىرى ئىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى چېدىردا ئولتۇراتتى. قۇلىقىغا بىر نالە - پەرياد ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تاشقىرىغا چىقىپ، ھالىدىن كېتىپ يىقىلغان ئىككى بالىنىڭ ئىڭراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئايال بۇ ئىككى بالىدىن:

— سەن نېمە جانسەن؟ جىنمۇسەن؟ ئادەممۇسەن؟ بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولۇشتۇڭ؟ بۇ ئادەمزاتنىڭ ئايىغى تەگمەيدىغان يەر ئىدى! — دېدى.

ھالىدىن كەتكەن باللار يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالمىدى، گەپمۇ قىلالمىدى. ئۇ ئايال بۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان ئاچىپ تائام قويدى. ئۇلار ئاغزىغا بىر لوقمىدىن تائام سالغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ ۋە چوڭ ئانىسىنىڭ چۆلدە ئاچلىقتىن يېتىپ قالغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھاۋازخاننىڭ باللىرى

ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئۇ ئايال بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ۋاي ئىستىر! — دەپ نان، سۇ ئاچىقىپ ئىككى بالا بىلەن يولغا چىقتى، بىر سائەت يول يۈرۈپ زەينەپشاھ ئايىمىنىڭ ئالدىغا كەلدى، قارىسا، ئاپتاپتەك بىر مەلىكە چۆلدە ھوشسىز يېتىپتۇ. خالدار بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى زەينەپشاھ ئايىمنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئاغزىغا پاختىدا سۇ تېمىتتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. «خۇدايا شۇكۇر» دەپ ئورنىدىن قوپۇپ خالدار بايۋەچچىنىڭ خوتۇنى بىلەن تونۇشتى. يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئاغا يۇنۇس پەرى بار جاينى كۆرسەتتى. ئۇلار بىرلىكتە ئاغا يۇنۇس پەرى بار جايغا باردى. بىرى بېشىنى يۆلىدى، يەنە بىرى پاختىدا ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. ئاغا يۇنۇس پەرىمۇ ھوشىغا كەلدى، «خۇدايا شۇكۇر» دەپ ئورنىدىن قوپۇپ خالدار بايۋەچچىنىڭ ئايالى بىلەن تونۇشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشۇپ چېدىرغا قاراپ ماڭدى.

بۇ مەزگىلدە خالدار بايۋەچچە شىكارغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئوۋدىن قايتىپ چېدىرغا يېتىپ كەلدى، لېكىن خوتۇنى ئادەتتىكىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىدى، ئۇنىڭ ئېتى قاتتىق كىشنىدى. خوتۇن يەنە چىقمىدى. ئۇ ھەر دائىم شىكارغا چىقىپ قايتىپ كەلسە، ئات بىر قېتىم كىشنىگەن ھامانلا خالدارنىڭ خوتۇنى چېدىردىن چىقىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ ئېتىنى ئالاتتى. بۇ نۆۋەت ئات ئۈچ قېتىم كىشنىدى، خوتۇنىنىڭ دىدارىمۇ كۆرۈنمىدى. خالدارنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ غەزەپ بىلەن چېدىرغا كىردى. قارىسا، خوتۇن يوق، خالدارنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ خوتۇنىنىڭ بۇ يەردە ئاشنىسى بار ئىكەن، ئۇ بۇگۈنكى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ شۇنىڭ قېشىغا كەتكەن ئوخشايدۇ» دېدى.

چېدىردىن چىقىپ ئېتىغا مىندى. «ئەگەر ئاسمان بىلەن يەر-نىڭ ئارىلىقىدىلا بولساڭ سېنى ئىزدەپ تېپىپ، كۆرگەن يې-رىمدىلا نەيزەمنىڭ ئۇچىغا سانجىپ كۆتۈرۈپ كەلمىسەم خالدار ئىسمىم قۇرۇسۇن !» دەپ قەسەم قىلىپ، ئېتىنى تاغ ئۈستىگە قارىتىپ چاپتى.

قارىسا، خوتۇنى ئىككى ئايال ۋە ئىككى بالا بىلەن چۆلدە كېلىۋاتقان، ئۇ خوتۇنىنى كۆرۈپ: «سېنى شۇ مېھمانلىرىڭ بىلەن نەيزەمنىڭ ئۇچىغا سانجىپ ئالمىسام !» دەپ ئات قويدى.

خالدارنىڭ نەيزىسىنى يانتۇ قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ كې-لىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خوتۇنى:

— ئەي ئەدەپسىز، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ بەگلەر-نىڭ بېگى، خانلارنىڭ تاجدارى ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى، نەۋرىسى كەلدى. نەيزەڭنى يىغىپ ئاتتىن چۈش ! — دېدى.

خالدار ئەجەبلىنىپ:

— ئەي خېنىم، بۇ قانداق گەپ؟ راست دەۋاتامسەن ياكى چاقچاقمۇ؟ — دەپ سورىدى. خالدارنىڭ خوتۇنى:

— پۈتۈن ئەترايقا داڭقى، ئاۋازى، شۆھرىتى پۇر بولۇپ تارقىلىپ كەتكەن ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى، نەۋرىسىنىڭ قەدىمى بىزنىڭ بۇ يەرلەرگە يېتىپتۇ. مانا بۇ شۇ كىشىلەر، — دەپ كۆرسەتتى. خالدار بايۋەچچە خوتۇنىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ:

— راست شۇنداق بولسا، مەرھەمەت. مەن ئالدىڭلاردا بې-رىپ چېدىرنى تۈزەپ، كىگىز - بىساتلارنى سېلىپ تۇراي ! — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئۇ چېدىرغا يېتىپ كېلىپ، بېقىۋاتقان بىر بورداق قويىنى سويدى. «ئۇلار مەندىن قورۇنۇپ قالمىسۇن» دەپ ئۆزىگە چېدىرنىڭ ئارقىسىدىن جاي راسلى-



دى. خالدارنىڭ خوتۇنى مېهمانلارنى باشلاپ كېلىپ ئەدەپ - قائىدىگە مۇۋاپىق ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇلارغا زىياپەت بەردى. بېشىدىن ئۆتكەننى سۆزلەشتى. بەش - ئالتە كۈن شۇنداق ئۆتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى خالدارنىڭ ئويىغا مۇنداق بىر خىيال كەلدى: «گۆر ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى بىزنىڭ ئۆيدە بولغاندىكىن، مەن كارۋان يولىغا چىقىپ سودىگەرلەردىن گۆر ئوغلىغا تەۋە باج - خىراجەتلارنى ئېلىپ، ئۇنى بۇلارغا خىراجەت قىلىپ بېرەي» دېدى. ئېتىنى توقۇپ مىندى، بې-شىغا ئالتۇن قالپىقىنى كىيدى، قولىغا ئۆتكۈر نەيزىسىنى ئالدى. كارۋانلار ئۆتىدىغان چوڭ يولنىڭ بويىغا كېلىپ ئول-تۇردى. بىر سودىگەر بار ئىدى، ئىسمىنى مىيلى دەيتتى. ئۇ بەش يۈز قېچىردا ئىسپاھاندىن چەمبىلگە، چەمبىلدىن شاخ-تارنىڭ شەھىرى جەيھۇنغا مال يۈتكەپ كارۋانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ سەكسەن خىزمەتكارى بار ئىدى. خالدار يولنىڭ بويىغا

چىققاندا شۇ كېلىپ قالدى. ئۇ سودىگەرگە:
— ئەي مىيلى، بۇ مالنىڭ بېجىنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىدى.
سودىگەر:
— گۆر ئوغلىغا بېرىمەن، — دېدى.
خالدار:
— ئۇنداق بولسا باجنى ماڭا بېرىسەن! — دېدى. سودىگەر:
— نېمە ئۈچۈن؟! — دەپ سورىدى.
خالدار:
— گۆر ئوغلىنىڭ خوتۇنى، كېلىنى، نەۋرىسى مېنىڭ ئۆيۈمدە، مەن سەندىن بۇ باجنى ئېلىپ شۇلارغا خىراجەت قىلىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.
سودىگەر:
— سەندەك بىر پادىچىنىڭ ئۆيىدە ئۇلار نېمىش قىلىدۇ؟ سەندەك پادىچىنىڭ گۆر ئوغلىغا تېگىشلىك باجنى ئېلىشقا ھەققىڭ يوق، — دېدى.
خالدار:
— گۆر ئوغلى ۋە ھاۋازخاننىڭ خوتۇن - بالىلىرى مېنىڭ ئۆيۈمدە دېدىمغۇ! بۇ باجنى سەندىن ئالسام شۇلارغا خىراجەت قىلىمەن، — دېدى.
سودىگەر:
— مەن باجنى گۆر ئوغلى ۋە ھاۋازخاندىن باشقا ھېچكىمگە بەرمەيمەن! — دېدى.
خالدار ناھايىتى كېلىشكەن پالۋان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاپتەك ئىدى. بەدەن گۆشلىرىمۇ مۇشتتەك، كالللىدەك ھۆرپىيىپ چىققانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:
— ئۇنداق قىلما! باجىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى ماڭا بەر-

گىن ! — دېدى.

سودىگەر:

— ياق ! — دېدى.

خالدار:

— ئۇنداق بولسا سەكسەندىن بىرىنى بەرگىن ! — دې-دى. سودىگەر بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. ئەكسىچە خىزمەتكارلىرىغا:

— خالدارنى تۇتۇڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. چاكارلار ئۇنى تۇتۇشقا يۈگۈرۈشتى. خالدارنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى. قولد-غا نەيزىسىنى ئېلىپ، چاكارلاردىن ئوتتۇز - قىرىق ئادەمنى گويا قوشقاچنى سانجىغاندەك نەيزىسىگە سانجىپ ئېلىپ تاش-لىۋەتتى. مىيلى سودىگەر قورقتى. خالدارغا قاراپ:

— باجنى قانداق ئالساڭ شۇنداق ئال ! — دېدى.

خالدار:

— بايىراق شۇنداق دېسەڭ بولماسمىدى؟ — دەپ، بەش يۈز قېچىرنىڭ يۈكىنى چۈشۈردى. ماللارنى بىر - بىرلەپ يېشىپ كۆردى. سودىگەر بىر ساندۇقنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى.

خالدار:

— بۇنى نېمىشقا ئاچمايسەن؟ ! — دەپ سورىدى.



سودىگەر:

— مەن بۇنى توققۇز مىڭ سەر تەڭ-گىگە تەييار قىلدۇر-غان. مەخسۇس شاھ-تارغا تەييارلانغان سوۋغا ! — دېدى

خالدار:

— ئاچ، كۆرەي ! — دېدى. سودىگەر ئۇنىمىدى. خالدار قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ قۇلۇپىنى ئۇرۇپ چۇشۇردى، ساندۇقنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن پار - پۇر قىلىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىككى كىيىملىك ئىپىل ماتا چىقتى. ئۇ قارا قۇشقاچنىڭ تۇكىدەك چىكىم - چىكىم رەڭلىك ئىدى. خالدار بۇنداق رەختنى تېخىچە كۆرمىگەنىدى.

— باجدىن ئۆتتۇم ! — دەپ پادىشىدىن يۈز قوينى بېرىپ، بايىقى مالنى ئېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئۇ خوتۇننى قىچقىرىپ:

— پەتنۇس ئاچىق ! — دېدى.

خوتۇنى پەتنۇس ئاچىقتى. خالدار ئۇ رەختنى خوتۇنىغا بېرىۋېتىپ:

— بۇنى ئەكىرىپ خېنىملارنىڭ ئالدىغا قوي ! ئۇلارنىڭ رەھمىتىنى ئال. ئەگەر ئالا نىيەتلىك قىلىدىغان بولساڭ ساڭا ياخشىلىق يوق ! — دېدى.

خوتۇنى:

— خوپ ! — دەپ ئەكىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇلار بۇ رەختنى كۆرۈپ خۇش بولۇشتى ۋە:

— بىز شۇنداق ئۇلۇغ بەگلەرنىڭ خوتۇنى بولۇپ تۇرۇقلۇق بۇنداق ئىپىل ماتانى كۆرمەپتىكەنمىز، سىلەرنىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭلارنى خۇدا خالىسا بىزمۇ قايتۇرارمىز، — دەپ رەھمەت ئېيتىشتى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. خالدار بايۋەچچىنىڭ كۆڭلىگە يەنە بىر ئىش كەلدى. قىرىق لەك لەشكىرى بار قاراخان پادىشاھقا بىر ھىيلە ئىشلىتىپ: «قاراخان پادىشاھ، مەن ئوغلۇمنىڭ خەتنە تويىنى قىلماقچى بولۇۋاتىمەن. ئۆزلىرىنى

لەشكەرلىرى بىلەن تويغا تەكلىپ قىلىمەن» دېگەن خەتنى يېزىپ بىر خىزمەتكارىدىن قاراخانغا ئەۋەتتى. بەش كۈن دې-گەندە خەت قاراخانغا يەتتى. قاراخان پادىشاھ خەتنى ئوقۇپ غەزەپلەندى. «بىر پادىچى ماڭا بۇنداق خەت يېزىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ياكى ئۇنىڭغا غايىبتىن بىرەرنەرسە ئۇچرىدى-مۇ؟ مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر خەت يازاي، ئۇ مەن دېگەن نەرسىلەر-نى تەييار قىلسا باراي، بولمىسا تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىل-سۇن» دەپ تۆۋەندىكى خەتنى يازدى ۋە ئۇنى مۆھۈرلەپ ئەۋەت-تى: «ئالدى قىرىق ياش، ئارقىسى يىگىرمە ياش، مىڭدىن بىرنى تاللاپ ئالغان قىرىق لەك لەشكىرىم بار. ئۇلار مەندىن ئايرىلمايدۇ. مىڭ چېدىر تىكىلسۇن، مىڭ گۆل مىخ قېقىل-سۇن. يۈز مىڭ تاۋرا تەييار قىلىنسۇن. بۇلار تولۇق تەييارلان-مىسا بارمايمەن». خالدار بۇ خەتنى كۆرۈپ تۆت يەرگە كونا چېدىر تىكتى. تۆت يەرگە تۆت مىخنى قېقىپ، تۆت تاۋرانى ئېسىپ قويدى. قاراخانغا «سىز دېگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى تەييار قىلدىم» دەپ جاۋاب خەت يازدى.

قاراخان پادىشاھ بۇ خەتنى كۆرۈپ:

— بۇ چايغا بارماي بولمايدۇ. تارت كانايىنى، چال ناغرا-سۇنايىنى ! — دەپ قىرىق لەك لەشكىرىنى ئېلىپ يولغا چىق-تى. قاراخان پادىشاھ ئون نەچچە كۈن يول يۈرۈپ خالدارنىڭ قېشىغا كەلدى. قارىسا، ھېچ نەرسە يوق.

قاراخان خالدارغا غەزەپ بىلەن:

— قېنى قىلغان تەييارلىقىڭ، ئەي پادىچى؟ ! — دېدى. جاللاتلار خالدارنى ياقىسىدىن تۇتۇپ قاراخاننىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى.

خالدار:

— تەقسىر، ئەرزىم بار، ئاڭلىسىلا ! — دېدى.

قاراخان:

— نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

خالدار:

— مەن سىلى دېگەن نەرسىلەرنى تەييارلىماقچىدىم، بىزنىڭ چېدىرىمىزغا ئۈچ - تۆت مېھمان كېلىپ قالغانىدى. شۇلارنى كۈتىمەن دەپ ئۇ تەييارلىقنى قىلالمىدىم، — دېدى.

قاراخان:

— ئۇ مېھمان بىزلەردىنمۇ ئۇلۇغمىكەن؟! — دەپ سورىدى.

خالدار:

— پادىشاھئالەم، كۆرسىلە بىلىدىلا، — دېدى. چېدىردا قاراخان پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان زەينەپشاھ ئايىم:

— ۋاي، بۇ مېنىڭ دادامغۇ؟ سەندىن ئايرىلىپ بىزگە كۆپلىگەن دەرد - ئەلەم يەتتى! — دەپ يىغلاپ چىقتى.

قاراخان قىزنى كۆرۈپ:

— نېمە ۋەقە بولدى، قىزىم؟ — دەپ سورىدى.



زەينەپشاھ ئايىم:

— ئۆز بېشىمدىن قورقىمەن، — دېدى.

قاراخان:

— سۆزلە، قىزىم ! — دېدى.

زەيناپشاھ ئايىم گۆر ئوغلىنىڭ ھاۋازخاننى ئېلىپ غازاتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، يولدىن تاغىسى ئەھمەدخاننى شەھەر ساقلاشقا ياندۇرغانلىقىنى، ئالا نىيەت ئەھمەدخان شەھەرگە قايتىپ كېلىپ ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ، گۆر ئوغلىنىڭ خەزىنىسىنى تالان - تاراج قىلدۇرغانلىقىنى، ئۆلارنى ئوردىدىن ۋە شەھەردىن ئاچ - يالىڭاچ قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، يولدا ئۇسساپ كېتىپ ئۆلۈشكە ئاز قالغاندا خالدارنىڭ ئايالى چېدىرغا باشلاپ كېلىپ مېھمان قىلغانلىقىنى، خالدارنىڭمۇ ئۆزلىرىنى كۆتكەنلىكىنى بىرمۇبىر بايان قىلدى.

ھاۋازخاننىڭ خوتۇنى زەينەپشاھ ئايىم مانا مۇشۇ قاراخاننىڭ ئامراق قىزى ئىدى. قاراخان قىزىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خالدارنىڭ چېدىرىغىمۇ چۈشمىدى. غەزەپ بىلەن:

— تارت كانايىنى، چال ناغرا - سۇنايىنى ! — دەپ قىرىق مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ چەمبىلگە قاراپ راۋان بولدى.

ئەمدى سۆزنى ئەھمەدخاندىن ئاڭلايلى:

ئۇ شەھەر ئوڭچە ئۆزىگە قالغانلىقىدىن بەخىرامان كەيپ - ساپادا ئىدى. قاراۋۇللىرى ئۇنىڭغا چەمبىلگە قاراپ قىرىق تۈغلۇق لەشكەر كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. ئەھمەدخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ: «چەمبىل شەھىرىنى ئالغانلىقىمنى قاراخان پادىشاھ ئاڭلاپ، مېنى قۇتلۇقلاپ كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئون ئىككى مىڭ يىگىتنى ياراغلىرى بىلەن يول - يولغا قويدى.

قاراخان يېتىپ كېلىپ، تەبلى جەڭ سوقتى. ئەھمەدخان

بۇنى ئاڭلاپ:

— ھەي دەرىغ، قاراخانمۇ ماڭا ياۋ بولۇپ كەپتۇ، — دەپ ئۇن ئىككى مىڭ يىگىتنى ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا چىقتى ۋە سەپ تۈزۈپ تۇردى. قاراخاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە كەلگەن خالدار بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، ماڭا پاتىھە بېرىڭ، مەن مەيدانغا كىرىپ مۇشۇ قارا ساقىلىمنى ئۇلارنىڭ قىزىل قېنىدا بوياپ چىقاي! — دەپ ئىجازەت سورىدى.

قاراخان:

— بار، بېشىڭنى ئاللا سىلاپ ئامان قىلسۇن! — دېدى. خالدار پالۋان ئېتىنى راسا ئېگەرلەپ تۆشىنى تارتىپ ئاتلاندى. قولىغا نەيزىسىنى ئېلىپ مەيدانغا كىردى. ئېتىنى ئويىنىتىپ مەيداننىڭ ئۇ بېشىغا ئۇن، بۇ بېشىغا ئۇن، تۆت تەرەپكە قىرىق قېتىم چاپتۇرۇپ ئېتىنىڭ ئاغزىغا كۆپۈك كەلگەندە مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى:

— قېنى، مەن بىلەن جەڭ قىلغۇدەك مەرد بارمۇ؟ — دەپ سادا قىلدى.

يېڭى ئۆسمۈر لەشكەرلەردىن سادا چىقمىدى، ئەھمەدخان ئىزا تارتىپ كېتىپ:

— مانا مەن بار، — دەپ ئېتىنى مىنىپ ئۆزى مەيدانغا چۈشتى. خالدار پالۋان ئەھمەدخاننى بەلۋېغىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ بېشىغا ئالدى. كېيىن بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇنى يەرگە ئۇردى. ئۇنىڭ ياش ۋە يېڭى لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ پادىشاھىمىز يىقىلدى» دەپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. بۇلار ئۇلارنى قىرىق مىڭ لەشكىرى بىلەن قوغلاپ كېلىپ شەھەرگە كىردى. شەھەرنى ئېلىپ: «زامانى - زامان كىملەرنىڭ زامانى؟ قاراخاننىڭ زامانى، ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ زامانى،

ھاۋازخانىنىڭ زامانى» دەپ ناغرا، كاناي ـ سۇناي چالدۇرۇپ شەـ ھەرنى زىننەتلىدى. ئەھمەدخاننى ئەكەلدۇرۇپ، قاراخان ئۇنىڭغا:

— ئەي ساقىلى ئاقىرىپ، دىلى ئاقارمىغان ئەھمەدخان، سېنىڭ قولۇڭدىن شۇنداق يامان ئىشلار كەلدىمۇ؟ «گۆر ئوغلى ئۆلسىغۇ خەيرىيەت، ئەگەر تىرىك قايتىپ كېلىپ قالسا مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟» دېگەنىنىمۇ ئويلاپ كۆرمىدىڭـ ـمۇ؟ بۇ ئەقىلسىز نائىنساپنى تارت دارغا ! — دەپ ھۆكۈم قىلدى. جاللاتلار ئۇنى دارغا ئېسىشقا ئېلىپ ماڭغاندا، خالدار پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى پادىشاھىئالەم، بۇنى بىز ئۆلتۈرسەك بولماس، بۇـ نىڭ ئىشىنى ئەمىر گۆر ئوغلى ۋە ھاۋازخانىنىڭ ئۆزلىرى كېلىپ بىر تەرەپ قىلسۇن ! مەن ئۇنىڭ قېنىنى تىلەي، زىندانغا سالسۇن ! — دېدى. قاراخان ئۇنىڭ ئۆلۈم گۇناھىنى كەچۈرۈپ زىندانغا سېلىشقا ماقۇل بولدى. ئەھمەدخان زىندانـ ـغا بۇيرۇلدى. زىندان بېگى ئۇنىڭغا:

— ئەي قارا يۈز، سەن شۇ ھالىڭغا بىزنىڭ بېشىمىزغا نېمە كۈنلەرنى سالدىڭ ـ ھە؟ ! — دەپ ئۇنى كايىپ ئەكەتتى.

قاراخان چەمبىلدە بەش ـ ئالتە كۈن تۇرۇپ قىرىق مىڭ لەشكىرىنى ئېلىپ ئۆز تېغىغا چىقىپ كەتتى.

خالدارمۇ بەش ـ ئالتە كۈندىن كېيىن شەھەردىن ئۆز چېدىرىغا كەلدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەمدى گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخاننى تاپاي» دېدى. چېدىرغا، مېلىغا، ئايالىغا قاراشقا سەكسەندەك چاكارنى قويۇپ ئۆزى ئېتىغا مىندى. قىلىچ ـ قالقان، ئوقيا ـ نەيزىلىرىنى ئېلىپ ئۇلارنى ئىزدەپ شاختارـ نىڭ جەيھۇن دېگەن شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يولدا بىر پاتقاقچىلىققا دۇچ كەلدى. قارىسا، بۇ غەرق قان ئىكەن، ئۇـ نىڭ كۆزىگە يىراقتىن بىر چېدىر كۆرۈندى. خالدار پاتقاقتىن

ئايلىنىپ ئۆتۈپ، شۇ چېدىرغا باردى. ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇخلاپ ياتقان بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ قولى چىنارنىڭ شېخىدەك ئىدى. بېشىغا بىر ساندۇقنى قويۇپ ياتقانىكەن. خالدار ئۇنىڭغا قاراپ تاماشا قىلغاندىن كېيىن:

«سەللەمنا، بىزمۇ ئۆزىمىزنى يوغان ۋە سېمىز ئادەم دەپ يۈرۈپتىمىز. شۇنداقمۇ يوغىنىغان ئادەم بولىدىكەن! » دېدى.

ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى، خالدار قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ چاپاي دەپ توختاپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزى: «بۇنى بۇ ھالەتتە ئۆلتۈرسەم، تاڭلا قىيامەت كۈنى مېنى خالدار ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلتۈرگەن دەپ دەۋا قىلمىسۇن. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ شېرىكى، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش مەردلىكنىڭ ئالامىتى ئەمەس» دەپ قاتتىق شەپە قىلدى. ئۇ ئويغانمىدى، ئىككىنچى قېتىم شەپە قىلدى، ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. لېكىن، ئۇ خالدارنى كۆزىگە ئىلمىدى. خالدار غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ قىلىچ چاپقانىدى، ئۇنىڭ بوينىدىن چىققان قاندا خالدار ئېقىپ كەتكىلى ئازلا قالدى. ئۇنىڭ بېشىنى، ساندۇقنى ئېتىغا ئارتىپ گۆر ئوغلى ۋە ھاۋازخانلارنى ئىزدەپ يەنە يولغا چۈشتى. بىر يەرگە كېلىپ قارىسا، ناھايىتى قويۇق تىكىلگەن چېدىرنى كۆردى. ئۇلار خۇددى بىرىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرى تىكىلگەندەك تۇراتتى. ئۇ چېدىرلارغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخاننىڭ چېدىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

خالدار پالۋان بايىقى ساندۇق بىلەن باشنى بىر قىرنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىغا كىردى. گۆر ئوغلىنىڭ چېدىرلارنى بېقىۋاتقان قاراۋۇللىرى خالدارنى كۆرۈپ:

— ئەي خالدار، سەن بىزگىمۇ ئەل ئەمەس، شاختارغىمۇ ياۋ ئەمەس. ئېيتقىن، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭ؟ خەت - چېكىڭ بارمۇ؟ ! — دەپ سوراشتى.

خالدار:

— بار، لېكىن ئۇنى سىلەرگە ئەمەس، گۆر ئوغلىنىڭ ئۆزىگە بېرىمەن! — دېدى.

قاراۋۇللار:

— ئۇنداق بولسا بىزمۇ سېنى گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا ئۆتكۈزمەيمىز! — دېيىشتى. خالدار پالۋان:

— ئۇنداق بولسا مەن خېتىمنى ئەكېلەي، — دەپ ئارقىسىغا ياندى. بېرىپ بايىقى ساندۇق بىلەن باشنى ئاتقا ئارتىپ كەلدى. قاراۋۇللار بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ كىمنىڭ بېشى؟ بىز بۇنداق باشنى كۆرمىگەنىدۇق، — دېيىشتى. ئۇلار خالدارنى گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئەمىر گۆر ئوغلى بۇنى كۆرۈپ:

— رەھمەت ساڭا، ئەي خالدار، — دېدى. ئۇ يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئەي پالۋانلار، سىلەر بۇ باشنى بىلەمسىلەر؟ بۇ كىمنىڭ بېشى؟! — دەپ سورىدى، تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى:

— بىلمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى. گۆر ئوغلى ئۇلارغا:

— بۇ باشنى ھاۋازخاننىڭ چېدىرىغا ئېلىپ بېرىپ كۆرسىتىڭلار! — دېدى.

ھاۋازخاننىڭ ئۇلۇغ يېنىغا ئوق تەگكەنىدى، ئۇ چېدىردا داۋالىنىپ ياتاتتى. قاراۋۇللار خالداردىن باشنى ئەكېتىپ ھاۋازخانغا كۆرسەتتى. بۇلار بىلەن بىللە گۆر ئوغلىمۇ كەلگەنىدى، ھاۋازخان گۆر ئوغلى بىلەن باشنى كۆرۈپ:

— مۇبارەك بولسۇن، ئەي ئاتا! بۇ كاللا شاختار دېگەننىڭ بېشى، — دېدى. گۆر ئوغلى باشلىق ھەممىسى خۇش بولۇپ:

— رەھمەت ساڭا، خالدار پالۋان، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق دۆلەت ۋە راھەت كۆرسەڭ بىللە كۆرەيلى! — دېيىشتى.

خالدار پالۋان ساندۇقنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى، ساندۇق ئېچىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئون بىر ياشلىق بىر قىز بالا:

— ۋاي دادا! — دەپ چىقتى. ئۇ قىزنى بىر چېدىرغا ئورۇنلاشتۇردى، گۆر ئوغلى ۋە ھاۋازخاننىڭ لەشكەرلىرى بۇ ئىشلاردىن روھلىنىپ، شاختارنىڭ لەشكەرلىرىگە شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى، ئۇلار بۇ ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي شەھەرگە قاراپ قاچتى، گۆر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ ئەل بولغانلارنى قويدى، قارشى چىققانلارنى ئۆلتۈردى، شەھەرنى ئېلىپ بۇتخانىلارنى چاقتى، ئۇنىڭ ئورنىغا مەدرىسە، مەسچىت بىنا قىلدۇردى، ناغرا-



كاناي، سۇناي چالدۇردى. شەھەرگە ئۆزىگە تەۋە كىشىلەردىن پادىشاھ قويدى، ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن گۆر ئوغلى دوستلىرى ۋە ئۆزىگە تەۋە قوشۇننى ئېلىپ شەھىرى چەمبىلگە قاراپ يولغا چىقتى، بۇلار بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، خالدار پالۋاننىڭ چېدىرىغا يېتىپ كېلىشتى، خالدار پالۋان گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئاتتىن چۈشتى.

— بۇ مېنىڭ ماكانىم، بۇ يەردە بەش - ئالتە كۈن ئارام ئېلىپ ئاندىن ماڭسىلا ! — دەپ چىڭ تۇردى.

گۆر ئوغلى ماقۇل بولۇپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى شۇ يەرگە تىكتى، ھەممىسى ئۆز چېدىرلىرىغا ئورۇنلاشتى، خالدار پالۋان ئۇلارغا قويلارنى سويۇپ مېھمان قىلدى، خالدارنىڭ چېدىرىدا ئاغا يۇنۇس پەرى، زەينەپشاھ ئايىم، ئېلىخان، نۇرخان بار ئىدى، گۆر ئوغلى بۇ چېدىرغا كىرىپ كەلدى، ئۇ بۇ چېدىردا ئاغا يۇنۇس پەرى ۋە ھاۋازخاننىڭ بالىلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى گۆر ئوغلىنى كۆرۈپ يىغلىدى، گۆر ئوغلىنى خىجىللىق باستى. خالدار پالۋان گۆر ئوغلىغا ئۆزىدىنىڭ ئەھمەدخاننى شەھەرگە قايتۇرغانلىقىدىن باشلاپ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

گۆر ئوغلى خالدار پالۋاننىڭ ھىممىتىگە «ئاپىرىن» ئوقۇدى ۋە:

— دۇنيادا نېمە تاپساق تەڭ كۆرىمىز ! — دېدى، يېڭىۋاشتىن قول بېرىشىپ، تۇغقان بولۇشتى. ئۇلار بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئاياللارنى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھىرى چەمبىلگە قاراپ ماڭدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇلار چەمبىلگە يېتىپ كېلىشتى.

گۆر ئوغلىنىڭ ھاۋازخان بىلەن ساق ـ سالامەت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەھەر ئاھالىسى ئالدىغا چىقتى، گۆر ئوغلى بىلەن ھاۋازخاننى كۆرۈپ، ئۇلار:

— ھارماڭ، تۆرەم ! — دېيىشتى.

گۆر ئوغلى ھاۋازخان ئۆز تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. گۆر ئوغلى تاغىسى ئەھمەدخانغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى زىندان-دىن ئالدۇردى. گۆر ئوغلى تاغىسىغا:

— ئەي ساقىلى ئاقىرىپ، دىلى ئاقارمىغان تاغا، سەن مېنىڭ تاغام بولۇپ تۇرۇقلۇق بۇ ئىشلارنى قىلىشقا قولۇڭ قانداق باردى؟ ئايالىلارغا، شۇ نارەسىدە بالىلارغا ئىچىڭ ئاغرى-مىدىمۇ؟ مەن ئۆلۈپ كەتسەمغۇ خەيرىيەت، مانا مۇنداق تىرىك كەلسەم مېنىڭ يۈزۈمگە قانداق قارايدىغانلىقىڭنى، سۆزۈمگە نېمىدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىڭنى ئويلاپمۇ كۆرمىدىڭمۇ؟ ! — دەپ سورىدى.

ئاپئاق ساقاللىق ئەھمەدخان قىلمىشىغا نادامەت قىلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى.

گۆر ئوغلى كۆپچىلىككە قاراپ:

— ئەي شاھزادىلەر، پالۋانلار، باتۇرلار، ئەمىرلەر، جاما-ئەت، تاغام ئەھمەدخاننىڭ قىلمىش گۇناھىغا قانداق قارايسىز-لەر، بۇ كىشىنى نېمە قىلماق كېرەك؟ ! — دەپ سورىدى.

تاجدار شاھزادىلەر، ئوردا ئەھلى، جامائەت:

— ئەي ئەمىر گۆر ئوغلى، ئەھمەدخان سېنىڭ خوتۇنۇڭ-غا ۋە كېلىن، نەۋرەڭگە قانداق جاپا سالغان بولسا، بۇنىڭ ئۆزىگىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم ! — دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

گۆر ئوغلى تاغىسى ئەھمەدخاننى كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن قوشۇپ: «قايسى ئەلگە ۋە قايسى شەھەرگە كەتسەڭ كەت. كۆنۈڭنى ئال !» دەپ چەم-

بىلدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئىشى «كىشىگە سانىساڭ ئۆزگە، قاشقا سانىساڭ كۆزگە» دېگەندەك ئاخىرلاشتى.

ھاۋازخان چەمبىلگە كەلگەندىن كېيىن يۇرت ئىچى شۇنداق ئاۋات بولدىكى، كىشى كىشىگە زۇلۇم قىلمىدى. قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىدى. ئۇنىڭ ھەرمىڭ كىشىگە بىر تاجدار شاھزادە ياكى پالۋاننى باشلىق قىلدى. ئىچى پۇشقاندا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بىر مەيخانا تەييارلىدى. ئۇ ھەربىي مەشغۇلاتلاردىن كېيىن يىگىتلىرى بىلەن شاراب ئىچەر بولسا، شۇ مەيخانىغا كېلەتتى.

مەيخانىنىڭ ئىچىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ شاراب ئىچىدىغان ۋاقتىدا رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، يىگىتلەردىن بىرەرىنىڭ قولىدىن شاراب ئايىقى يەرگە چۇشۇپ كەتكۇدەك بولسا ياكى بىرەر قەترە مەي يەرگە تامسا، مەيخانىدىكىلەر شۇ يىگىتنى ئەيىبلەپ، مەسخىرە قىلاتتى. بەزىلىرىنى يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى. بۇ يەردە ئورۇنسىز كۈلۈش، ئارتۇق بىرەر ئېغىز سۆز قىلىش چەكلەنگەن بولۇپ، ئەيىب سانىلاتتى.

بۇ يەرگە يىغىلغان ئايخان، كۈنخان، بۇلبۇلخان، چىڭگىسخان، يۇلتۇزخان، ھەسەنخان قاتارلىق بارلىق تاجدارلارنىڭ ھەممىسى ھاۋازخانىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سۆزىگە تەشنا ئىدى. شۇ سەۋەبتىن گۆر ئوغلى باشلىق يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ھاۋازخان ھەققىگە ياخشى تىلەك بىلەن دۇئا قىلاتتى. ھەممىسى ئادەمزات ئارىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن مانا شۇنداق پاكىز زاتنىڭ بەختىنى تىلەيتتى. ئون تۆت يىل مانا شۇنداق خاتىرجەملىكتە ئۆتتى. ھاۋازخانىنىڭ نامى گۆر ئوغلىنىڭكىدەكلا ئالەمگە تارقالدى.

ھاۋازخان چەمبىلگە سۇلتان بولۇپ ئۆمرىنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدى. ئۇ قىرىق مىڭ يىگىتى بىلەن كېچىلىرى خۇدانىڭ قەھرىدىن قورقۇپ يىغلاپ تائەت ـ ئىبادەت قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا پىرى كامىللار نەزەر قىلىپ تۇراتتى.

ئەمىر گۆر ئوغلى بىر يۈز يىگىرمە ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ناردەك قەددى پۈكۈلدى. ئۆز پۇشتىدىن تامغان بىرەر پەرزەنتىدىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىدىن ياش تۆكۈلەتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ قېشىغا كىردى:

— ئەي ئاغا يۇنۇس پەرى، سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن كېلىپ مېنىڭ ئەمرىمگە چۈشكەنىدىڭىز. مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. يەنە بىر ـ ئىككى يىلدىن كېيىن مەنمۇ بۇ پانىي دۇنيادىن كېتىمەن. شۇ چاغدا سىز ماڭا قانداق قارىلىق تۇتىسىز ۋە نېمىدەپ يىغلايسىز؟ مەن سىزنىڭ شۇ چاغدىكى يىغىڭىزنى ھازىر ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ كېتەي، — دېدى.

ئۇ ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ ئوڭ يېنىغا ئۆتۈپ ئۆلۈكتەك بولۇپ ياتتى. ئۇنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى گۆر ئوغلىنىڭ ئوڭ يېنىغا، يەنە بىرى چەپ يېنىغا، ئۈچىنچى بىرى بېشىغا كېلىپ، گۆر ئوغلىنىڭ ئۈستىگە كىمخابتىن يوپۇق يېپىپ، چاچلىرىنى يايدى. ھەربىرى نۆۋەت بىلەن تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاغا يۇنۇس پەرى:
ئون يېشىڭدا غارىلدىغان غار ئىدىڭ،
ئوتتۇز ياشتا ئەسقەر تاغدا بار ئىدىڭ،
كۆپ دۈشمەنگە ئۆچ بولۇتتەك دار ئىدىڭ،
يېشىڭ سېنىڭ يۈز يىگىرمە، قېرىدىڭ،
بولۇت چايناپ مۇز پۈركۈگەن سۇلتانىم.

گۈلنار پەرى:
تۇلپارىڭنى غوۋغالارغا ئۆگەتتىڭ،
دورناندا پىياس ـ ئارقان سۆرەتتىڭ،
نەيزەڭ بىلەن قارا تاشنى تەۋرەتتىڭ،
تاشنى تالقان قىلغان سىنىڭ غەيرىتىڭ،
بۇلۇت چايناپ مۇز يۇركۈگەن سۇلتانىم.

مىسقال پەرى:
دۇشمەنلەرگە تولا قىلدىڭ خورۇشنى،
مەيداندا رۇستەمدەك قىلدىڭ ئۇرۇشنى.
يىگىتلەرگە بەردىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى،
قىزىل قانغا بويىدىڭ تىللا قىلىچنى،
دۇشمەنلەرنى قىرغىن قىلغان سۇلتانىم.

ئاغا يۇنۇس پەرى:
بۇ بىر سۆز بۇرۇندىن قالغان مىسالدۇر،
قىرىق خان بىردەك قەندى ھەسەلدۇر،
ئىسپاتى، خالدار ھەمدە ھەسەندۇر،
ياردەك غەيرەتلىك ئەرلەر تەمسىلدۇر،
ئاتام ئىتىپ ئىلىپ قاچقان سۇلتانىم.

گۈلنار پەرى:
ئالدىڭدا چالدۇردۇڭ تىللادىن سازنى،
لاچىنغا ئالدۇردۇڭ ئۆردەك ۋە غازنى،
بىر يۇز ئون بىر ياشقا كىرگەن ۋاقتىڭدا،
ئىلىپ كەلدىڭ قاسساپ ئوغلى ھاۋازنى،
بوتىدەك بوزلىتىپ قاچقان سۇلتانىم.

مسقال پەرى:
بۇخارانىڭ بىر تۇمانى رىگىستانى،
تازا ماتا كىيگەنىكەن ئەرىستانى،
پەرزەنتىڭ ئۆيىن كۆرسەم گۈلىستانى،
ئۆزۈڭ سەن چەمبىل بەلنىڭ بەگ سۇلتانى،
دۇنيادىن پەرزەنتسىز ئۆتكەن سۇلتانىم.

گۆر ئوغلى سۇلتان ئۆلاردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:
— بارىكاللا، مەن سىلەردىن مەڭگۈ رازى. ھەر ۋاقىت مېنى سىلەر شۇنداق سۆزلەر بىلەن ئەسلەپ يىغلىغايسىزلەر، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەيخانىغا يۈرۈپ كەتتى.
ھەسەنخان بىلەن ھاۋازخان ئىككىسىمۇ: «ئاتام ئانىلىرىمىزغا ئۆزىنى نېمىدەپ يىغلىتاركىن؟» دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ سىرتتا تۇرۇپ ئۆلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالغانىدى، پەرىزات ئانىلىرى گۆر ئوغلىغا مەرسىيە ئوقۇپ: «دۇنيادىن پەرزەنتسىز ئۆتكەن سۇلتانىم» دەپ يىغلىغاندا ئۇلار بىر جايدا تۇرالماي قالدى. بۇ سۆز ئۆلارغا ناھايىتى قاتتىق تەگدى. ئۇلار: «ھەي دەرىغ! كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاڭ بول! دېگەن سۆز راست ئىكەن. بىز جان پىدا قىلىپ ئۆزىمىزنى گۆر ئوغلىنىڭ ئوغلى دېسەكمۇ، بۇلار بىزنى پەرزەنتى قاتارىدا كۆرمەيدىكەن» دېيىشتى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى. گۆر ئوغلىغا بىلىندۇرمەي، ئۆلارمۇ مەيخانىغا كىرىپ كېتىشتى. گۆر ئوغلى مەيخانىغا بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىردى. ئۇ بۇ يەردە ئوغلى ھاۋازخانىنى كۆرۈپ:
— كەل، ئوغلۇم ھاۋازخان، دەۋرى غەنىيمەت. يىگىتلەرگە ئۆز قولۇڭ بىلەن شاراب قۇيۇپ بەرگىن! — دېدى.

ھاۋازخان خاپىلىقىنى بىلدۈرمەي يىگىتلەرگە شاراب قۇ-يۇپ بېرىۋاتقاندا، بىر ئاياق قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. يىگىتلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ:

— بىز شۇنداق قىلساق، ھاۋازخان ئۈستىمىزدىكى تون-لىرىمىز، ساۋۇتلىرىمىزنى سالدۇرۇۋېلىپ بىزنى گۇناھكار قىلاتتى. ئەمدى ئۆزى بۇ ئىشنى سادىر قىلدى. گۆر ئوغلى ھاۋازخاننى بىزگە گۇناھكار قىلىپ بەرسۇن ! — دېيىشتى.

ئەمىر گۆر ئوغلى يىگىتلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭ-لىدى. ئۇلارغا قاراپ:

— ھاۋازخاننىڭ گۇناھىنى نېمە بىلەن يۇيۇشنى تىلەي-سىزلەر، مانا مەن قىلىپ بېرەي ! — دەپ تۆۋەندىكى ساقىي-نامەنى ئوقۇدى:

چەمبىلدە مەن ئۆزۈم ئەلگە دادىخان،
قادىر ئىگەم بەندىسىگە مېھرىبان.
ئوتتۇرىڭىزدا بېگىڭىز ھەم تۆرىڭىز بار،
گۇناھكار بوپتۇ ئوغلۇم ھاۋازخان.

كېچە - كۈندۈز مەن ئاڭا بولدۇم ئىنتىزار،
گۇناھكار بولۇشتا ئاياق سەۋەبكار.
قىرىق يولبارس مەن ئېيتاين سىلەرگە،
تۇيۇقسىز بولدى ئوغلۇم گۇناھكار.

قاتاردىكى قۇشلار بىلەن نارىمنى،
يۈكلەپ بېرەي نار ئۈستىگە بارىمنى.
بەگ ھاۋازدىن ئايىمايمەن مالىمنى،
تىلەڭىزلەر بېرەي قولدا بارىمنى.

باھاردا ئېچىلغان غونچە گۈلۈمنى،
تۆرە قىلدىم ھاۋازخاندەك ئوغلۇمنى.
بەگ ھاۋازدىن ئايىماستىن بېرىمەن،
تىلەك مەندىن چەمبىل بەلدەك ئېلىمنى.

ئۆلمىسۇن، ياخشىلار ھەرگىز ئۆلمىسۇن،
ياخشى بەندە يامانلىقنى كۆرمىسۇن.
گۆر ئوغلى دەر: ھازىر بېرەي سىلەرگە،
تىلەك ئەمدى يۇرەك داغى قالمىسۇن.

گۆر ئوغلىنىڭ ئوقۇغان نەزمىسىنى يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى. ئۇلار گۆر ئوغلىغا:

— ئەي سۇلتانىمىز، سىزنىڭ ھېچ نەرسىڭىز بىزلەرگە كېرەك ئەمەس. ھاۋازخان ئۆز ئېلىدىن كەلگەندىن بېرى بىر يەرگە چىقمىدى. ھاۋازخاننىڭ خاپىلىقى كەتسۇن دېسىڭىز، سىز ئۇنى تولپار لەيلى قىرغا مىندۇرۇپ، قولىغا ئالغۇر شۇڭقاردىن بىرنى قوندۇرۇڭ. يېنىغا تەبلى (دۇمباق)دىن بىرنى باغلاڭ. ئۇ چىقىپ بىزگە ئۆردەك كۆلىدىن شۇڭقارىغا توققۇز قاتار ئۆردەك ئالدۇرۇپ ئەكېلىپ بەرسۇن! — دېدى. ئەمىر گۆر ئوغلى مىراخورىنى يېنىغا قىچقاردى. ئۇنىڭغا:

— سەن ھاۋازخانغا تولپارنى توقۇپ بەرگىن! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مەن ئېيتايىن، سەن ئاڭلىغىن بۇ گەپنى،
خۇدايىم كۆتۈرسۇن دىللاردىن دەردنى.
ھاۋازخان ئوغلۇم ئوۋغا چىقىدۇ،
مىراخور، ئېلىپ كەل، شۇ تولپار ئاتنى.

تۇلپارىمغا خۇدا بەرگەن ئەقىلنى،
ئۇ بىلىدۇ يامان ئادەم پەيلىنى،
ياراشقۇدەك سېلىپ توقۇ زەرباپنى،
مىراخور، توقۇپ كەل، شۇ تۇلپار ئاتنى.

ئاتقا مىنىپ مەن قىلغانمەن ئەرلىكنى،
دۈشمەنلەرگە كۆرسەتكەن مەن زورلۇقنى،
يارىشۇر سالساڭ مووۇت تەرلىكنى،
مىراخور، توقۇپ كەل، شۇ تۇلپار ئاتنى.

گۆر ئوغلىغا جىگەرنى خۇدا بەردى،
دۆلىتىمدە نەچچە ئەللەر كۆكەردى،
يارىشۇر توقۇساڭ تىللا ئېگەرنى،
مىراخور، توقۇپ كەل، شۇ تۇلپار ئاتنى.

مىراخور بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ بېرىپ، توققۇز يەردىن ئېپىل تارتىپ تۇلپارغا ئالتۇن ئېگەرنى توقۇدى. قۇشقۇنىنىڭ ئۇستىگە ئالتۇندىن قۇببە قويدى. ئالتۇن دۇمباقنى غانجۇغىسىغا باغلىدى. ئۇنى دېگەندىن ئارتۇق تەييارلاپ گۆر ئوغلىنىڭ يېنىغا ئەكەلدى.

ئەمىر گۆر ئوغلى ھاۋازخانغا شاھانە تون كىيدۇردى، بېشىغا ئالتۇن تاج كىيدۇردى. تۇلپارنى يېتىلەپ كېلىپ ھاۋازخاننى مىندۇردى. كېيىن بالىسىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆزۈمگە ياش ئېلىپ قاتتىق ئاھ ئۇردۇم،
بەگ ئوغلۇمنى كامىل پىرغا تاپشۇردۇم.
ھاۋاز ئوغلۇم، يولۇڭ بولسۇن، خان بالام،
مەن سېنى كەلگۈچە ھەققە تاپشۇردۇم.

بۇندىن بىرىپ ئۆردەك كۆلنى كۆزلىگىن،
شۇڭقارىڭنى قولغا ئالغىن تېزلىگىن،
ئەتە قايتساڭ چۈش ۋاقتىنى كۆزلىگىن،
ھاۋاز ئوغلۇم، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

بىر نەسىھەت ساڭا ئېيتاي ئەمدى مەن،
ئەتراپىمدا يۇرەر مېنىڭ كۆپ دۇشمەن،
كۆرۈر كۆزۈم يالغۇز بالام سەندۇرسەن،
ئوغلۇمنى، تۇلپارىمنى ھەققە تاپشۇردۇم.

كىم كۆرۈنسە ئۇنىڭدىن ھال سورىما،
جېنىم بالام، ئەل يولىنى تورىما،
ياشلىق قىلىپ غەيرىتىڭگە قارىما،
جېنىم بالام، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

شۇڭقار دېگەن قۇشنى كۆردۇم دۇنيادە،
ئات ئۈستىدە ھۆكۈمۇم يۇردى، ئىرادە،
ئەقلى باردۇر ئادەملەردىن زىيادە،
جېنىم بالام، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

يولۇقمىغىن بىنامازنىڭ قېشىغا،
شۇڭقارىڭنى سالما تاغنىڭ تېشىغا،
ئىگىسىز دەپ ئۇرما تۇلپار بېشىغا،
تۇلپارىمنى، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

قاتتىق قامچا ئۇرما ئاتنىڭ ئېتىگە،
قولاق سالغىن گۆر ئوغلىنىڭ گېپىگە،

ھاۋاز ئوغلۇم، مېنىڭ تۇلپار ئۇستىگە،
گۆر ئوغلى دەر، سېنى ھەققە تاپشۇردۇم.

ھاۋازخان گۆر ئوغلى سۇلتاندىن پاتىھە ئېلىپ تۇلپارنى مىندى. گۇلدۇرلەپ يولغا چىقىپ ئۆردەك كۆلىگە يېتىپ باردى. كۆلگە قاراپ ئۇيان بېقىپ ـ بۇيان بېقىپ ئالتۇن دومباقنى چالدى. شۇڭقارنى قويۇپ بەردى، چاشگاھقىچە ئۇنىڭ ئالغۇر شۇڭقارى توققۇز قاتار ئۆردەك ئېلىپ يېنىپ كەلدى. ھاۋازخان ئۆردەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ چۆل بىلەن چەمبىلگە قاراپ ماڭدى. يولدا ھاۋازخاننى چىلىم خۇمارى تۇتتى، بېشى ئايلىنىپ ماڭالمىدى. بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قارىغاندى، كۆزىگە باغ ـ دەرەخلىك بىر ھويلا كۆرۈندى. تۇلپارنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى. ئۇچقۇر تۇلپار بىردەمدىلا ھويلا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ھويلا گۆر ئوغلى چەمبىلدىن



قوغلاپ چىقارغان تاغىسى ئەھمەدخاننىڭ ھويلىسى ئىدى. يىپ-ىقىن كېلىپ ئىككى دەرۋازىنى كۆردى. ئۇنىڭ بىرى چوڭ، يە-نە بىرى كىچىك ئىدى. بوسۇغىسى ئالتۇندىن ئىدى، ئۇ چوڭ دەرۋازىدىن: «بۇ كىمنىڭ ھويلىسى؟» دەپ سوراي دېدى، «ئە-دەپسىزلىك بولمىسۇن» دەپ ئارقىسىغا ياندى. كىچىك دەرۋا-زىدىن ھويلىغا كىرىپ «چىلىم بارمىكىن؟» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاستىمدا غەيرىي ئېتىم يۈز ئەلۋان،
تىللا قىلىچ، بېشىمدا تاج ھەم قالقان.
ئۆردەك كۆلىدىن بولۇپ كەلدىم خۇمارى،
گۆر ئوغلى ئوغلىمەن، ئىسمىم ھاۋازخان.

ياراشقان زەر كوكۇلام تارايمەن،
بۇ يەرلەرنىڭ ئوك - سولىغا قارايمەن.
ئۆردەك كۆلىدىن بولۇپ كەلدى خۇمارى،
بىر چىلىمنى شۇ ھويلىدىن سورايمەن.

باغ ئىچىدە تېز ئېچىلغان گۇل بارمۇ؟
بۇندىن باشقا يەنە بۇندا ئەل بارمۇ؟
ئۆردەك كۆلىدىن بولۇپ كەلدىم خۇمارى،
بىر چىلىم بېرىدىغان بىرەر ئەل بارمۇ؟

بۇ سۆزلەرنى ئېيتۇر بۇندا ھاۋازخان،
نە قىلسا قىلىدۇ ياراتقان مەۋلان.
ئۆردەك كۆلىدىن بولۇپ كەلدىم خۇمارى،
ساۋاب ئۇچۇن تېپىلارمۇ خالىس بىر ئىنسان.

ھاۋازخاننىڭ نەزمىسى تۈگىشى بىلەن كىچىك دەرۋازىدىن بىر كېلىنچەك ئېتىلىپ چىقتى. ھاۋازخان قارىسا، بۇ قىز قارا كۆزلۈك، شېرىن سۆزلۈك، كىرپىكىگە زۇلپا سۈرمىسىنى سۈرگەن، يۈزى قۇياشتەك نۇرلۇق.

بۇ چوكانمۇ يۈگۈرۈپ چىقىپلا ھاۋازخاننى كۆردى. قارىسا، كۆز ئالدىدا بىر بەرنا يىگىت يالقۇرۇپ چىلىم سوراپ تۇرۇپتۇ. ئىككى مەڭزى يېڭى پىشقان ئالمىدەك، تۇرۇشى ياش بالىدەك. بۇ چوكان ھاۋازخاننىڭ نۇرلۇق جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولدى. ئۇ ئۆزى ئۆزىگە: «مەن ئۇنىڭغا بىر كۆرۈپلا كۆيگەنىكەنمەن، جېنىمدىنمۇ تويغانىكەنمەن، ئەگەر يارىم بار دېسەم، قىزىلگۈلدەك كۆرگەنىكەنمەن، ئەيش ـ ئىشرەت قىلدىم دېسەم، چۇشەكلەرگە چۆمگەنىكەنمەن، ئىلاھا مېنىڭ شورۇم قۇرۇسۇن، مالغا ساتقان ئېلىم ۋە بېرىم قۇرۇسۇن، ئاغزى ـ بۇرنى دۇمباق ئېرىم قۇرۇسۇن، بۇنداق يىگىت بىلەن بىر كېچە ئويناپ كۆلگەن قىزنىڭ دىلىدا ئارمانى قالماس، ھەرنېمە بولسا مەيلى، بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزلىشىپ شېكەردەك تىلىدىن بەھرە ئالاي» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يۈرىكىمدە باردۇر مېنىڭ ئەجەب بىر ئارمان،
ئىش بولماس قۇدرەتلىك ھەقتىن بىپەرمان.
مېھمان يىگىت خۇش كېلىپسىز بۇ يەرگە،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭ بۇنى، بېگى جان.

ئاي يۈزۈمگە ئاچچىقلىنىپ قارىماڭ،
قەھرى بىلەن كوكۇلىنى تارىماڭ.
ئىزىڭىزدىن مەندەك ئايىم ئايلانسۇن،
چىلىم دېگەن يوقتۇر بىزدىن سورىماڭ.

بار بولغاندا بىرەر ئىدىم قولۇمدىن،
چىلىم تېپىلمايدۇ ئۇشبۇ ئېلىمدىن.
كوكۇلاڭدىن مەن ئايلىناي، بېگى جان،
خۇشال كېلىپ خۇشال قايتقىن يولۇڭدىن.

مالائىكلەر تەسۋى ئوقۇر بېشى يوق،
بىزنىڭ ئەلنىڭ چىلىم بىلەن ئىشى يوق.
كېرەك بولسا ئاتتىن چۈشكىن، بېگى جان،
ساڭا خىزمەت قىلىدىغان كىشى يوق.

سەن بۇ يەردە تۇرساڭ جاپا چېكەرسەن،
مەن بىلمەن گۆر ئوغلىغا نۆكەرسەن.
ساڭا خىزمەت قىلىدىغان كىشى يوق،
بۇ دەرگاھقا ئاتتىن چۈشۈپ كېتەرسەن.

مەن ئايلىناي، ئېيتمىغان سۆزۈم قالدىمۇ؟
بېشىمغا ھىجراننى ئىگەم سالدىمۇ؟
كېرەك بولسام ئاتتىن چۈشكىن، تۆرىجان،
چىلىم سوراپ نازۇك بېلىڭ تالدىمۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھاۋازخان خاپا بولدى. مۇساپىرلىقىغا ئاھ ئۇرۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇردى. ھاۋازخان بىلەن سۆزلەشكەن بۇ چوكان ئەھمەدخانىنىڭ كېلىنى ئىدى. ئەھمەدخانىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى، يېشى ئون بەشتە بولۇپ، سۇ ئىچسە كانىيىدىن كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈزى ئايدەك چىرايلىق ئىدى، ئۇ يەڭگىسىنىڭ ھاۋازخانغا ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلىدى. بۇ قىزنىڭ ئىسمى بوتاكۆز ئايىم ئىدى. ئۇ يەڭگىسىنىڭ

ھاۋازخانغا چىلىم بەرمىگەنلىكىگە ئىچىندى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالتۇن چىلىمنىڭ سەيخانىسىگە چوغ قويدى. چوڭ دەرۋازىدىن قاراپ ھاۋازخاننى كۆردى، يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— كەل، تۆرەم ! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاستىڭىزدا بەدرى ئوينار يۈز ئەلۋان،
يارىشىپتۇ ئاسقان قىلىچ ھەم قالقان.
بەدرى ئاتلىق تەبىلبازلىق، جان تۆرەم،
چىلىم چەكسەڭ بېرەي، كەلگىن، بېگى خان.

مەن ئايلىناي سەندەك يىگىت بويىدىن،
كېلىپ تۇتقىن تىللا چىلىم تۇۋىدىن.
سىزنى، ئەي بەگ، قايسى جايدىن سورايمەن؟
چىلىم سورىساڭ سورا ئۆزىنىڭ جايىدىن.

ئەر يىگىت مەيداننى كۆرسە قايتالماس،
نۇر كۆرمىگەن ئەۋلىيانى تاپالماس.
چىلىم سورىساڭ، سورا ئۆزىنىڭ جايىدىن،
چىلىم دېگەن بىر ياماندىن تېپىلماس.

يامان بىلمەس ياخشىلارنىڭ قەدرىنى،
چەت جايلار بىلمەدۇ تاغنىڭ قەدرىنى.
«زەر قەدرىنى زەرگەر بىلەر» دېگەندەك،
ياخشى بىلۇر ياخشىلارنىڭ قەدرىنى.

باتۇر يىگىت مەيدان ئارا جانلانسۇن،
خۇدانىڭ دۈشمىنىنىڭ قولى باغلانسۇن.

چىلىم تارتساڭ، بېرى كەلگىن، بېگى جان،
كوكۇلاڭدىن مەندەك ئايىم ئايلانسۇن.

قىرىق قىز ئىچىدە مەن بىر ئوتاغا،
كىيگىنىم يىپەكتۇر، ئالتۇن قاداغا.
چىلىم چەكسەڭ هازىر كەلگىن، جان تۆرەم،
بويۇڭغا مەندەك جوراڭ ساداغا.

ھاۋازخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇردى، ئالتۇن چىلىمنى تارتىپ خۇمارىدىن چىقماقچى بولۇپ ئارقىسىغا ياندى. ئۇنىڭ كۆزى بوتاكۆز ئايىمغا چۈشۈشى بىلەن ھەيران بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قاراڭغۇ كېچىنى جامالى بىلەن يورۇتقۇدەك چىرايلىق قىز چىلىمنى تۇتۇپ تۇراتتى. ھاۋازخان ئۇنىڭ بويىنى، جامالىنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرۈپ:

— ئەي قىز، ئۆز قولىڭىز بىلەن ماڭا بىر چىلىم سېلىپ بېرىڭ! — دېدى.



بوتاكۆز ئايىم ئات ئۈستىدىكى بۇ يىگىتنىڭ قەددى ـ قامىتىگە قايىل بولدى. سۆزى شېكەردەك، غورۇلاي كۆز، كېـ ـلىشكەن يىگىتنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدىن چىلىم چېكىشكە مايىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئەقلى بېشىدىن ئۇچتى، ھاۋازخاننىڭ كۆزىدىن بىر ئوت چىقىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا تارقىدى. ھاۋازخان قىزغا:

— سىز بۇ باغنىڭ گۈلى، بۇ يەرنى ياخشى بىلىسىز، كىم ياخشى، كىم يامان ئۇنىمۇ بىلىسىز، — دەپ چاقچاق ـ مۇتايىبە ئارىلاش بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھاۋازخان:
ئاشقان يېرىم ئەسقەر تاغى بېلىدەك،
قۇش سالغىنىم بال ئۆردەكنىڭ كۆلىدەك.
مۇساپىرمەن، بۇ يەرلەرنى بىلمەيمەن،
بۇ ھويلىلار قايسى شاھنىڭ ئېلىدەك.

بوتاكۆز:
كەلگەن يولۇڭ كاتتا كارۋان يولىدەك،
سەيلەتكىنىڭ بال ئۆردەكنىڭ كۆلىدەك.
مېنىڭ ئېتىم بوتاكۆزدۇر سورىساڭ،
بۇ ھويلىلار ئەھمەد سەردار ئېلىدەك.

ھاۋازخان:
سۇ يېيىلسا ئېگىز تاغلار نەم بولۇر،
سەندەك ئايىم بۇ يەرلەردە كەم بولۇر.
ئەۋۋەل سوراپ، ئاندىن بىلەي مەن بۇنى،
ئەھمەد سەردار دېگەن ئادەم كىم بولۇر؟

بوتاكۆز:
بېشىدادۇر ئىككى زەرلىك چىپاسى،
ئۇنى سورىساڭ مۇشۇ ئەلنىڭ ئاغاسى.
قىرىق مىڭ ئۆيلۈك بۇندا بىزگە قارايدۇ،
ئۇنىڭ ئۆزى گۆر ئوغلىنىڭ تاغاسى.

ھاۋازخان:
بىر ياخشىنىڭ سۆزىنى سەن سۆزلەيسەن،
جاندىن ئەزىز بەلكى ئىككى كۆزىسەن.
ئەمدى سوراي سەن ئۆزۈڭنىڭ زاتىنى،
بۇ جايلاردا قايسى شاھنىڭ قىزى سەن؟

بوتاكۆز:
سۆزلىسە ئاغزىدا شېرىن سۆزىمەن،
كۆرۈپ تۇرغان بەلكى ئىككى كۆزىمەن.
مېنىڭ ئىسمىم بوتاكۆزدۇر سورىساڭ،
نەسلىم سورىساڭ ئەھمەد سەردار قىزىمەن.

ھاۋازخان:
تۇتىيادەك ئىزىڭنى ئەيلەيىن تاۋاپ،
سېنىڭدەك ياخشىنى سۆيمەكلىك ساۋاب.
يالغۇزمۇ سەن، يارىڭ بارمۇ بوتاكۆز؟
بۇ سۆزۈمگە ھەم ئۇيالماي بەر جاۋاب.

بوتاكۆز:
بىر يار ئىزدەپ كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزارمەن،
نى سەۋەبتىن تەھقىق ئەيلەپ سورارسەن؟

ئاتام بەرمەس سەندەك ياخشى بەگلەرگە،
ھالىم سورىساڭ ھازىر ئۆزۈم يالغۇزمەن.

ھاۋازخان:
ئېيتقان سۆزگە ياخشى كىشى كۆنەرمۇ؟
ئاتاڭ جاھىل ياخشى سۆزگە كىرەرمۇ؟
بويۇڭغا باراۋەر ئالتۇن ـ زەر بەرسەم،
سېنى ماڭا ئەھمەد سەردار بېرەرمۇ؟

بوتاكۆز:
مېنىڭ ئاتام دۇنيا ـ مالنى ئويلىماس،
دۇنيا سۆزىن ھەرگىز، ئەسلا سۆزلىمەس.
كىملا كەلسە تېگىن ئوبدان سورايدۇ،
ئەسلىي زاتلىق بولمىسا قوبۇل ئەيلىمەس.

ھاۋازخان:
مال بېرىمەن، تىرىكمەن، ساڭا ئېلىمدىن،
ئۆلمىسەم قۇچاي غۇنچە بېلىڭدىن.
خۇمار بولدۇم سېنىڭ ئايدەك يۈزۈڭگە،
بىر كېلىپ چېلىم بەرگىن، چېكەي قولۇڭدىن.

بوتاكۆز:
ئۆزۈڭ كىمسەن، مال يىغارسەن ئېلىمدىن،
يولۇچىسەن، چىقارمىغىن يولۇمدىن.
تېزرەك كەتكىن، ئەمدى بۇ يەردە تۇرماي،
يۈرگىن، كەتكىن، چېلىم چەكتىڭ قولۇمدىن.

ھاۋازخان:
يىغارمەن بىرىپ تۇركمەن ئېلىمنى،
راست ئېيتقىن، جانىم ،ئالدىڭ دىلىمنى.
ماڭا كۆڭۈل بىرەرسەنمۇ بوتاكۆز؟
تارتا ـ تارتا سۆزلە ئەمدى تىلىڭنى.

بوتاكۆز:
ئويلىسام سەن ئۆزۈڭ باغرى داغلىسەن،
جانۇ دىلدىن بىرىگە ئۆزۈڭ باغلىسەن.
سەندەك بەرنا بىزنىڭ ئەلدە يوق ئىدى،
چەمبىل بەلدە قايسى بەگنىڭ ئوغلىسەن؟

ھاۋازخان:
باھاردا ئېچىلغان باغنىڭ گۈلىمەن،
سۆزلەر بولسام ئەل ئاغزىنىڭ سۆزىمەن.
نەسلىم سورىساڭ مېنىڭ ئېتىم بەگ ھاۋاز،
ئۆزۈم بىلسەڭ گۆر ئوغلى بەگ ئوغلىمەن.

بوتاكۆز:
ئىشىتكەنمەن باغلارنىڭ قىزىلگۈلىسەن،
ھالا ھازىر بالىسىزنىڭ ئوغلىسەن.
راستىمنى ئېيتاي ساڭا مەن ئەمدى،
ئاچچىقلىسام، بىر بايتالنىڭ قۇلىسەن.

ھاۋازخان:
بوتاكۆز دەر بىلدىم سىنىڭ ئۆزۈڭنى،
ئاچچىقلىسام، ئويۇدۇرمەن كۆزۈڭنى.



تىلىڭنى تارتىپراق سۆزلە، بوتاكۆز،
ئۆلمىسەم ئالۇرمەن سىنىڭ ئۆزۈڭنى.

بوتاكۆز:
يۇرگەن يولۇڭ ئەسقەر تاغنىڭ بېلى دەپ،
چەمبىلگە قارىغان ياۋمەت ئېلى دەپ.
مەن دېمىدىم، يۇرت ئېيتىدۇ سەنلەرنى،
هاۋاز، هەسەن گۆر ئوغلىنىڭ «قۇلى» دەپ.

هاۋازخان:
ئېرىسۇن، تاغلار قارى ئېرىسۇن،
هەر بەندە ئالغىنى بىلەن قۇرۇسۇن.
قۇل بولساممۇ ئەگەر سېنى ئالمىسام،
چەمبىل بەلدە هاۋاز ئېتىم قۇرۇسۇن.

بوتا كۆز:
ياخشى يىگىت، سۆزلەۋەردىڭ تازىما،

ئايىمغىن بۇ سۆزۈمگە قارىما.
تۇرما بۇندا، ئەمدى كەتكىن بەدرەك قۇل،
قولۇڭدىن كەلگەننى قىلغىن، ئايىما.

ھاۋازخان:
تازا چۆلدە ھېرىپ ـ ئېچىپ قالمىسام،
چەمبىلگە بارغاندا غوۋغا سالمىسام.
بەگ ھاۋازخان دېگەن ئېتىم قۇرۇسۇن،
ئېرەگەشتىم، ئەمدى سېنى ئالمىسام.

بوتا كۆز:
ئالمىدەك ئېچىلغان يۈزۈم نەقىشدەك،
چېچەك بەرگەن سازەندىلەر باخشىدەك.
سەندەك قۇلغا تەگكىنىمچە، ئەي ھاۋاز،
قاداق بولۇپ ئۆلگىنىم مىڭ ياخشىدەك.

ھاۋازخان:
بۇندىن بېرىپ يەنە قايتىپ كەلمىسەم،
ئەھۋالىڭنى ئاندىن يەنە كۆرمىسەم.
چەمبىل بەلدە يىگىت ئېتىم قۇرۇسۇن،
يىگىتلەرگە چىلىم سالغۇچ قىلمىسام.

بوتاكۆز:
بىر ـ بىر ئاڭلاپ بوتاكۆزنىڭ تىلىنى،
سەبرى قىلدىڭ تەكياۋمەت ئېلىنى.
گۆر ئوغلىنىڭ ئۆز بالىسى بولغاندا،
تىلىككىچە بېرەر مەندەك قىزىنى.

ھاۋازخان بىلەن ئەھمەد سەردارنىڭ قىزى بوتاكۆز مانا شۇنداق تەنە ئېيتىشىپ تەگىشىپ قالدى. ھاۋازخان قىزنىڭ سۆزىنى قاتتىق ئار ئېلىپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ ئۆزى ئۆ-زىگە: «ھەي دەرىخ، كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆ-زۈڭنىڭ يۇرتىدا ئۇلتاڭ بولغان ياخشى ئىكەن. مەن ئۆزۈمنى گۆر ئوغلىنىڭ ئوغلى دېگىنىم بىلەن ئۆزگىلەر مېنى گۆر ئوغلىنىڭ قۇلى دەيدىكەن. مەن يۇرتۇمدا ھېچ كىشىگە موھ-تاج ئەمەس ئىدىم. خۇنخار شاھنىڭ ئەتىۋارلىق مەھرىمى ئى-دىم. بۇ يەردە مەن ئۇنىڭدىن ياخشىراق مەرتىۋىدە بولسامىمۇ، كىشىلەر ھامان ماڭا يامان كۆز بىلەن قاراپ، يامان نام بىلەن ئاتايدىكەن. بۇ يەردە تۇرغۇچە ئۆز يۇرتۇمغا كېتەي» دەپ تۇل-پارغا قامچا سالدى. «ئانا يۇرتۇم نەدە سەن؟» دەپ بىر - ئىككى سايدىن ئاشتى. بارا - بارا ئۇنىڭ كۆڭلىدە سەۋر - تاقەت تۇيغۇلىرى ئويغاندى. ئۇ: «بۇ ئىش ماڭا لازىم ئەمەس ئىكەن. مېنىڭ بۇ يەردە بۇ قىز بىلەن مۇنداق سۆزلەشكىنىمنى قى-رىق مىڭ يىگىت نەدىن بىلسۇن؟ بارچىسى ھاۋازخان نامەرد ئىكەن. گۆر ئوغلىنىڭ تۇلپارىنى مىنىپ ئۇنى ئالداپ قېچىپ كەتتى دەپ ماڭا مالامەت قىلۇر. مەن ئۇنداق مالامەتنى ئەسلا كۆتۈرەلمەيمەن. ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن قايتىپ چەمبىلگە باراي. گۆر ئوغلىغا ئەھمەد سەردارنىڭ قىزىنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن دەي. ئېلىپ بەرسە بەردى، بەرمىسە گۇناھىنى گۆر ئوغلىغا ئارتىپ قويۇپ ئاندىن مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ كې-تەي. ئۇ چاغدا ھېچكىم مېنى مالامەت قىلالمايدۇ. ئەگەر گۆر ئوغلى بوتاكۆزنى ئېلىپ بەرسە، بېشىغا قارا قالپاق، ئۇستىگە قارا بوياق ماتا، ئايىغىغا چورۇق كىيدۈرۈپ يىگىتلەرگە چى-لىم سالغۇچى قىلاي» دەپ كۆڭلى يېرىم ھالدا چەمبىلگە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش تۇلپارنىڭ يالىغا

توختىماي چۇشۇپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى نامازدىگەرگىچە ئۇ چەمبىلگە قايتمىدى. گۆر ئوغلى سۇلتان ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى چەمبىلنىڭ دەرۋازىسىغا چىقىپ ئۇنى كۈتكەنىدى، ھاۋازخان كەلمىگەندىن كېيىن ئۇلار ئوردىسىغا ياندى. ئاغا يۈنۇس پەرى باشلىق ئۇنىڭ ئانىلىرى زەينەپشاھ ئايىمنى ئېلىپ ئوردا سىپپىلىنىڭ كۈنگۈرىسىدىن ئۇنىڭ يولىغا قارىدى. گۆر ئوغلى نامازدىگەر بولغاندا يىگىتلىرگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:





ئۆردەك كۆلى چەمبىل بىلەن بىرۆمىت،
قىرىق يىگىت مەقسىتىمنى سەن ئىشىت.
چاشگاھ بىلەن كەلمەكچىدى بەگ ھاۋاز،
نېمە بولدى، كەلمەس قوزام، ھەم ئىشىت.

يەتمىدى ماڭا شۇ دەم بىر ئۆلۈم،
بەگ ھاۋاز ئىدى مېنىڭ جان ـ دىلىم،
كۆرەرمەنمۇ قاراڭنى بىر قۇرغۇيۇم،
نېمە بولدى، كەلمەس قوزام، سەن ئىشىت.

ھىجران ئوتى يۈرەك باغرىم داغلاتتى،
جۇدالىق ئازابى بەلنى باغلاتتى،
سېغىندۇرۇپ مېنى تولا يىغلاتتى،
نېمە بولدى، كەلمەس قوزام، سەن ئىشىت.

بەگ ھاۋازخان ئېگىز تاغدىن ئاشتىمۇ؟
دۈشمەن كۆرۈپ ئەقىللىرى شاشتىمۇ؟
ياكى ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى قاچتىمۇ؟
نېمە بولدى، كەلمەس قوزام، سەن ئىشىت.

ياخشى ئۈمىد گۆر ئوغلىنىڭ سۆزلىرى،
تېپىلمايدۇ ھاۋازخاننىڭ ئىزلىرى،
يا تەگدىمۇ بىر يامانىنىڭ كۆزلىرى،
نېمە بولدى، كەلمەس قوزام، سەن ئىشىت.

گۆر ئوغلى نەزمنى تۈگىتىپ تۇراتتى، يىراقتىن ھاۋازخانىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. يېقىن كەلگەندە ھاۋازخاننىڭ كۆڭلىنىڭ بىئاراملىقى بىلىندى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ھېلىمۇ تامچە ـ تامچە

ياش توختىماي تۇلپارنىڭ يالىسىغا چۇشۇپ تۇراتتى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە ھەممە يىگىتلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئاتـ ـلىرىدىن چۇشۇپ سالام قىلدى ۋە:

— ھارماڭ، تۆرەم ! — دەپ ئەھۋال سورىدى. ھاۋازخان ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بەرمىدى. گۆر ئوغلى سۇلتان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي ئوغلۇم، نېمە سەۋەبتىن شۇنچە كېچىكىپ قالـ ـدىڭ؟ ! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بېغىم ئىچرە تازا گۇلۇم،
سۆزلىسەم سەن مېنىڭ تىلىم،
بەلكى مېنىڭ جانۇ دىلىم،
نېمىگە يىغلاپ، كەلمىدىڭ؟

ھاۋازخان:
دۇشمەنلەرنى ئەينەك ئەتتىم،
يۇرەر يولنى مەن تەرك ئەتتىم،
مەيخانىدىن يولغا چىقتىم،
يول ئايلىنىپ ئەمدى كەلدىم.

گۆر ئوغلى:
ئاڭلا مېنىڭ ئېيتقان سۆزۇم،
سەنسەن مېنىڭ كۆرەر كۆزۇم،
بەلكى تېخى قىزىل يۇزۇم،
نېمە بولدى، سەن كەلمىدىڭ؟

ھاۋازخان:
ئارا چۆلدە ھېرىپ قالدىم،

تاغۇ تاشنى مەن قوپاردىم،
ئۆردەك دېگەن كۆلگە باردىم،
يول ئايلىنىپ، ئەمدى كەلدىم.

گۆر ئوغلى:
سەن ئىرۇرسەن قەن ـ ناۋاتىم،
سەن بىلەندۇر بار ھاياتىم،
ھەم پەرزەنتىم، قول ـ قاناتىم،
نېمىگە يىغلاپ، كەلمىدىڭ؟

ھاۋازخان:
شۇنداق تەقدىر ئىشلىرى،
كۆرۈندى كۆزگە چۈشلىرى،
يوقكەن ئۆردەك ـ قۇشلىرى،
شۇڭا ئايلىنىپ، ئەمدى كەلدىم.

گۆر ئوغلى:
ئىزىڭدىن دىل شادلانسۇن،
دۈشمەن قولى باغلانسۇن،
سەندىن ئاتاڭ ئايلانسۇن،
نېمىگە يىغلاپ، كەلمىدىڭ؟

ھاۋازخان:
ئاتنى چاپتىم چەپپىگە،
يۈگۈرۈپ چىقتىم تۆپىگە،
كۆزۈم چۈشتى بىر ئۆيگە،
ئۇيان بىرىپ، ئەمدى كەلدىم.

گۆر ئوغلى ھاۋازخانغا قاراپ:

— ئەي ئوغلۇم، سەن يوقلاڭ باھانىلەرنى دەپ راست سۆزنى دېمەيۋاتىسەن! راستىڭنى ئېيتقىن، نېمە ئۈچۈن شۇنچە يىغلىدىڭ؟ مەن ھاياتمەن، مېنىڭ زامانەمدە ساڭا كىمدىن مۇنداق ئېغىر ئەلەم يەتتى؟ — دەپ سورىدى.

ھاۋازخان بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىش ئۈچۈن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاق يۈزۈمدە ئۆرلىدى سەپكۈن بىلەن خال،<br>
قولۇمغا قۇش ئالدىم ئېتى زەررىن بال.<br>
كۆرگىنىمنى بىر - بىر بايان ئەيلەيىن،<br>
قىبلىگاھىم، بۇ سۆزۈمگە قۇلاق سال.

رەھىم ئەيلىگىن كۆزدىن ئاققان يېشىمغا،<br>
سانسىز سەۋدا چۈشتى مېنىڭ بېشىمغا.<br>
مۇساپىرلىق ئېتى قۇرۇسۇن، ئاتىجان،<br>
نى يامانلار كېلىپ كەتتى قېشىمغا.

يۈرىكىمنى مۇساپىرلىق داغلىدى،<br>
ھىجران - ئەلەم مېنى بوزەك چاغلىدى.<br>
غېرىبلىقنىڭ ئېتى قۇرۇسۇن، قىبلىگاھ،<br>
ناكەسلەرنىڭ يامان سۆزى قالمىدى.

غەيرىتىمنى ياندۇرۇشقا ئۇرۇندى،<br>
بىزدەك بەگلەر يامان سۆزدىن قورۇندى.<br>
ئۆردەك كۆلدىن قايتار چاغدا، جان ئاتا،<br>
باغلىق ھويلا كۆزۈمگە گۇل كۆرۈندى.

قانداق قىلاي، يۈرىكىمدە دەردىم كۆپ،
بۇ دەردلەرنى ئېيتىشۇەرمەك ئەمەس خوپ.
غەزەپ بىلەن يېتىپ باردىم ئۇ يەرگە،
ھەركىم بولسا بىرەر چىلىم سوراي خوپ.

ئىشىك ئالدى قاتار ـ قاتار ئاناركەن،
تۆگىلىرى شۇنچىلىك كۆپ ھەم ناركەن.
بېرىپ ئىدىم چىلىم تارتىپ كېتەي دەپ،
تاغاڭ ئەھمەد سەردار قىزى باركەن.

كىيگىنى گۈلگۈندۇر، ئەجەب قىرمىزى،
ئىسمىكەن بوتاكۆز تاغاڭنىڭ قىزى.
يۈرىكىمگە ئوتنى سالدى نە قىلاي؟
كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى شۇ قىزنىڭ سۆزى.

تەنە قىلدى ئېيتقىنىمنى بىلسۇن، دەپ،
يەنە دېدى: «بالىسىزنىڭ ئوغلى » دەپ.
ئۆلتۈردى، كۆيدۈردى شۇ قىزنىڭ سۆزى،
ئاخىر دېدى: «بىر بايتالنىڭ قۇلى» دەپ.

بۇ سۆزلەرگە مەندەك ئوغلۇڭ ئۆلمىدى،
يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى، بىلمىدى.
جاۋاب بەرگىن، ئاتا، ئەمدى كېتەيمەن،
چەمبىل بەلدە «قۇل» ئات سىڭدى، بولمىدى.

ھاۋازخان ئېيتىدۇ ئەمدى بۇ سۆزنى:
ئەيلىدى مۇساپىر تەقدىرمۇ بىزنى.

يىگىتلەرگە چىلىم سالغۇچ قىلاي مەن،
ئەگەر ئېپ بەرسەڭ، ئاتا، شۇ قىزنى.

ھاۋازخاننىڭ بېيىتى تۈگىگەندىن كېيىن، گۆر ئوغلى:

— ئەي بالام، سەن غەم قىلما، ھېلىغۇ بىر ئەھمەد سەردارنىڭ قىزى ئىكەن، توققۇز ئەھمەد سەردارنىڭ قىزى بولسىمۇ ساڭا سادىغا ! — دېدى.

ھاۋازخان:

— رەھمەت ھىممىتىڭگە، ئاتا ! — دېدى.

گۆر ئوغلى:

— ئوغلۇم، سەن غەرەزسىز ھالدا مېنىڭ قېشىمدىلا تۇر. سالىڭ ھەممە نەرسە سېنىڭ. مەن سېنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايمەن ! — دەپ ھاۋازخاننى مەيخانىغا بۇيرۇدى.

ئۆزى چەمبىلىنىڭ ناغرىخانىسىغا چىقىپ ناغرا چالدۇرۇپ، كاناي - سۇناي تارتقۇزدى.

گۆر ئوغلىغا ھەرقاچان قوشۇن كېرەك بولسا شۇنداق قىلاتتى، چەمبىلىنىڭ ئاھالىسى ئۇنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ:



— سۇلتانىمىز، گۆر ئوغلى، بىز ناغرا، كاناي ـ سۇناينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىنىڭ ئالدىڭغا كەلدۇق. سەن نېمە مەقسەتتە بىزلەرنى چىللىدىڭ، ئېيتقىن، ئاڭلايلى! — دېدى.

گۆر ئوغلى ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

گۆر ئوغلى دەر: ئاڭلاڭ مېنىڭ سۆزۈمنى،
پەرزەنت ئۈچۈن سارغايتۇرماڭ يۈزۈمنى.
ئەمدى سىزگە مەن ئېيتايىن، ئەي بەگلەر،
ھېكايەت ئەيلەيىن ھاۋاز ئوغلۇمنى.

ھاۋاز ئوغلۇم زەھەر كېلىن كۆرۈپتۇ،
سوغۇق يارغا قاتتىق كۆڭۈل بېرىپتۇ.
باتۇر ئوغلۇم ئۆردەك كۆلگە بارغاندا،
ئەھمەد سەردار تاغام قىزىن كۆرۈپتۇ.

قۇلاق سېلىڭ، گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىگە،
مەن چۈشەندىم بەگ ھاۋازنىڭ كۆزىگە.
ئەھمەد تاغام قىزىنى ئۇ كۆرگەندە،
ئاشىق بولۇپ كۆيۈپ قاپتۇ ئۆزىگە.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بېلىمنى باغلىدىم،
يېشىم بىلەن قارا يەرنى نەملىدىم.
توقسان مىڭ بەگ، مەن ئېيتايىن سىلەرگە،
ھەممىڭىزنى سەردارغا ئەلچى ئەيلىدىم.

بىلىڭ بۈگۈن گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىنى،
بىرنەچچىلەر تاپالمايدۇ ئىزىنى.

ھەممىڭىزنى بۇگۇن ئەلچى ئەيلىدىم،
تاغام بەرسۇن بەگ ھاۋازغا قىزىنى.

دۇشمەنلەرنى ئاياغ ئاستى ئەيلىسۇن،
قاناتىمنى خان تۇمەنگە باغلىسۇن.
سەردار بەرسۇن بەگ ھاۋازغا قىزىنى،
مال كېرەكمۇ؟ ئۆزى تەيىن ئەيلىسۇن.

سورىسا بېرەي قاتار ـ قاتار نارىمنى،
نار ئۇستىگە يۈكلەپ بېرەي بارىمنى.
ئەھمەد سەردار مال سورىسا، ئەي بەگلەر،
بېرىڭىزلەر مىڭلاپ ـ مىڭلاپ بارىنى.

گۆر ئوغلى دەر: بىلۇرسىزلەر ئېتىمنى،
پەلەك بۇزدى مېنىڭ كۆڭۈل شادىمنى.
ئەگەردە مال كېرەك بولسا تاغامغا،
باش ئاتقا بېرەي بولغۇر ئاتىمنى.

گۆر ئوغلىنىڭ بېيىتى تۈگىدى. شۇ يەرگە يىغىلغان ئەللىك مىڭ بەگنىڭ ھېچبىرىدىن سادا چىقمىدى. چۈنكى، ئاقساقاللار «بارمايلى» دېسە، گۆر ئوغلىنىڭ غەزەپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. «بارايلى» دېسە، ئەھمەد سەرداردىن قورقاتتى. ياشلار ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيتتى. شۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ ئىچىدە باقى باي دېگەن بىر بوۋاي بار ئىدى، ئۇ بەگلەرگە قاراپ:

— گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەمسىزلەر؟ — دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ بىرى:

— بىز نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدۇق ! — دېدى. باقى باي:

— سىلەر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرسەڭلار، گۆر ئوغلىغا مەنلا جاۋاب بېرەي ! — دەپ گۆر ئوغلىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

باقى باي ئاقساقال، دېيىشەر مېنى،
سارغايتۇرماڭ مېنىڭ قىزىل يۈزۈمنى.
توقسان مىڭ بەگ جاۋاب بەر دەپ قويمىدى،
سىزمۇ ئاڭلاڭ مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈمنى.

غېرىب قىلىپ سارغايتۇرماڭ يۈزۈمنى،
ئادا قىلمەن بەش ۋاقىتلىق پەرزىمنى.
شەرتى شۇكى، كۆڭۈلگە ئېغىر ئالماڭ،
مەن سۆزلەيىن، تىڭلاڭ مېنىڭ ئەرزىمنى.

چىن ئەرلەر كۆرەلمەيدۇ يۈزىنى،
تاپالمايدۇ بەلكى ئۆنىڭ ئۆزىنى.
مېنى دېسەڭ بەگلىرىڭنى ئەۋەتمە،
ئەۋەتكەنگە تاغاڭ بەرمەس قىزىنى.

زورلۇق قىلساڭ كىم كېلىدۇ ئېلىڭگە؟
ئالتۇن كەمەر يارىشۇرمۇ بېلىڭگە.
بەرسەڭ بەرگىن بىرەر دەستەك ئېلىڭگە،
قىزنى بەرمەس بىر بايتاللىق قۇلۇڭغا.

باقى باي ئاقساقال سۆزىنى تۈگەتتى. بارچە بەگلەر ئو-

رۇنلىرىدىن تۇرۇپ:

— ئەي باقى باي، سەن ياخشى سۆزنى ئېيتتىڭ، راست سۆزنى ئېيتتىڭ! — دېدى. باقى باي:

— بۇنچىلىك سۆزنى ئېيتماي بولامدۇ؟! — دەپ ئۆز يولىغا كەتتى.

گۆر ئوغلىنىڭ بەگلىرىگە ئاچچىقى كەلدى، بۇرۇتى شاپ-تەك بولۇپ تىترىدى، كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ پارقىرىدى.

«ھەي دەرىخ، بۇلار مېنىڭ قېرىغىنىمنى بىلىپ، ھەممە-سى بۇ ئىشتىن باش تارتتى، ياش چاغلىرىمدا شۇنداق قى-لىشسا، ھەممىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتىم» دەپ ئاستا - ئاس-تا مېڭىپ مەيخانىغا كىردى. ھاۋازخانمۇ بۇ ئىشلاردىن خە-ۋەردار ئىدى. يىگىتلىرىنىڭ ھەممىسىنى مەيخانىغا ئەكىرىپ شاراب بىلەن مەست قىلىپ يىقىتىپ تاشلىدى. ھاۋازخان ئالتۇن ئاياققا مەي قۇيۇپ گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ-نىڭغا شارابنى تۇتۇپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:



مېنىگەن ئېتىمم يۈز چاپار،
ئوڭ يانىدا توققۇز تۇمار.
قولۇمدىن ئالغىن ئاياق،
ئاتا، ئازراق باس خۇمار،
ئاتا، ساڭا ئاللا يار.

ئۆلمىگىن سەن، ئۇزاق ياشا،
تۇلپارنى مىن، قىل تاماشا.
بىر قولۇڭغا مەدەت،
بىرىگە ئال ئالتۇن كاسا،
ئاللا بولسۇن ساڭا يار.

شېرىن جاندىن كەچسىڭىز،
كېپەن تونىنى پىچسىڭىز.
دۇشمەن بېشى ئايلاندى،
بىر ئاياق شاراب ئىچسىڭىز،
كەئبەم، ئاللا بولسۇن يار.

بېشىمىزدا بار مالامەت،
دوستلار بارى سالامەت.
بۇ ئەزىز جان سىز - بىزگە
بىرنەچچە كۈن ئامانەت،
ئاللا بولسۇن ساڭا يار.

كۆز يېشىم تىزىلغاندۇر،
يۈرىكىم ئېزىلگەندۇر.
تۈز - نېسىۋەم شۇ كۈندە،

چەمبىلدىن ئۈزۈلگەندۇر،
ئاللا بولسۇن ساڭا يار.

ئۇلۇغ ئاتا، خوش ئەمدى،
كۆزدىن ئاقتى ياش ئەمدى.
ئامان بولغىن كۆرۈشكۈچە،
جېنىم ئاتا، خوش ئەمدى،
ئاللا بولسۇن ساڭا يار.

تاجىگۈلنى تېرىيمىز،
زەرگە كېلىن ئورايمىز.
ئامان بولغىن، جان ئاتا،
قىيامەتتە كۆرۈشىمىز،
ئاللا بولسۇن ساڭا يار.

بۇ زامان شۇنداق زامان،
بېشىمغا چۈشتى تۇمان.
غېرىب ئاتا كۆرگۈچە،
ئۆز تەختىڭدە بول ئامان،
كەئبەم، ئاللا ساڭا يار.

ھاۋازخان بۇ سۆزنى ئېيتىپ ئالتۇن ئاياقنى شاراب بىلەن يەرگە قويدى، مەيخانىدىن چىقىپ ئاتخانىغا كىردى. قارىسا، گۆر ئوغلىنىڭ ئاتلىرى ئويناپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ بىرى تۇلپار، بىرى غەيرىي، بىرى مەجنۇن كۆك. ھاۋازخان خىيالەن ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ تۇلپار گۆر ئوغلىنىڭ ئېتى ھەم دۆلىتى، ھەم پەرزەنتى ۋە ھەم قول - قانىتى. بۇنى مىنىپ كەتسەم

گۆر ئوغلىغا دۈشمەنلىك قىلغان بولىمەن» دېدى. ئاخىر ئۇ كېلىپ مەجنۇن كۆكنى مىنگەندى، كۆڭلى بۇزۇلدى. چەمبىل شەھىرىنىڭ سىرتىغا چىقماي تۇرۇپلا ئاتنىڭ يالىغا ئۇنىڭ كۆز يېشى تۆكۈلدى. چەمبىل ئەھلى، ئۆردەك كۆلى، چوڭ - كىچىك يارەنلىرى بىلەن غايىبانە خوشلىشىپ، تۆگىنىڭ بوينىدەك بوزلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

باھاردا ئاچىلۇر چەمبىلنىڭ گۈلى،
زاغلىرى ئۇچىدۇ، قونسا بۇلبۇلى.
ئامان بولغىن، يەنە قايتىپ كەلگۈچە،
شادى - خۇرام يۈرگەن چەمبىلنىڭ ئېلى.

باھاردا ئېچىلۇر باغنىڭ قىرمىزى،
زىمىستان كېتىپ، كەلدى باھارنىڭ ئۆزى.
ئامان بولغىن، يەنە قايتىپ كەلگۈچە،
دەۋران سۈرگەن چەمبىلنىڭ شەھىرى.

كۆيدۈردى دىلىمنى بوتاكۆز تىلى،
يۈرەكنى تىلىدۇ ھىجراننىڭ تىغى.
ئامان بولغىن، قايتىپ كېلىپ كۆرگۈچە،
دەۋرانلار سۈرگەن چەمبىلنىڭ ئېلى.

دىلىمغا چۈشۈپتۇر ھىجراننىڭ دېغى،
يۈرىكىم ئۆرتەندى ئايرىلىش چېغى.
ئامان بولغىن، قىيامەتتە كۆرەرمىز،
ئويناپ - كۈلۈپ بىللە ئۆسكەن چەمبىلنىڭ گۈلى.

ياخشى قال، مەن ئۆتكەن ئەسقەرنىڭ بېلى،
كۆرۈنەر يىراقتىن نۆكەرنىڭ چۆلى.
ئامان بولغىن، سېنى قايتا كۆرگۈچە،
قۇش سېلىپ ئوينىغان ئۆردەكنىڭ كۆلى.

كۆيگىنىمدىن ئاقدۇ كۆزۈمنىڭ يېشى،
ئاللانىڭ رەھمىتى ئادەمنىڭ بېشى.
ئامان بولساڭ قىيامەتتە كۆرەرمىز،
كۆكرىپ ئۆسكەن چەمبىل ياغىچى.

ئەزەلدىن شۇ ئىكەن تەقدىرنىڭ ئىشى،
نى كۈنلەر كۆرەر ئۆلمىگەن كىشى.
گۆر ئوغلى ئويغانسا سالام ئېيتىڭلار !
بېشىمدىن ئۇچتى چەمبىلنىڭ قۇشى.

باغ ئارىلاپ تازا گۈلنى يۇرايمىز،
گۈل سولسا، ھىدىنى قايدىن سورايمىز.
بولغىن ئامان، ئۆسكەن يۇرتۇم چەمبىل بەل،
ئاللا يار، خوش، قىيامەتتە كۆرەرمىز.

يۇرت ـ ئېلىمدىن ئايرىلىپ بولدۇم خار ـ زار،
نە قىلسا قۇدرەتلىك ھەقتە ئىختىيار.
ئامان بولساق قىيامەتتە كۆرەرمىز،
ئەھلى خەلقىم ساڭا ئاللا بولسۇن يار.

ھاۋازخان دەر: نالە قىلدىم زار– زار،
ھېچ بەندىدە يوقتۇر زادى ئىختىيار.

كۆرۈشكۈچە ئەھلى خەلقىم خوش ئەمدى،
ئاتا قورغان گۇرۇجىستاندا تۇرغۇم بار.

ھاۋازخان يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئەل بىلەن غا-يىبانە خوشلاشتى، ۋىدالاشتى. يولغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى، شۇ چاغدا ئاغا يۇنۇس پەرى، مىسقال پەرى، گۈلنار پەرى باشلىق قىرىق تاجدارنىڭ خوتۇنلىرى باغ سەيلىسىگە چىقتى. بىر كېنىزەك ھاۋازخاننىڭ ئاۋۇشىنى ئاڭلاپ، ئىگىزدىن ئۇنى كۆردى. ئۇ ئاغا يۇنۇس پەرىگە:

— خان ئايىم، كوچىغا قاراڭ. ھاۋازخان نالە قىلىپ يىغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. ئاغا يۇنۇس پەرى كېنىزەكنىڭ قېشىغا كېلىپ ھاۋازخاننى كۆردى. ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاتتى. ئاغا يۇنۇس پەرى ئۇنىڭ يۈزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ «ئوغلۇم ! » دەپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:



بېغىم گۈللەپ، تەرگەنلىرىم گۈل بولسۇن،
مەندەك ئاناڭ جىلاۋىڭدا قۇل بولسۇن.
كۆزۈمنىڭ نۇرى، كۆڭلۈم قۇۋۋىتى،
چەمبىلنىڭ ئارسلانى، بالام، يول بولسۇن!

سېنى كۆرمەي سارغايدى ـ سولدى چىرايىم،
سەن ئۆزۈڭ كۆزۈمنىڭ نۇرى چىراغىم.
گۈل بويۇڭدىن مەن ئايلىناي چىراغىم،
چەمبىلنىڭ ئارسلانى، بالام، يول بولسۇن!

ئاڭلىغىن جان قوزام مېنىڭ سۆزۈمنى،
يولۇڭغا بېغىشلاي ئىككى كۆزۈمنى.
قەددىڭدىن ئايلىناي، جان تۆرەم قوزام،
چەمبىلنىڭ ئارسلانى، بالام، يول بولسۇن!

سەندىن ئايرىلغۇچە تىلەيمەن ئۆلۈم،
خازان بولۇپ سولاشسۇن ئېچىلغان گۈلۈم.
قوزامسەن مېنىڭكى ئاسايىش قولۇم،
چەمبىلنىڭ قۇلانى، بالام، يول بولسۇن!

تىللا كەمەر بىلەن بەلنى باغلىتىپ،
پىراق ئوتى بىلەن دىلنى داغلىتىپ.
قېرىغاندا گۆر ئوغلىنى يىغلىتىپ،
قەيەرگە يول سالدىڭ، تۆرەم، يول بولسۇن!

ھاۋازخان ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئانىسىنىڭ بوينىنى قۇچاقلىدى، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىدى. ئاغا يۇنۇس پەرى يەنە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاق يۇزۇڭگە يارىشۇر ئىككى خال،
قولۇڭغا قوش ئالدىڭ، ئىپتى زەررىن بال.
يەنە ساڭا بىر سۆز ئىيتاي بەگ ھاۋاز،
ئەمدى، بالام، بۇ سۆزۈمگە قولاق سال:

سەن كەتسەڭ، بۇ شەھەر ماتەم قىلماسمۇ؟
مېنىڭدەك ئاناڭ يىغلاپ قالماسمۇ؟
بۇ چەمبىلنىڭ بىر ئىگىسى سەن ئىدىڭ،
سەن كەتسەڭ بۇ شەھەر ۋەيران بولماسمۇ؟

دەردىڭ بىلەن بۇ دۇنيادىن مەنمۇ ئۆتەرمەن،
ھىجرىڭدا ھەر كۈنى قانلار يۇتارمەن.
چەمبىلدىن سەن كەتسەڭ، ئاڭلا، بەگ ھاۋاز،
مەنمۇ ھەم بىردەممۇ تۇرماي كېتەرمەن.

تىلدا بار ياخشى ئەر بەندىنىڭ نامى،
يىگىرمە بەش مىڭ ئادەمنىڭ مالى ھەم جانى.
سەن كېتەر بولساڭ چەمبىل بۇزۇلۇر،
ئويلا، بالام، كىمگە بولۇر ئۇلار ۋابالى.

تەلىم ئالغىن ئاغا يۇنۇس سۆزىدىن،
قىسسە بولار، قانلار تۆكەر كۆزىدىن.
قايتار بولساڭ، بوتام، زارلاپ، بوزلاپ،
قورقماسمۇ سەن گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىدىن.

ھاۋازخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئانىسىنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ بوينىغا ئېسىلىپ كۆزىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ۋەيرانە كۆڭلۇم قايناپ جۇش ئۇردى،
ئەرەنلەر شەربەتنى ئىچتى نۇش قىلدى.
كۆرەرمەنمۇ چەمبىل بەلنى يەنە قايتىپ،
تا كۆرگۈنچە، جېنىم ئانام، خوش ئەمدى.

چەمبىلدىن چىقمايلا كۆڭلۇم بۇزۇلدى،
تۇز ـ نەسىۋەم چەمبىل بەلدىن ئۈزۈلدى.
ئامان بولغىن، ئانا، قايتىپ كەلگۈچە،
قايتىۋاشتىن يەنە كۆڭلۇم بۇزۇلدى.

ئىش بولماس قۇدرەتلىك ھەقتىن بىپەرمان،
بەندىدە يوقتۇر زەررىچە دەرمان.
رازى بولغىن ماڭا، بەرگەن تۇزۇڭغا،
سەن ماڭا جاندەك، ئەزىز ئانا جان.

ئەجەل يېتىپ مەندەك قوزاڭ ئۆلمىدى،
چاپلاشقان «قۇل» ئېتىم، زادى قالمىدى.
گۆر ئوغلى «ئوغلى» دېسەم، ياتلار «قۇل» دېدى،
كەتمىسەم چەمبىلدىن زادى بولمىدى.

سىل بولدى يۈرىكىم دەردى ـ ئەلەمدە،
تۇزەلسە سېغىنىدىم، قېنى، بالام، دە.
گۆر ئوغلى يېتىپ قالدى ئۇندا مەستلىكتە،
ئويغانغاندا جان ئاتامغا سالام، دە.

ھاۋازخان دەر بۇ ئىشلار تەقدىرنىڭ ئىشى،
يالغۇز مەن، يېنىمدا يوقتۇر ھېچ كىشى.

ئامان بولغىن، جېنىم ئانا، سەن ئۆزۈڭ،
ئاندىن سوڭرە يىگىتلەرنىڭ قورېيشى.

ئاندىن ھاۋازخان بوز قارچىغىدەك مەجنۇن كۆكىنىڭ ئۈستىگە ئىرغىپ مىندى، ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ كېتىدىغان بولدى.

ئاغا يۈنۈس پەرى، يىگىتلەرنىڭ ئاياللىرى ھەممىسى ھاۋازخانغا ھازا تۇتۇپ زار - زار يىغلاپ، ھاۋازخاننىڭ كەتكەنلىكىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلسە، ئۇ مەيخانىدا يىگىتلىرى بىلەن بىھوش ھالدا يېتىپتۇ. بۇلار ئەمىر گۆر ئوغلىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ قەسرگە قايتىپ كېتىشتى.

ئەمىر گۆر ئوغلى ئۈچ كۈندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ، ھاۋازخاننىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ھاۋازخاننىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلىكى گۆر ئوغلىغا قاتتىق تەيۇلدى.ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئۆرتەندى. ئۇ ناھايىتى خاپا ھالدا ئاغا يۈنۈس پەرىنىڭ ئوردىسىغا كىردى. قارىسا، ئاغا يۈنۈس پەرى قاناتلىرىنى تەڭشەپ - تۈزەپ كۆھىقاپ تېغىغا ئۇچۇشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئاغا يۈنۈس پەرى گۆر ئوغلىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ھاۋازخاننىڭ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئۇچقۇر ئىدىڭ، قاناتىڭدىن ئايرىلدىڭ،
يۈگۈرۈك ئىدىڭ، بۇيۇك يەرگە تىرەلدىڭ.
ئارمان بىلەن قالدىڭ ئەمدى، گۆر ئوغلى،
سۆيۈنۈشلۈك بەگ ھاۋازدىن ئايرىلدىڭ.

ئادا بولماس ئىچىڭدىكى بۇ دەردىڭ،
ئارمان بىلەن سۇندى كۇچلۇك قاناتىڭ.
ئىگىسىز قالغاندۇر چەمبىل ئەللىرى،
يۇرت ئىگىسى بەگ ھاۋازدىن ئايرىلدىڭ.

ئېيتىۋەرسەم قايناپ تاشار پىغانىم،
كۆيگىنىمدىن سارغايدىلار سىياقىم.
ئۆيلىسام يوق، ئەمدى ھاۋاز چىراغىم،
كۆزۈم نۇرى، چىراغىڭدىن ئايرىلدىڭ.

سىغدۇرمىدى دۇشمەنلىرىڭ ئۆزىنى،
ئاڭلىمىدىڭ ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزىنى.
تاپالمايسەن ئەمدى باسقان ئىزىنى،
دۇرى ـ گۆھەر، مارجانىڭدىن ئايرىلدىڭ.

ئۇنىڭ دەردى بىلەن باغرىڭ داغلىنىپ،
ھازا تۇتۇپ قارا بەلۋاغ باغلىنىپ.
«ۋاي بالام» دەپ قارا تۇتۇپ يىغلىشىپ،
كۆڭۈل خۇشى قارچىغاڭدىن ئايرىلدىڭ.

گۆر ئوغلى ئاغا يۇنۇس پەرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئاغا يۇنۇس پەرىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆزدىن ياشلار ئېقىپ ـ ئېقىپ، سەل بولدى،
دۇشمەن كەلسە چەمبىل بەلگە ئەل بولدى.
بەگ ھاۋازخان كەتكەن بولسا چەمبىلدىن،
ئەل ـ يۇرتۇمدىن ئامەت كېتىپ چۆل بولدى.

يۈرىكىمگە چۈشتى ھاۋازخان دەردى،
ئاھ ... دېسەم چىقىدۇ ئىچىمدىن ئوتى.
ھاۋازخاننىڭ كەتكىنى ئەگەر راست بولسا،
قۇرۇدى دەڭلار چەمبىلنىڭ يۇرتى.

باسالمىدىم دۈشمەنلەرنىڭ تىلىنى،
سۇندۇرۇشتى نەيلەيىن بادامگۈلىنى.
ھاۋاز بالام كەتكەن بولسا چەمبىلدىن،
ئوت ئالدى دېسەڭچۇ چەمبىل ئېلىنى.

يىغلاتتى مېنىڭدەك پەرزەنتكە زارنى،
پەرزەنت ئۈچۈن بەردىم نومۇس ۋە ئارنى.
كەتكەن بولسا بەگ ھاۋازخان چەمبىلدىن،
ياۋ ئېلىپتۇ ئەمدى بۇندا بارىنى.

ھەر بىر سۆزۈڭ سېنىڭ ماڭا مىسلى بال
سەن بولغانىدىڭ ماڭا دائىم ماھۇ سال.
ئەل ۋە يۇرتۇم پارچىسىنى ياۋ ئالدى،
ئەمدى ساڭا بىر سۆز ئېيتاي، قۇلاق سال:

قېرىغاندا كۆزۈم يېشى كۆل بولسۇن،
دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ كۆپ بولسۇن.
ھاۋاز بالام كەتكەن بولسا ئۆيىگە،
ئەمدى ساڭا ئاغا يۇنۇس يول بولسۇن.

يۇرمەك بولۇپ باش - كۆزۈڭنى تۈزىتىپ،
مەن چىققۇچە بەگ ھاۋازنى ئۈزىتىپ.

ئاغا يۇنۇس پەرى ساڭا يول بولسۇن،
ئۇچماق بولساڭ قانىتىڭنى تۈزىتىپ.

گۆر ئوغلى دەر كۆزدە يېشىم قۇرۇدى،
چەمبىل بەلنىڭ ئاتىسى بار، ئۆلمىدى.
ھاۋاز كېتىپ ئۆز يۇرتىغا بارغاندۇر،
ئاغا يۇنۇس، سەندىن ئۇمىد شۇلمىدى؟

ئاغا يۇنۇس پەرى گۆر ئوغلىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلدى. گۆر ئوغلىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا قاتتىق تۇيۇلدى. شۇڭا، ئۇ گۆر ئوغلىغا قاراپ: « بىر پەرزەنتىڭنىڭ يوقلۇقى بىلەن يۇرت بۇزۇلدى، دەمسەن؟» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

مۇساپىرمەن، يۈرەك - باغرىمنى ئۆرتىدى داغ،
نەگە بارسام ماڭا كەلدى ماتەملىك چاغ.
ئاڭلىغىن سۆزۈمنى بىر - بىر ئېيتايىن،
ھاۋاز ئىدى، گۆر ئوغلى، ماڭا نۇرچىراغ.

ئىشىدىن كۆپتۇر ئاغا يۇنۇس گۇناھى،
شۇ يۇرتتا سەن ئۆزۈڭ ئەلنىڭ پاناھى.
تىرىك بولغاندىن كېيىن ئادەم ئۆلۈرلەر،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن چەمبىلنىڭ شاھى.

كۆزۈمدىن ئاقىدۇ مېنىڭ قىزىل قان،
چىقمىسا نە ئىلاج تېنىمدىكى جان؟
بۇندىن كېتىپ ، نېچۈك يۈرەي دۇنيادا،
سۆيۈنچەم ئىدى مېنىڭ بەگ ھاۋازخان.

خانىسەن، گۆر ئوغلى، چەمبىل ئېلىنىڭ،
ئاغزىدا شېكەر بار، ناۋات تىلىنىڭ.
بىلمەسمۇ سەن گۆر ئوغلى خان ھېلىمھەم،
ھاۋازى كەتتى چەمبىل بەل ئېلىنىڭ.

بىر سۆز بىلەن كەتتى ھاۋاز ئېلىدىن،
سۆزلەشكىلى شەھەرلىكلەر ئىچىدىن.
ھاۋاز ئىدى چەمبىل بەلىنىڭ سۇلتانى،
بىر ئارماندا كەتتى بۇ ئەل يېرىدىن.

چاپالمىدى ئارغىماقنىڭ شوخلىرى،
يىغىدىن بىلىنەر دەردىم كۆپلۈكى.
ئېھ گۆر ئوغلى، يوقتۇر سېنىڭ ساقلىقىڭ،
شۇنداق بولۇر بىر بالىنىڭ يوقلۇقى.

ئويلىساڭ بۇ دۇنيا بارچىسى پانىي،
بېشىڭنى كۆتۈرگىن چەمبىل سۇلتانى.
بەگ ھاۋازدىن ئايرىلىپ قالدۇق بىز،
نە كۆز بىلەن بىز كۆرەرمىز دۇنيانى.

گۆر ئوغلى ئاغا يۇنۇس پەرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يولۋاستەك ئىگرىدى. ھېچ كىشى بىلەن ئارىلاشماي، سۆزلەشمەي مەيخانىغا كىرىپ كەتتى. ھاۋازخانىنىڭ قىرىق مىڭ يىگىتى ھەقتائالاغا يىغلاپ:

— خۇدايا، بىزلەرگە ھاۋازخانىنى كۆرسەتكىن! — دېيىشتى.

ئەمدى سۆزنى ھاۋازخاندىن ئاڭلايلى:

ھاۋازخان زار - زار يىغلاپ مەجنۇن كۆككە مىندى. «ئانا يۇرتۇم نەدە سەن؟!» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كۆزۈمدىن ئاققىنى قىزىل قان،
ئىگىمىز بىزگىدۇر مېھرىبان.
كۆرمەك بولۇپ خۇنخار ئېلىنى،
ماڭدى بۇ يەردىن ھاۋازخان.

دۇنيانى باسىدۇ سۆلىتى،
يۇرتىغا تارالغان ھەيۋىتى.
ئاستىدا بار مەجنۇن كۆك ئېتى،
ماڭدى يۇرتىغا ھاۋازخان.

سىرىنى ئېيتمىدى كىشىگە،
چىقتى بەتبەختىنىڭ دەشتىگە.
دۇشمەنلەر كەلمىدى قېشىغا،
ماڭدى يۇرتىغا ھاۋازخان.

ئەزەلدىن شۇنداق تەقدىرنىڭ ئىشى،
بىر يەرگە بارمىقى، يېنىپ كەلمىشى،
بويىندا بار ئالتۇن قىلىچى،
ئېسىپ يۇردى ئۇنى ھاۋازخان.

گاھ يۇرەر ئاستا ـ ئاستا،
ھاۋازنىڭ كۆڭلى خەستە،
بەتبەخت چۆلى چەبدەستە،
ماڭماقتا يولىدا ھاۋازخان.

ئۆزىنىڭ ئېلىنى ئىزدىدى،
ئۇنىڭكى غەيرىتى قىستىدى،

گۆر ئوغلىنى يولدا ئەسلىدى،
مىڭغۇەردى كەڭ دالىدا ھاۋازخان.

كىيگىنى گۆلدەك بولۇپ ياناتتى،
مەجنۇن كۆك ئاتنى مىنەتتى،
گۇرۇجىستانغا قاراپ ماڭاتتى،
شىردەك بولۇپ گۇركىرەپ ھاۋازخان.

ئارا چۆلدە ئۆزى يالغۇز،
بىر خىل يۇردى تۇپمۇ تۇز،
جاپا چەكتى كېچە ـ كۈندۈز،
كۆپ يول باستى ھاۋازخان.

ئۆتتى چىپىپ كەڭ دالىنى،
كۆردى تاغدىن دارانى،
گۇرۇجىستان قاراسىنى،
كۆردى قابىل ھاۋازخان.

تەھسىن ھاۋاز ئىشىغا،
تىللا تاجى بېشىدا،
كەلدى گۇرۇجىستان قېشىغا،
نامازشامدا ھاۋازخان.

ھاۋازخان كېچە ـ كۈندۈز يول يۇرۇپ، مەجنۇن كۆك دې-
گەن ئاتنى چاپتۇردى، ئات ئاستىلاپ قالسا ساغرىسىغا قامچا
ئۇرۇپ تۇردى. شۇنداق مىڭىپ سەككىز كۈن دېگەندە گۇرۇ-
جىستان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. دەرۋازىغا قاراپ ھېچبىر

ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرمىدى. بىرەر جانلىق نەرسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقمىدى. دەرۋازىلارنىڭ ھەممىسىگە قارا باغلانغان.

ھاۋازخان ئۆز - ئۆزىگە: مەن كەتكەندىن كېيىن بۇ شەھەردە چوڭ ئۆزگىرىش بولغان ئوخشايدۇ. قارا باغلىغىنىغا قارىغاندا ئېھتىمال يېقىن ئارىدا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىمۇ ئۆلگەن بولسا كېرەك ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بارمىكىن؟ !... دېگەن ئوي بىلەن دەرۋازىغا يېقىن كەلدى. دەرۋازىۋەننى قىچقىرىپ « دەرۋازىنى ئاچقىن ! » دېدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يېتەكلەنگەن قاتار نارمۇ سەن؟
كۆرۈشكە ئىنتىزارمۇ سەن؟
مەن مۇساپىر بۇ يەرگە،
دەرۋازىۋەنلەر، بارمۇ سەن؟

ھەۋەس قىلدىم مەن تەرىپىنى،
تال - تال ئۆرۈگەن زۇلپىنى.



ئەي قۇربىشىلەر ئەرتىراق،
ئىچىڭ دەرۋازا قۇلۇپىنى.

چۆللەردە ئىتىم بىللە مەن،
شەھەرنى نېچۇن بىلىمەن؟
ئاچ دەرۋازا قۇلۇپىنى،
ياۋمەت ئىلىدىن كېلىمەن.

مەجنۇن كۆك دەپ ئىتىم بار،
بەگ ھاۋاز دەپ ئىسمىم بار.
چەمبىل بەلدىن كېلۇرمەن،
خۇنخار شاھقا خىتىم بار.

تۆكۈلۈر كۆزۈمنىڭ يېشى،
باسقىنىم بەتبەختىنىڭ دەشتى.
دەرھال دەرۋازا قۇلۇپىنى،
ئاچقىن، بوۋا قۇربىشى.

مەن يىغلىدىم زار - زار،
قۇدرىتى ھەقتە ئىختىيار.
يىراق يولدىن كەلدىم مەن،
شەھەرنى كۆرمەككە ئىنتىزار.

قىزىلگۈللەر تېرىمەن،
شاھىڭغا جاۋاب بېرىمەن.
دەرۋازىنى ئاچ، بەگلەر،
شەھەر ئىچىگە كىرىمەن.

يىگىرمە بەش يېشىم بار،
كۆزۈم ساڭا ئىنتىزار.
ئاچ دەرۋازا قۇلۇپىنى،
خۇنخار شاھقا سۆزۈم بار.

ھاۋازخانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قۇربېشىلەر دەرۋازىنى ئاچ-تى، چىقىپ قارىسا، بىر بالا شەھەرگە قاراپ تۇرغان. گوياكى ئۇنىڭ ھۆسنى قاراڭغۇ تۈننى مۇنەۋۋەر قىلىپ يورۇتقۇدەك نۇرلۇق، ئىككى كوكۇلىسى ئۇنىڭ ھۆسنىگە بەكمۇ ياراشقان، كۆرگەنلەر ئەقلىدىن ئازغۇدەك، شېكەردەك تىلىنى ئاڭلىغانلار بالدەك شېرىن تۇيغۇغا بېرىلىپ كەتكۇدەك، ئالمىدەك مەڭزىنى كۆرگەنلەر ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغۇدەك بىر بالا. ئۇلار بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەقلى - ھوشىنى يوقات-قانلىقىدىن ھاۋازخاننى تونۇمىدى. قۇربېشىلەر بىر - بىرىگە:
— باركاللا تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە، دۇنيادا مۇنداقمۇ كۆركەملىك، خۇشرۇي، خوش سۈرەت ئوغۇلمۇ بار ئىكەن، خۇنخار شاھ ھاۋازخاندىن ئايرىلىپ قالغان ئون تۆت يىلدىن بېرى كېچە - كۈندۈز « ۋاي ھاۋاز» دەپ ھېچ كىشى بىلەن كارى يوق ياتىدۇ، بۇ بالىنى شۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى، — دەپ ھاۋازخاننى ئېلىپ مېڭىشتى.
قۇربېشىلەر ھاۋازخاننى تاشقىرىدا قويۇپ ئۆزى پادىشاھ-نىڭ ئالدىغا كىرىشتى، شاھقا سالام بېرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ھىجراندا سارغايغان مېنىڭ يۈزۈم بار،
بەندىدۇرمەن بىر تەڭرىگە قەرزىم بار.
خۇنخار شاھىم، قۇلاق سالغىن بۇ سۆزگە،
ئەمدى ساڭا بىر - بىر ئېيتار ئەرزىم بار.

خىزمەت قىلىپ سىزدىن يېگەن تۇزۇم بار،
ھاۋاز دەپ سارغايغان قىزىل يۈزۈم بار.
قۇلاق سالغىن سۆزلىرىمگە ئەمدى سەن،
ساڭا ئېيتار ئەجەب ياخشى سۆزۈم بار:

ئۇ كېلىپتۇ ئەسقەر تاغىنىڭ قىرىدىن،
تۇز يەپ ئۆسۈپ گۆر ئوغلىنىڭ قولىدىن.
بۇ سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن خۇنخار شاھ،
بىر ئوغۇل كېلىپتۇ ياۋمەت ئېلىدىن.

ئاستىدا مەجنۇن كۆك دېگەن ئېتى بار،
مەن ئاڭلىدىم تۈركمەندەك زاتى بار.
ئۇنىڭ ئۆزى ئەلچى بولۇپ ئېلىپ كەلگەن،
ساڭا خاسلا ئۇنىڭ مەخپىي خېتى بار.

پېشانىسىدە باردۇر ئۇنىڭ دۆلىتى،
رۇستەمدەك تۇرىدۇ شانۇ شەۋكىتى.
ئالدىڭغا كەلگەندە ئاندىن كۆرەرسەن،
بەگ ھاۋازدىن ئون ھەسسە كۆپ سۆلىتى.

ئۆزى بىر ياش بالا، سۆزى بەك تۆلكى،
بېشىدا باردۇر تورغايى بۆركى.
ئىشىنەرسەن كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەندە،
ھاۋازدىن ئارتۇقراق ئۇنىڭكى كۆركى.

خىزمىتىڭگە كېلۇر شاھلار پىيادە،
بىر شۇڭقاردۇر، ئۇنىڭ ئۆزى قىيادە.

ئىشىكتىگە كېلىپ تۇرار ئۇ ئوغلان،
سوپىلىقى بەگ ھاۋازدىن زىيادە.

خۇنخار شاھ قۇربېشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «ئۇ بالىنى كۆرەي» دەپ ھاۋازخاننىڭ ئالدىغا چىقتى. ھاۋازخاننىڭ چىرايى چەمبىل بەلگە كەلگەندىن كېيىن بالدۇرقىدىن نەچچە ھەسسە كۆركەملەشكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ خۇنخار شاھ ھاۋازخاننى كۆرۈپلا تونۇدى. ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، پېشانىسىگە، يۈزلىرىگە سۆيدى، ئاندىن «ئەمدى ئۆلسەم ئارمىنىم يوق» دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئەي يارانلار، ئون يىل كۆيگىنىم ئازمۇ؟
قولۇمدىكى قارچىغام بىلمىدىم بازمۇ؟
ئوڭۇممىدۇ، چۈشۈممىدۇ، بىلمەيمەن،
قاچۇرغان يالغۇزۇم ئۇشبۇ ھاۋازمۇ؟

مېنىڭ مۇنداق ياتقىنىمنى بىلىپتۇر،
ياراتقىنىم بىزگە رەھمە قىلىپتۇر.
ھەممەڭ تۇرۇپ سالام بەرگىن، يارانلار،
قاچۇرغان شۇڭقارىم، قوزام كېلىپتۇر.

سېنىڭ ئۈچۈن كۆزلىرىمدىن ئاقتى قان،
چىقماق بولۇپ تەۋرەنگەندى تەندىن جان.
كوكۇلاڭدىن مەندەك ئاتاڭ سادىغا،
ئېسەن - ئامان كەلدىڭمۇسەن، ھاۋازخان.

ئېيتار بولساڭ چىقار سۆزلەر تىلىڭدىن،
تاپالمىدىم، ئىستەپ سېنىڭ خىلىڭدىن.
ئون يىل بولدى سەن كەتكىلى چەمبىلگە،
سادىغاڭ بولاي مەن خىپچە بېلىڭدىن.

ئەر يىگىت مەيدان ئىچىدە سىنالسۇن،
ئىلاھا، دۈشمەنىنىڭ قولى باغلانسۇن.
ئېسەن - ئامان كېپسەن بۇندا، چىراغىم،
ئاق يۈزۈڭدىن مەندەك ئاتاڭ ئايلانسۇن.

بېشىمغا ئالغىنىم ئالتۇندىن چاغى،
بەدىرگە قاتقىنىم ئالتۇندىن تاغى.
گۇل بېشىڭدىن مەن ئايلىناي، چىراغىم،
دال بويۇڭغا مەندەك ئاتاڭ ساداغى.

سەن ئۆستۈرگىن ئەمدى تازا گۈلۈمنى،
سېنىڭ دەردىڭ ماڭا قىلدى زۇلۇمنى.
ئايلىناي بويۇڭدىن، بالام بەگ ھاۋاز،
ساڭا بەردىم گۇرۇجىستان ئېلىمنى.

دەپتەر بىلەن بېرەي نېسىپ - تەختىمنى،
پەلەككە يەتكۈزگىن ئالغان رەختىمنى.
كېيىك كۆزلۈك، شېرىن سۆزلۈك بەگ ھاۋاز،
ئىگە بولغىن، بېرەي تىللا - تەختىمنى.

كۆرەر كۈن بولاركەن سېنىڭ بويۇڭنى،
ماڭا ئېيتقىن ئىچىڭدىكى ئويۇڭنى.

ئىگە بولغىن گورۇجىستانغا ھاۋازخان،
خوشلۇقۇمدىن قىلاي سېنىڭ تويۇڭنى.

خونخار شاھ دەر: يەتتى كۆككە پېغانىم،
دەردىڭدىن قۇرۇغان تەندە دەرمانىم.
شۇكۇر لىللا، ئەمدى كۆردۇم يۈزۈڭنى،
ئەمدى ئۆلسەم يوقتۇر زادى ئارمانىم.

خونخار شاھ نەزمىسىنى تۈگىتىپ ئالتۇن تەختىنى، يۇرتىنى، خەزىنىسىدىكى بارلىقىنى ھاۋازخانغا بېغىشلىدى. ھۆكۈمەت تامغىسىنى بېرىشتىن بۇرۇن ھاۋازخانغا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي تارتىپ تاماشا قىلىپ بەردى، تويىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ھاۋازخان ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىپ قول قوۋۇشتۇردى ۋە:
— ئەي پادىشاھىئالەم، مەن بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەتكىلى ئون تۆت يىلدىن ئاشتى، ئاتامنىڭ ۋاپات بولغىنىنى چەمبىل بەلدە ئاڭلىغانىدىم، شۇ چاغدا شۇ يەردە پاتىھە قىلغان، ئەمما بۇ يەردە مېنىڭ نارەسىدە سىڭلىم ۋە مېھرىبان ئانام قالغان، ئۇلار: «مېنى كېلىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ يولۇمغا ئىنتىزار، ئەمدى ماڭا جاۋاب بەرسىڭىز، مەنمۇ ئۇلارنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ كەلسەم، — دېدى.
خونخار شاھ:
— ئەي ھاۋازخان ئوغلۇم، ئازراق سەۋر قىل! بىرەر سائەتتىن كېيىن بېرىپ كېلىسەن، سەن ياش تۇرۇپ ئەلگە باش بولدۇڭ، مېنىڭ سورايدىغان بىرنەچچە ئېغىز سوئالىم بار، ئۇنى سوراي، بىلگىنىڭچە جاۋاب بەرگىن! — دېدى.
ھاۋازخان:
— خوپ. شاھىم! — دەپ جاۋاب بەردى. خونخار شاھ سوئالنى تۆۋەندىكى نەزم بىلەن بايان قىلدى:

ئەمدى ساقا سۆز ئېيتايىن يۈز ئەلۋان،
ئادەمنىڭ ياخشىسىنى قەيەردە كۆردۈڭ؟
سوئالىمغا جاۋاب بەرگىن، ھاۋازخان،
ئادەمنىڭ تولغىنىنى نەلەردە كۆردۈڭ؟

يەر يۈزىنى بىر - بىر كۆرۈپ قىدىردىڭ،
ئەللەردە مۇساپىر بولۇپ كۆپ يۈردۈڭ.
ئاۋۋالقى سوئالىم بۇدۇر، ھاۋازخان،
ئاتنىڭ ياخشىسىنى نەلەردە كۆردۈڭ؟

يۈرىكىمدە قويدۇڭ سانسىز كۆپ ئەلەم،
ئەلەم بىلەن زار ئەيلىدىم سۇبھى دەم.
ئىككىنچى سوئالىم بۇدۇر، جان بالام،
يۈرتنىڭ ياخشىسىنى نەلەردە كۆردۈڭ؟

بەگ بولغان ھاۋاز چەمبىل ئېلىدە،
تۈز يەپ ئۆستۈڭ گۆر ئوغلىنىڭ قولىدا.
ھەربىر ئۈممەت بىر پەيغەمبەر دىنىدا،
دىنىنىڭ ياخشىسىنى نەلەردە كۆردۈڭ؟

كۆڭۈلنى بەگ ھاۋاز ساقا بېرەيىن،
ھەرنەرسە دېسەڭ مەن سۆزگە كىرەيىن.
تۆتىنچى سوئالنى سەندىن سورايىن،
يىگىتنىڭ پالۋانىنى نەلەردە كۆردۈڭ؟

بۇ سۆزلەرنى ئېيتۇر ساقا شاھى خۇنخار،
كىچە - كۈندۈز ساقا بولدۇم ئىنتىزار.

بەشىنچى سوئالىم، ئوغلۇم، ساڭا بار،
ئەلنىڭ ياخشىسىنى نەلەردە كۆردۈڭ؟

خۇنخار شاھنىڭ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاۋازخان چەمبىل بەلدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى بىرمۇبىر ئۇنىڭغا با ـ يان قىلىپ كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

دۇنيانىڭ يۈزىنى بىر ـ بىر قىدىردىم،
چەمبىل ئەل ئېلىدە خان بولۇپ يۈردۇم.
كۆرگىنىمنى بىر ـ بىر ئېيتاي، خۇنخار شاھ،
ئادەمنىڭ ياخشىسىنى چەمبىلدە كۆردۇم.

بىر ـ بىرىلە ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرىدۇ،
تىللا ئېگەر ئات ئۈستىگە مىنىدۇ.
ئۆردەك قۇشىن قۇشقا قۇشلاپ ئالىدۇ،
ئاتنىڭ ياخشىسىنى چەمبىلدە كۆردۇم.

ھاۋازخانغا مەلۇم ھازىر، بىلىدۇ،
گۇرۇجىستاننىڭ تۆت تەرىپىنى بىلىدۇ.
ئاتلارنىڭ بارى ئاجىز كېلىدۇ،
ئاتنىڭ قورقىنىنى سىلەردە كۆردۇم.

يىگىتلىرى شېرىن جاندىن كېچىدۇ،
قىزىلباشتىن ئادەم ئېلىپ قاچىدۇ.
سۇ ئورنىغا يەزىد قېنى ئىچىدۇ،
يىگىتنىڭ پالۋىنىنى چەمبىلدە كۆردۇم.

يېغا كەلسە ھەر تەرەپكە قاچىدۇ،
يېغا كۆرسە كۆز يېشىنى تۆكىدۇ.

غازات بولسا بۇلۇڭلارغا قاچىدۇ،
ئادەمنىڭ قورقىقنىنى سىزلەردە كۆردۇم.

تەبىل دېگەن قۇش ئۇچادۇر قىيادە،
شاھلار كۆرسە بولۇر ئۇنى پىيادە.
غازاتلىرى رۇستەمدىنمۇ زىيادە،
يىگىتنىڭ ئۆسكىنىنى چەمبىلدە كۆردۇم.

قارا قۇشى دائىم يۇرەر قىيادە،
ئەقلى ئەمەس بىر ـ بىرىدىن زىيادە.
يۇرۇشلىرى دائىم يۇرگەن پىيادە،
يىگىتلەرنىڭ دۆتلىرىنى بۇندا كۆردۇم.

ئېيتقان سۆزنى شاھىم ئۆزى بىلىدۇ،
غازات قىلسا قىزىلباشنى قىرىدۇ.
سەھەر تۇرۇپ بىر خۇداغا يىغلايدۇ،
دىنىنىڭ ياخشىسىنى چەمبىلدە كۆردۇم.

كۆپ كىيىنىپ ئەمدى بولدۇم ئادا، دەپ،
بىر جاننى ئاڭا بولسۇن پىدا، دەپ.
بىر ياغاچنى يونۇۋېلىپ خۇدا، دەپ،
بۇتقا چوقۇنغاننى سىلەردە كۆردۇم.

بىر تەرەپتە تەككە ياۋمەت ئېلى بار،
بىر ياندا ئۆردەك دېگەن كۆلى بار.
ئەر يىگىتنىڭ غۇنچە لەۋلىك گۈلى بار،
يىگىتنىڭ ئارسلاننى چەمبىلدە كۆردۇم.

ھاۋازخان سۆزىنى تاماملىغاندى، بارچەنىڭ ياخشىسىنى چەمبىلدە كۆردۈم دېگىنىگە خۇنخار شاھنىڭ ئاچچىقى كەلدى. كۆزلىرى كاسىدەك، بۇرۇتلىرى شاپتەك، ئاغزىلىرى كونا قاپتەك بولدى.

— ھاۋازخان گۆر ئوغلىنىڭ دىنىغا كىرىپ كېتىپتۇ، قېنى، جاللات بارمۇ سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى، كېيىن بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

كېتەر بولدى يۈرىكىمدىن شادىلار،
نە سەۋداغا چۈشەر ئادەم زادىلار.
مەن بۇ سۆزنى سىزگە ئەمدى ئېيتايىن،
بۇندا كېلىڭ قۇربېشى، جاللاتلار.

گۆر ئوغلى دىنىغا ھاۋاز كىرىپتۇ،
چەمبىل بەلگە يامان كۆڭۈل بېرىپتۇ.
كېلىڭلار، مىرغەزەپلەر، جاللاتلار،
ھاۋاز ئوغلان جانسىز بولۇپ كېلىپتۇ.

بەگ ھاۋازغا بىلمىگەننى بىلدۈرۈڭ،
تەختى بىلەن يۈرەك باغرىن تىلدۈرۈڭ.
ھاۋاز جانسىز بولۇپ كەلگەنىكەنلەر،
ئەي جاللاتلار، بەگ ھاۋازنى ئۆلتۈرۈڭ.

قوبۇل قىلماڭ كۆزدىن ئاققان يېشىنى،
قاغا ـ قۇزغۇن يېسۇن ئۇنىڭ گۆشىنى.
دار تۈۋىگە ئېلىپ بېرىڭ جاللاتلار،
چامغۇر بېشىدەك ئېلىڭ ئۇنىڭ بېشىنى.

رەھىم ئەيلىمەڭ ھاۋازخانىنىڭ يېشىغا،
ھېچ كىشىنى يولاتماڭلار قېشىغا.
ئۆزى بۇندا جانسىز بولۇپ كېلىپتۇ،
ھەمراھ قىلىپ قويماڭ ئۇنىڭ قېشىغا.

ئىككى كۆزى تولسۇن لالىدەك ياشقا،
ئۇ كېلىپتۇ ئەسقەر بەللىرىدىن ئاشا.
ھاۋازخانىنى دەرھال دارغا ئېسىڭلار،
دالا كۆرسۇن بۇگۈن راستتىن تاماشا.

ھاۋازخانىنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى ئۆزى كېسىپ يەيدىغان رەھىمسىز جاللاتتىن يۇزى ھاسراپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئارقان سېلىپ، دار تۇۋىگە سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

ھاۋازخانىنىڭ ئانىسى ۋە سىڭلىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھاۋازخانىنىڭ ئانىسى بىچارە گۇلئايىم:

— ۋاي بالام ! — دەپ جاللاتلارنىڭ قولىغا ياماشتى



ۋە ئاتتا كېلىۋاتقان جاللاتلارنىڭ سەركەردىسىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇپ يىغلىدى:

ئەي يارانلار، قۇلاق سېلىڭ سۆزۈمگە،
قان - ياش تولدى ئەمدى مېنىڭ كۆزۈمگە.
خۇنخار شاھقا نە بولغاندۇر، يارانلار،
مۇنچە ئازاب كۆرسىتىدۇ قوزامغا.

كىم ئىشىنەر ئەمدى سېنىڭ تىلىڭغا،
قىلىچىڭنى شاراقلىتىپ بېلىڭدە.
مەن سورايىن سىزدىن، ئەزىز يارانلار،
ھاۋاز قوزام نې دەپ كەلگەن ئېلىڭگە.

بېشىم قاتتى ھىجرانۇ غەمدە،
مەن بىلەن كۆرۈشەلمەي بارار ئەلەمدە.
بەگلەرگە نە بولغان ئەزىز يارانلار،
مەن چىداپ تۇرمايمەن بالامغا ھەمدە.

ھاۋازدەك بېشىمغا سالما قەھرىڭنى،
ئەجدىھادەك چاچما ئاڭا زەھرىڭنى.
ئۇنىڭ تونىن بېرىڭ، يارانلار،
ھاۋاز ئوغلۇم نە دەپ كۆردى شەھرىڭنى.

كىشى قورقار كەلسە ئەزرائىلىڭ ئىلكىدىن،
نې دەپ كەلدىڭ گۆر ئوغلىنىڭ ئېلىدىن.
بارچە بەگلەر كىرىپ ئېيتقىن شاھىڭغا،
كەچسۇن ئۇنىڭ بىر قوشۇق قىزىل قېنىدىن.

باھاردا ئېچىلار تازا بىر گۈلدى،
تىلى ئۇنىڭ گۈل ئاشىقى بۇلبۇلدى.
ئۆز يۇرتۇم دەپ كەلگەنىكەن بەگ ھاۋاز،
ھاۋازنى ئۆلتۈرۈپ، خان نە نەپ ئالدى؟

گۈلئايىمنىڭ بېيىتى تۈگىشى بىلەن بەگلەر ئوتتۇرىسىدا كېڭەش باشلاندى. ئۇلار:

— بۇ ھاۋازخاندەك كېلىشكەن ئوغۇل دۇنيادا ئىككىنچى تۇرەلمەيدۇ، بۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن خان پۇشايمان قىلىدۇ. ئۇ چاغدا بىزمۇ يەرگە قاراپ قالىمىز. ئەڭ ياخشىسى ھازىر بىز ئۇنىڭ ئۆلۈم گۇناھىنى خاندىن تىلەپ زىندانغا سالايلى، ئۇ قىرىق كۈنگىچە ئۆز دىنىدىن قايتسا خۇنخارنىڭ دىنىغا كىرسە خەيرىيەت. ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۆز گۇناھى ئۆزىگە. شۇ چاغدا ئۆلتۈرسەكمۇ كېچىكمەيمىز، — دېيىشتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ پىكىرگە كەلگەندىن كېيىن ھاۋازخاننىڭ خۇنىنى شاھتىن سوراپ، دار ئاستىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ زىندانغا سالدى.

ھەر كۈنى ئەتە ـ ئاخشىمى سەركەردىلەر نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ نەسىھەت قىلىشتى.ھاۋازخان ئۇلارنىڭ سۆز ۋە نەسىھەتلىرىنى رەت قىلدى. بۇ ئەھۋال يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە كىشىلەرگە مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇ ھالدا ئاردىن ئوتتۇز ئىككى كۈن ئۆتتى. ھاۋازخاننىڭ بالىئايىم ئىسىملىك سىڭلىسى بار ئىدى. ئۇ ئاكامنى بىر كۆرسەم دەپ زىندان بېشىغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

يورۇق دۇنيانى كۆرۈشكە زاردۇرسەن !
كېچە ـ كۈندۈز بەلكى ئىنتىزاردۇرسەن.

مەن بىر كۆرگىلى كەلدىم قېشىڭغا،
چاھ تېگىدە، يالغۇز ئاكام، بارمۇسەن؟

ھەقتائالا ئامان قىلسۇن جېنىڭنى،
تىلىۋالدى قىزىلباشلار قېنىڭنى.
مەن بېشىڭغا كېلىپ سېنى سورايمەن،
تىرىك بولساڭ ماڭا ئېيتقىن گېپىڭنى.

ياش - گۆدەكلەر ئوقۇر زىرۇ زەۋەرنى،
ئۇستازلار ئالۇر قولغا تەبەرنى.
چاھ تېگىدە، غېرىب ئاكام، بارمۇسەن؟
تىرىك بولساڭ ماڭا بەرگىن خەۋەرنى.

سېنىڭ دەردىڭ يۈرىكىمنى تۈزلىدى،
ئىنتىزار بوپ ئىزلىرىڭنى ئىزلىدى.
ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىدەك بولۇپ،
ئانام تىنماي « ۋاي بالام ! » دەپ يىغلىدى.

دەردىڭ بىلەن ئېسى كېتىپ يىقىلدى،
« ۋاي قوزام» دەپ ساچىن يېيىپ يىغلىدى.
سېغىنغاندىن سېنى ئەسلەپ، جان ئاكا،
كېچە - كۈندۈز سېنى ھەقتىن تىلىدى.

قۇلاق سالغىن مەن ئەيلىگەن نىداغا،
بىر جېنىمنى ساڭا قىلاي ساداغا.
غېرىب ئاناڭ «ۋاي بالام ! » دەپ تىنمايىن،
سېنى تىلەپ يىغلىدى قادىر خۇداغا.

بالئايىم دەر: «كۆڭلۈم تەقدىر ئىشىگە،
بەك ئېچىندىم ئېچىلمىغان گۈلىگە.
نېمە قىلدۇق خۇداغا، بىچارە شورلۇق،
سېنى سالدى قارا قۇدۇق زىندان ئىچىگە.»

ھاۋازخان زىندان قۇدۇقنىڭ تېگىدە يېتىپ سىڭ-لىسى بالئايىمنىڭ ئوقۇغان نەزمىسىنى ئاڭلىدى. كۆڭلى بۇ-زۇلۇپ كۆزىدىن مونچاقتەك ياش كەتتى. ھاۋازخان يىغلاپ تۇ-رۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

نالە قىلدىم، بەندە بولدۇم خۇداغا،
بۇ جانىمنى كۆپ كۆيدۈرمە ساداغا.
مەنمۇ ساڭا، سىڭلىم، بىر سۆز ئېيتايىن،
كۆز يېشىڭدىن مەندەك ئاكاڭ ساداغا.

مەرد يىگىتلەر مەيدان ئارا تالالىنسۇن،
ئىلاھا، دۈشمەننىڭ قولى باغلانسۇن.
يىغلىمىغىن، « ئاكىجان» دەپ، بالئايىم،
كۆز يېشىڭدىن مەندەك ئاكاڭ ئايلانسۇن.

ئۇرۇشقا مىنگىنىم جەرەن قىزىلدى،
تىرىكلەردەك يۇرەلمەسمىز بىز ئەمدى.
«جېنىم ئاكام» دەپ تۆكمە ھەرگىز يېشىڭنى،
سۆزۈڭ ئاڭلاپ مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

بۇ ئىشلار ھەممىسى ئاللانىڭ ئىشى،
تەقدىرنى ئۆزگەرتىپ كېتەلمەس كىشى.

«ئاكام» دەپ يىغلىما، سىڭلىم بالىئايىم،
ئۆرتىدى ئىچىمنى كۆزۈڭنىڭ يېشى.

ئېيتمۇەرسەم ئەسكە چۈشەر سىياقىم،
ئاۋۇالقىدەك ئەمەس مېنىڭ ھاياتىم.
بۇگۈن كەلدىڭ، كېيىن يەنە كەلمەسسەن،
ئايلىناي، كۆز يېشىڭدىن، مېنىڭ چىراغىم.

يۈرىكىمنى تىلدى دۈشمەن، بالىئايىم،
ئاتا قىلغاي ياخشىلىقنى خۇدايىم.
بۇگۈن كەلدىڭ، كېيىن بەلكى كەلمەسسەن،
قەدىمىڭدىن مەن ئايلىناي، بالىئايىم.

بۇ دۈشمەنلەر زورلۇقنى بىلدۈرۈر،
ئالماس بىلەن يۈرەك ـ باغرىم تىلدۈرۈر.
بۇگۈن كەلدىڭ، كېيىن ھەرگىز كەلمىگىن،
قىزىلباشلار سېنى كۆرسە ئۆلتۈرۈر.

موللىلار تۇتىدۇ دۆۋەت ـ قەلەمنى،
يۈرىكىمگە سالدىلەر داغۇ ئەلەمنى.
كۆرۈشىمىز، كۆرمەيمىز ھەم يەنە،
غېرىب ـ مىسكىن ئانامغا ئېيت سالامنى.

كۆرەلمىدىم ئۇنىڭ نۇرلۇق يۈزىنى،
قۇلاقتا تۇتمىدىم شېكەر سۆزىنى.
بالىئايىم، سەن ئانامىزغا سالام دە،
ئاقلىيالمىدىم ماڭا بەرگەن تۇزىنى.

كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ قالۇر، ئاھ ئۇرۇر،
ئارمان بىلەن قاناتلىرى قايرىلۇر.
سالام دېگىن، بالئايىم، جان ئانامغا،
سەككىز كۈندىن كېيىن ئانام ئايرىلۇر.

ياخشى بالا بولۇر ئاتا دەستىدە،
شاياتۇنلار ئەر يىگىتنىڭ قەستىدە.
نېسىپ بولسا بىر كۆرەرسەن ئاكاڭنى،
سەككىز كۈندىن كېيىن دارنىڭ ئاستىدە.

ئۆردەك كۆلگە سالغانىدىم قۇشۇمنى،
كەچۈرگەيسەن، خۇدايىم، خاتا ئىشىمنى.
تىرىكلىكتە بىز بىرلىكتە يۈرمىدۇق،
تا كۆرگۈنچە سىڭلىم غېرىب قوزامنى.

مېنىڭ بېشىم قالدى سانسىز تۇماندا،
خۇدايىم ساقلىسۇن بىزنى جاھاندا.
ئامان بولغىن يەنە قايتا كۆرگۈنچە،
كۆرۈشمەكلىك بىزگە ئىرۇر گۇماندا.

ھاۋازخان دەر: مەن يىغلايمەن زار ـ زار،
نە قىلسا قىلىدۇ قۇدرەتلىك جەببار.
ئامان بولغىن، قىيامەتتە كۆرۈشەيلى،
كۆرۈشكۈچە سىڭلىم بولسۇن ئاللا يار.

بالئايىم ئاكىسى ھاۋازخاننىڭ ئوقۇغان نەزمىسىنى ئاڭ-
لىدى، بوتىدەك بوزلىدى، ئاكىسى بىلەن ۋىدالىشىپ ئۆز ئۆ-

يگە قايتتى. هاۋازخان زىنداندا يولۋاستەك ئېڭىرىدى، باغرى ئېزىلدى، كۆڭلى بۇزۇلدى، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن زارلىنىپ ياتتى. ئەمدى سۆزنى ئەمىر گۆر ئوغلىدىن ئاڭلايلى:

گۆر ئوغلى هاۋازخان كەتكەندىن كېيىن قىرىق تاجدارى ۋە ئۆز تەۋەسىدىكى يىگىتلىرى بىلەن كەڭ - كۇشادە سۆز - لەشمىدى. ئۇنىڭ ھىجران دەردى بىلەن ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتتى.

گۆر ئوغلى ئۆز كىشىلىرىگە:

— ئوغلۇم هاۋازخان كەتكەندىن بېرى ھەممىمىزنىڭ دېمى ئىچىمىزگە چۈشۈپ كەتتى. قاچانغىچە شۇنداق بۇ - رۇقتۇرما بولۇپ يۈرىمىز. ئۆتكەن ئىش ئەمدى ئورنىغا كەلمەي - دۇ. ھەممىمىز ئۆردەك كۆلىگە بېرىپ قۇش سېلىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىپ كېلەيلى، — دېدى ۋە بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:



پادىشاھلار سۆزى نامەرد دەپ ئېيتما،
باتۇرلاردىن نامەرد ئالۇرلەر سوۋغا.
بىر سۆزۈم بار بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ،
بارچىڭىزلار مىنىڭ ئەمدى بەيگە ئاتقا.

سىرلىرىڭنى ئېيتمىغىن، يىگىتلەر، ياتقا،
ئېيتساڭلار قويىدۇ ئاخىر ئۇياتقا.
تۇرۇڭلار، يىگىتلەر، ئەمدى مىنىڭلار،
شىكارغا راسلىنىپ ئارغىماق ئاتقا.

دوست دېمەڭىز ئۆيىڭىزگە كەلگەنلەرنى،
جىگىرىم دېمەڭىز ياخشى كۆرگەنلەرنى.
ئالالىساڭلار ئارغىماقتا دەرھال توقۇڭلار،
يىگىتلىرىم، ئەمدى تىللا ئېگەرنى.

ئېيتقان سۆزۈم ھەممە ئەلگە يېيىلدى،
قىلىقىمنى دوست ـ دۇشمەنلىرىم بىلدى.
ئېگەرنىڭ ئۇستىگە مەھكەم چېتىڭلار
يىپەكتىن توقۇلغان يۇمشاق ئېيىلنى.

كېچە ـ كۈندۈز قىلىڭىزلار ئەرلىكنى،
دۇشمەنلەرگە كۆرسىتىڭلار مەردلىكنى.
مىنگەندە يارىشۇر خانلار، يىگىتلەر،
ئاتقا سېلىڭلار ئالتۇن تەرلىكنى.

پوستۇن قويۇڭ ئارغىماقنىڭ بېلىگە،
كۆرۈنەيلى چەمبىل بەلنىڭ ئېلىگە.

يىگىتلىرىم تەييارلىنىپ، ئاتلىنىپ،
يۈرىگىزلەر ئەمدى ئۆردەك كۆلىگە.

ئاڭلىغىزلەر گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىنى،
ھەقلىدىگىز مەندەك ئەرنىڭ تۈزىنى.
تۈرىگىزلەر ئۆردەك كۆلىگە بارايلى،
كۆرۈش ئۈچۈن بەگ ھاۋازنىڭ ئىزىنى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھەممىلەر ئاتلىرىغا مىنىشتى. چەمبىل بەلنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۆردەك كۆلىنى قارارلاپ ماڭدى. ئۆردەك كۆلىگە بىرىپ ھاۋازخان يۈرگەن يەرلەرنى كۆردى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، ھەرقايسىسى ھەر يەرلەردە ئولتۇرۇپ ھاۋازخاننى ئەسلىدى. كەچتە چەمبىل بەلگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، يولدا بىرمۇنچە سودىگەرلەرگە يولۇقتى.

گۆر ئوغلى:

— چاققانراق يۈرۈڭلار، يىگىتلەر ! كارۋانلارغا يېتەيلۇق، ئۇلاردىن ھاۋازخاننىڭ خەۋىرىنى سوراپ كۆرەيلۇق، ھاۋازخاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايلۇق ! — دېدى.

سودىگەرلەر يېتىپ كەلگەندە، گۆر ئوغلى ئۇلارغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

گۆر ئوغلى دەپ بىزنى ئارتۇق بىلەرسىز،
بىزلەر بىلەن كۆپلەپ سۆھبەت قىلارسىز.
مەن سورايمەن ئەمدى سىزدىن، يارانلار،
سودىگەرلەر قەيەرلەردىن كېلەرسىز؟

سۆز ئاڭلايلى سودىگەرلەر تىلىدىن،
ئازاب كۆرۈپ كەلدىم بەتبەخت چۆلىدىن.

سىزدىن سوراي ئىنىق ئېيتىڭ، كارۋانلار،
سىزلەر ئېيتىڭ قايسى شاھنىڭ ئېلىدىن؟

قەنت، شېكەردىن ئارتۇق مېنىڭ سۆزۈم بار،
يولۇڭلارغا تەلمۈرگەن ئىككى كۆزۈم بار.
بىلسىڭىزلەر خەۋەر بېرىڭ، يارانلار،
سىزلەردىن بىر سورايدىغان سۆزۈم بار.

ئەي كارۋانلار، ئىشىتىڭىزلار بۇ زارىم،
ھاۋاز ئىدى مېنىڭ تەندە مادارىم.
بىلسىڭىز بىر خەۋەر ئاندىن ئېيتىڭىز،
ئارمان بىلەن قاچۇردۇمەن شۇڭقارىم.

مەندەك بەگنىڭ ئىدى ئۈمىد قولىدا،
ئات ئىزى كۆردۇڭمۇ بەتبەخت چۆلىدە.
ئارا ـ ئۇرا دۈشمەنلەرنىڭ تىلىدىن،
بىر شۇڭقار ئۇچۇردۇم چەمبىل بېلىدە.

يېتەكلەپ قاتار ـ قاتار ئۆتكەنلەر نارمۇ،
نارلارنىڭ ئۈستىگە ئارتقان تالقانمۇ؟
بەگ ھاۋاز يەنە دەۋران سۈرەي دەپ،
چىن كۆڭلىنى خۇنخار شاھقا بېرىپ قالغانمۇ؟

« ئاھ بالام» دەپ مەن قىلۇرمەن ئاھ ـ ۋاھ،
خۇدايىم بەرگەندۇر مەن قۇلغا يەنە.
ھاۋازخان خۇنخار شاھقا بارغاندىن كېيىن،
خۇنخار شاھ قەدىناستەك كۈتكەنمىش يەنە.

كارۋان بېشى ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆرگەنـ
لىرىنى ئۇنىڭغا بايان قىلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئويلىساق بۇ دۇنيا بارچىسى پانىي،
ئاللانىڭ ئىلكىدە ئادەمنىڭ جانى.
كۆرگىنىمنى بىر ـ بىر بايان ئەيلەيىن،
قۇلاق سال، ئاڭلا، چەمبىلنىڭ خانى.

بالىلار ئوقۇيدۇ زىرۇزەۋەرنى،
ھەمراھ ئەيلىدىم يارۇ جىگەرنى.
كۆرگىنىمنى ساڭا بايان ئەيلەيىن،
قۇلاق سال، ئاڭلا، چەمبىل سۇلتانى.

بۇ دۇنيا مال ـ مۈلكىنى ئازراق يىغ ئەمدى،
نى ئەللەردىن يىغقىنىڭ قالىدۇ ئەمدى.
ھاۋازنىڭ خەۋىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتاي،
قوزاڭ بۇندىن گۇرۇجىستانغا بارغانىدى.

ئەرەنلىك بالاسى تۇرپە ئالامەت،
ياخشىلارنى يامان قىلۇر مالامەت.
كۆرگىنىمنى سىزگە بايان ئەيلەيىن،
قوزاڭ بار ئېسەن ـ ئامان، سالامەت.

مەن ئېيتايىن چەمبىل ئەمدى قالدى ـ دە،
كۆپ سەۋدالار خاپىلىقنى سالدى ـ دە.
گۇرۇجىستانغا ھاۋاز بالاڭ بېرىپلا،
ئاۋۋالقىدەك بولدى شاھنىڭ ئالدىدا.

ھاۋازخاننى ئۇلار ئاۋۋالقىدەك كۆردى،
قىرىق كۈن توي قىلدى، ئەلگە ئاش بەردى.
توي ئۆتۈپ بولغاندا خۇنخار دېگەن شاھ،
ئەل - يۇرتنىڭ ياخشىسىنى ئۇنىڭدىن سورىدى.

باغلاردىكى گۈللەرنىڭ خىلى قانداق، دەپ،
ياش بولساڭمۇ كۆپ يەرلەرنى كۆردۈڭ دەپ.
يىگىت بىلەن دىنىنىڭ ياخشىسىنى،
سورىدى خۇنخار شاھ قايدا كۆردۈڭ، دەپ.

ئاۋۋالقى كىشىلەر ياخشى ئىسمىمنى،
شادۇ خۇرام ئۆتكۈزگەيسەن كۈنۈڭنى.
چىپىپ ھاۋاز قىلىچىڭنى، سەرگەردان،
كۆپ ماختىدى ھاۋاز مەزھەپ - دىنىڭنى.

ئارقىغا ئۆرۈگەن زەرلىك توقۇدى،
ھاۋازنىڭ سۆزىگە خۇنخار توختىدى.
يىگىت بىلەن دىنىڭنى كۆپ تەرىپلەپ،
خۇنخار شاھقا دىنىڭنى ياخشى ماختىدى.

كۆپ دۈشمەننى دېمىدى ئارتىڭدىن،
بىر سۆز بىلەن ھاۋاز كەتتى يۇرتۇڭدىن.
غايىبانە خۇنخار شاھنىڭ ئالدىدا،
قىلىچلارنى كۆپلەپ ئۇردى سىرتىڭدىن.

ھاۋازخاننى خۇنخار «شاھ تەقدىرلىدى»،
ئاخىر قول - ئايىغىنى باغلاتقۇزدى.

قىلىچىڭنى كۆپلەپ چاپقۇچ سىرتىڭدىن،
ھاۋازخاننى خۇنخار زىندان ئەيلىدى.

قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ئېيتقان سۆزۈمنى،
ئۇيىلارمەن كۆرسەم شەھلا كۆزۈڭنى.
ئۆلتۈرمەك بولغانىدى قىرىق كۈندە،
دېگىنىدىن قايتمىسا ھاۋاز قوزاڭنى.

ھاۋاز بالاڭ ياتار زىندان ئىچىدە،
يىغلاپ ياتار كۈندە كۈندۈز ـ كېچىدە.
ھاۋازخان تۇتقۇندۇر خۇنخار ئېلىدە،
نامەردلەر بىلەن يىگىتلەرنىڭ ئىچىدە.

كارۋان بېشى:
— ئەي پادشاھلارنىڭ ئۇلۇغى، ئەمىر گۆر ئوغلى سۇل-تان، ھاۋازخان سىلەرنىڭ قىلىچىڭلارنى چېپىپ زىندانغا چۈشۈپ ياتتى، ئەگەر سىز بەگ ھاۋازخاننى يوقلىمىسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھاۋازخاننى كۆرەلمەيسىز، ئۇنى يات ـ يېرى-قىندا دارغا ئاسىدۇ، سىز ئۇنى قۇتۇلدۇرمىسىڭىز، تاڭلا قى-يامەتتە ئۇنىڭ ئىككى قولى سىزنىڭ ياقىڭىزدا، — دەپ ماڭدى.
گۆر ئوغلى باشلىق ھەممىسى ئۇنىڭ زىنداندا ئىكەنلىكى-نى ئاڭلاپ، بوتىدەك بوزلاپ «ئاھ» ئۇردى. كېيىن گۆر ئوغلى يىگىتلەرگە قاراپ:
— ئەي يىگىتلەر، ھاۋازخان بىز ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ شۇنچە قىلىچلارنى چېپىپتۇ، بىز ئۇنى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجرىتىۋالمىساق، بىزنىڭ ئەر بېشىمىز خوتۇنلارنىڭ بېشى بى-لەن باراۋەر بولسۇن! — دەپ چەمبىل بەلگە قاراپ ماڭدى.

بارچىلىرى ئىشلىرىنى جايلاپ، قورال - ياراغلىرىنى تەيـ-يارلاپ، كەمەرلىرىنى بېلىگە باغلاپ، ھەربىرى گويا بىر شىر ۋە ياكى ئەجدىھا سۈپەتلىك گۈركىرەپ ھاۋازخانىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن گۇرۇجىستانغا قاراپ ماڭدى.

ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىك يۈرۈشىنى كۆرگەن بىر غەزەلخان بۇ ھەقتە مانا بۇ نەزمىنى قوشۇپ ئوقۇدى:

ھەممە قەددى - قامەتلىكلەر،
ياتقا سېلىپ سىياسەتلەر.
«ئاللا !» دەپ مېڭىشتىلەر،
گۇرۇجىستانغا ئەزىمەتلەر.

كۆزلىرىگە لىق ياش تولۇپ،
بىر - بىرىگە سىرداش بولۇپ.
«ئاللا ! » دەپ يولغا چۈشتى،
گۆر ئوغلى خان باش بولۇپ.



تىللا قوْشقوْن ئىگەر توقوْپ،
كوّك توّموْردىن ساۋوْت كىيىپ.
كىچە ـ كوْندوْز تىنماي يوْردى،
گوْروْجىستاننى ئاختوْروْپ.

كىيگەنلىرى گوْلدوْر خوْددى،
چاپقوْر ئارغىماق ئاتقا مىندى.
لەشكەر تارتىپ كىچە ـ كوْندوْز،
گوْروْجىستانغا يولنى سالدى.

ئارغىماق ئاتنى يورغىلىتىپ،
قالقان، ساۋوْت پارقىرىتىپ.
«ئاللا !» دەپ بەگلەر ماڭدى،
توْغ ـ ئەلەمنى لەپىلدىتىپ.

ئاتلىرى ساپ تىللا ئىگەر،
غەيرەت بىلەن قىلدى سەپەر.
گوّر ئوغلى بەگ توْغى بىلەن،
بەگلەر ماڭدى بوپ جىلۋىگەر.

ئاتلىرىغا ياپقان موۋوْت،
چاپتى ئوْنى هەر يوْرتموْ يوْرت.
ئالدىرىغاندا ياۋغا قاراپ،
كىيدى ئوْلار ئالتوْن ساۋوْت.

ئارغىماقلار چاپتى ئوينىاپ،
كەتتى ياۋنىڭ ئىچى قايناپ.

«ھا ـ ھا !...» دېيىشىپ بەگلەر يۈردى،
باستى يولنى ئاتلار چەيلەپ.

ئارغىماق ئاتلار يۈردى،
ئالماس قىلىچنى بىلىدى.
قومۇش قۇلاق ئات ئۈستىدە،
«ئاللا !» دەپ بەگلەر يۈردى.

كېچىدە ساناپ يۇلتۇز،
گاھى توپ، گاھى يالغۇز.
«ئاللا !» دەپ بەگلەر يۈردى،
ئون بەش كېچە ھەم كۈندۈز.

مەلھەم يوق كۆڭۈل دېغىغا،
قوندى بۇلبۇل بېغىغا.
ئون بەش كۈنلەپ يول يۈردى،
يەتتى بەتبەخت تېغىغا.

ئەتىسى گۆر ئوغلى ئوتتەك قىزىق قوپتى، ئەۋلىيالارغا سىغىندى. ھاۋازخاننى ئەسلەپ، يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا چۈشتى. تۇلپار لەيلى قىرنىڭ دىمىغىغا ھاۋازخاننىڭ ھىدى كەلدى. ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ، غەزەپ بىلەن يۈردى. يىراقتىن گۆرۇجىستاننىڭ پەشتاقلىرى كۆرۈندى. گۆر ئوغلى يىراقتىن بۇ شەھەرگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بولماس ھېچ ئىش ھەقتىن بىپەرمان،
ئالدىڭىزدا كۆرۈندى مانا گۆرۇجىستان.

قولاق سېلىپ بىلىڭ ئەمدى، يىگىتلەر،
سىزگە قاراپ سۆز ئېيتىمدۇ ھەسەنخان.

ئارقىمىزدا قالدى چەمبىلىنىڭ بېلى،
بۇ يەر بەتبەختت تاغىنىڭ يولى.
كۆز ئېچىپ قاراڭلار ئەمدى، يىگىتلەر،
تومانغا پاتقاندۇر دۇشمەنىنىڭ ئېلى.

بىزلەرنى كەلتۇردى ھاۋازنىڭ زارى،
ئايدەك يۇزىگە بولغاچ خۇمارى.
غەيرەت قىلىپ يولنى بېسىڭ، يىگىتلەر،
يىراقتىن كۆرۈنگەن دۇشمەن مۇنارى.

ئاتلارنى چېپىپ بىز بەدرى ئۇستىدە،
قىلىچلار ئوينىسۇن ئەرنىڭ دەستىدە.
ئۇزەڭگىدە قان كېچىپ جەڭلەر ئىچىدە،
بىر ئۇرۇش قىلايلى دارنىڭ ئاستىدا.

ئىشىتىڭلار، يىگىتلەر، ئەمدى بۇ سۆزنى،
ھاۋاز دەپ سارغايتىپ كەلدۇق بۇ يۇزنى.
ئۇرۇش قىلىپ قانلىق دارنىڭ ئاستىدا،
ئاجرىتىۋالايلى ئوغلۇم ھاۋازنى.

شۇ چاغدا بىر يىگىتنىڭ ئېتى ئۇنى ئېلىپ قاچتى. ئۇ يىگىت ئات ئۇستىدە كېتىپ بېرىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

بۇ ئېلىڭ، دۇشمەن بىلەن،
بارچىسى ھاۋازنىڭ زاتى.

كەتتى يۇزۇمنىڭ ئۇياتى،
جېنىم قوزام ئايلىناي.
تەكتەك ـ تەكتەك، ھا ـ ھا،
ئەلنىڭ ئۆز ئاتى.

سۆزلە، سۆزلە، تىل، ياخشىلىق،
باھار چاغدا گۈل ياخشىلىق.
تا كۆرگۈمچە ئۇنتۇماسمەن،
ماڭا قىلغىن بىر ياخشىلىق.
تەكتەك ـ تەكتەك، ھا ـ ھا،
ئەلنىڭ ئۆز ئاتى.

سۇمبۇل بولۇر يوقۇ بارىم،
سەنسەن مېنىڭ مادارىم.
ماڭا قىلغىن بىر ياخشىلىق،
قۇلا ئېتىم ۋاپادارىم.
تەكتەك ـ تەكتەك، ھا ـ ھا،
ئەلنىڭ ئۆز ئاتى.

تۆكۈلمىسۇن يەرگە قېنىم،
چىقمىسۇن ھېچ تەندىن جېنىم.
ئىزدەي سېنى بىزەبانىم،
ماڭا قىلغىن بىر ياخشىلىق.
تەكتەك ـ تەكتەك، ھا ـ ھا،
ئەلنىڭ ئۆز ئاتى.

نىدىن شۇنداق ئۇزۇن دۇمىڭ[1]

① دۇمىڭ ـــ قۇيرۇقۇڭ.

يۈرىكىمگە چۈشتى غېمىڭ.
ئازار بەردىڭ جانىۋارىم،
ئاز بولغانمۇ كېچە يېمىڭ؟
تەكتەك ـ تەكتەك، ھا ـ ھا،
ئەلىنىڭ ئۆز ئاتى.

چۆل تانابىن تارتىسەن،
ئۈستۈڭگە بىزنى ئارتىسەن.
سېنى چېپىپ يۈرگىنىم يوق
يىقىلىپ ئۆلسەم تاپىسەن①.
تەكتەك ـ تەكتەك، ھا ـ ھا،
ئەلىنىڭ ئۆز ئاتى.

ھەسەنخان «بۇ يىگىت ئىشنى بۇزىدۇ» دەپ ئۇنىڭ ئېتىنى توختاتتى ۋە يىگىتلەرگە قاراپ:

— ئەي يىگىتلەر، ئەمدى سىلەر نەيزىنى ئىچىڭلارغا باغلاپ سىيرىلما قىلىپ، ئىككىدىن بولۇپ شەھەرگە كىرىپ مېنى ئادەم ئاسىدىغان دارنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تېپىڭلار ! — دەپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ئۇ دېگەندەك، دارنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بېرىپ جاينى تاللاپ تېپىپ تۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن كىرگەن يىگىتلەرمۇ ئۇنى ئىزدەپ تاپتى. بۇگۈن ھاۋازخاننىڭ دارغا ئېسىلىدىغان كۈنى بولۇپ، گۆر ئوغلى ۋە ھەسەنخانلار يىگىتلىرى بىلەن ئۇلگۈرۈپ كەلگەنىدى.

خۇنخار شاھ تەختىنى خىزمەتچىلەرگە كۆتۈرتۈپ، سەركەردىلىرىنىڭ ھىمايىسى بىلەن دارنىڭ تۇۋىگە كېلىپ

① تاپىسەن — تۆلەيسەن.

جايلاشتى. گۆر ئوغلى ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى قارىسا، ئادەمنىڭ قۇلاقلىرىنى بوينىغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغان جاللات بەتبەختلەر هاۋازخاننىڭ بوينىغا ئارغامچىنى سېلىپ، قول ۋە پۇتلىرىنى مەهكەم تېڭىپ، دار تۇۋىگە ئەكېلىشتى.

گۆر ئوغلى يىگىتلىرى بىلەن هاۋازخاننى بۇ هالەتتە كۆرۈپ غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئېهتىيات يۈزىسىدىن ئۆزىنى ئاران توختاتتى. خۇنخار شاھ هاۋازخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي چىراغىم هاۋازخان، كەل، هېلىهەم بولسىمۇ كەچ ئەمەس، گۆر ئوغلىنىڭ دىنىدىن قايت، نېمە هاجىتىڭ بولسا راۋا قىلاي! — دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئامان بولسۇن بۇ ئالدامچى شېرىن جان،
نە قىلسا قىلىدۇ بىزنى ياراتقان.
بىر سۆزۈم بار، ئەمدى ئاڭلا ئېيتاي مەن،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلا بۇنى، هاۋازخان.

بىرنەچچىلەر تاپالمايدۇ مېنىڭ ئىزىمنى،
كۆردۈم بۈگۈن سەندەك كۆرپە قوزۇمنى.
بويۇڭدىن ئايلانسۇن مېنىڭدەك ئاتاڭ،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، مېنىڭ سۆزۈمنى.

تۇز يېگەنسەن گۆر ئوغلىنىڭ قولىدىن،
قېچىپ ئۆتتۇڭ بۇلغار تېغى ئېلىدىن.
تا ئۆلگۈچە سەندىن رازى بولۇرمەن،
قايتقىن، هاۋاز گۆر ئوغلىنىڭ دىنىدىن.

ئاڭلىغىن سەن، هاۋاز، مېنىڭ سۆزۈمنى،
سولدۇرمايمەن باغدا سېنىڭ گۈلۈڭنى.

گۆر ئوغلىنىڭ دىنىدىن قايتساڭ، ھاۋازخان،
ساڭا بېرەي گۇرۇجىستان ئېلىمنى.

خۇنخار شاھ دەر: ئېيتقان سۆزۈم شۇ بولدى،
قايغۇ بىلەن غۇسسىگە يۈرىكىم تولدى.
«ياندىم»دە، قايتقىن سەن ئۆز دىنىڭغا،
چىراغىم بەگ ھاۋاز، ساڭا نېم بولدى؟

ھاۋازخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزى نەملىك، يۈرىكى غەم-لىك بولدى. ئۇ خۇنخارغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

دۇنيادا بارمىكىن مەندەك بىگۇناھ؟
خۇدايىم قىلمىسۇن بىزنى روپسىياھ.
مەنمۇ ئېيتاي، ئاڭلا سۆزۈمنى،
قۇلاق سال، ئەمدى سۆزگە، پادىشاھ.

سۇمبۇلدا قالدى دۇشمەنلەرگە مال،
سۆزۈم بار ئاغزىمدا گويا مىسلى بال.
ئارمان بىلەن دەردىم كۆپتۇر ئىچىمدە،
بۇ سۆزگە، شاھىم، ئەمدى قۇلاق سال.

ئايرىلىپ چىقتىم مەن چەمبىل بېلىدىن،
تۇزلار يېدىم گۆر ئوغلىنىڭ قولىدىن.
ئون يىل بولدى مەن دىنىغا كىرگىلى،
نېچۇك كېچەي گۆر ئوغلىنىڭ دىنىدىن.

خۇنخار شاھ ھاۋازخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى غە-زەپلەندى. ئۇ:

— جاللات، قېنى سەن؟ بۇنى دارغا تارت ! — دەپ ھۆ-كۈم قىلدى.

جاللاتلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ھاۋازخانغا يېپىشتى. ھاۋازخاننىڭ سىڭلىسى بالىئايىم سەپ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئاكىسىنىڭ ئايغىغا ئۆزىنى ئاتتى. كېيىن ئۇ ئاكىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قۇدرىتى كۈچلۈك ياراتقان جەببار،
بەندىدە يوقتۇر زەررە ئىختىيار.
ئىچىمدە بار دەردنى ئەمدى ئېيتايىن،
قۇلاق سال، ئاغاجان، ساڭا ئەرزىم بار.

ياش ئورنىغا تۆكتۈم گويا قىزىل قان،
ئىش بولماس قۇدرەتلىك ھەقتىن بىپەرمان.
ئېيتاي ساڭا ئىچىمدىكى دەردىمنى،
قالمىسۇن كۆڭۈلدە بىر زەررە ئارمان.

غۇنچە گۈللەر، تېز ئېچىلىپ سولمىسۇن،
خۇدايا ھېچ بەندە مەندەك بولمىسۇن.
ئېتىڭدىن ئايلىناي، ياراتقان جەببار،
رەھىم قىلىپ مەدەت بەر، ئاكام ئۆلمىسۇن.

قادىر ئاللا بۇ دەردىمگە نەزەر سال،
غېرىب بولۇپ زار يىغلىدىم قولۇم ئال.
رەھىم ئەيلە بېشىمغا، ئاكام ئۆلمىسۇن،
ئىسمىڭدىن ئۆرگۈلەي سېنىڭ زۇلجالال.

بىر ئىسمىڭ رەھماندۇر، بىر ئىسمىڭ غەففار،
سەندىن ئۆزگە رەھىم قىلار كىمىم بار؟
رەھىم ئەيلە، قولۇمنى تۇت، ئاكام ئۆلمىسۇن،
ئايلىناي ئىسمىڭدىن رەسۇلى مۇختار.

بالىئايمىدىن كېيىن ئانىسى چىقىپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

غېرىب بولدۇم ،ئوغلۇم، تۆكەي قىزىل قان،
قوزام، قىلاي بېشىمنى يولۇڭغا قۇربان،
ئىسمىڭدىن ئايلىناي ياراتقان رەھمان،
رەھىم ئەيلەپ قولۇمنى تۇت، قوزام ئۆلمىسۇن.

غېرىب بولۇپ زار يىغلايمەن بۇگۈن يەنە مەن،
ھىجران ئوتىدا جېنىم بىلەن كۆيمەكتىدۇر تەن،
ئېتىڭدىن ئايلىناي، ئەي قىرىق چىلتەن،
رەھىم ئەيلەپ قولۇمنى تۇت، قوزام ئۆلمىسۇن.

زار يىغلايمەن دائىم تىلەپ ھامان سۇبھى دەم،
بېشىمغا چۈشۈپتۇر يۈز مىڭ تۈگە غەم،
تەسەددۇقۇڭ بولايمەن روسۇلى ئەكرەم،
رەھىم ئەيلەپ قولۇمنى تۇت، قوزام ئۆلمىسۇن.

ھېچ كىشى بارالماس ئۇنىڭ قېشىغا،
قىيامەتتەك سەۋدالار چۈشتى بېشىغا،
قادىر ئاللا رەھىم قىل، كۆزدە يېشىغا،
رەھىم قىلىپ قولۇمنى تۇت، قوزام ئۆلمىسۇن.

ئۇشبۇ يەرلەر شاھى خۇنخار يەرلىرى،
خەۋەرسىزدۇر بۇندىن چەمبىل ئەرلىرى،
گۆر ئوغلىنىڭ ئۇلۇغ كامىل پىرلىرى،
رەھىم ئەيلەپ قولۇمنى تۇت، قوزام ئۆلمىسۇن.

گۇلئايىمنىڭ بىر تىلەكى شۇل ئەمدى،
خۇدايا، مەندەك قۇلغا رەھىم قىل ئەمدى،
بارچە پىرلەر مەدەت بېرەر كۈن ئەمدى،
رەھىم ئەيلەپ قولۇمنى تۇت، قوزام ئۆلمىسۇن.

گۆر ئوغلى يىگىتلىرى بىلەن بۇلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭسىزمۇ بۇلارنىڭ دىلى ئېزىلگەنىدى. ئۇلار بۇ ئىككى بىچارىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرى بۇزۇلغان ھالدا ئاتلىرىنىڭ يالىسىغا يۆلەندى.

خۇنخار شاھنىڭ ھاۋازخاننىڭ ئانا ـ سىڭىللىرى ئېيتقان سۆزلەرگە ئاچچىقى كەلدى. غەزەپ بىلەن:



— تارت بۇنى دارغا ! — دېدى.

ھاۋازخان ئۆلۈمنى جەزم قىلدى، دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، كۆزى نەملىك، دىلى غەملىك ھالدا سىڭلىسىغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

يۈرىكىمدە باردۇر مېنىڭ بىر غېمىم،
مەھەلسىز سولۇپتۇر رەڭگىم - چىرايىم.
ئىچىمدە دەردىم كۆپتۇر ئۇنى ئېيتايىن،
قۇلاق سېلىپ ئاڭلا بۇنى، چىراغىم.

ئېسەن قىلسۇن ئىگەم سېنىڭ بېشىڭنى،
قاغىلار يېمىسۇن سېنىڭ گۆشىڭنى.
قېشىمدا تۇرمىغىن، بوتىدەك بوزلاپ،
«ئاكام ! » دەپ ماڭا تۆكمە يېشىڭنى.

كۈچلۈك دېسەڭ يىغلا ھەققە، خۇدا، دەپ،
ئۆزۈڭ بەرگىن دەردىگە دەرمان دەپ.
بىر ياندىن سېنىڭ يىغاڭ ئۆرتىدى،
ئۆكسۈپ يىغلىما « جېنىم ئاكا ! » دەپ.

جاللاتلارنىڭ بارچىسى تۇرار قېشىمدا،
نە سەۋدالار باردۇر مېنىڭ بېشىمدا.
سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن، چىراغىم،
ئارمان باردۇر كۆزدىن ئاققان يېشىمدا.

قۇلاق سال، چىراغىم ، ئېيتقان سۆزۈمگە،
ئۆلۈم يېقىن كەلدى مېنىڭ ئۆزۈمگە.
«بالام ! » دەپ باققان مېنى گۆر ئوغلى،
كۆرەلمەيدۇ مېنى ھازىر بېقىپ كۆزۈمگە.

ھەي دەرىخ، گۆر ئوغلىنىڭ قەدرىن بىلمىدىم،
كۆزىنىڭ يېشىغا رەھىم قىلمىدىم.

دارنىڭ ئاستىدا يىغلاپ تۇرغاندا،
ئاتام بىلەن بەگلەرنى مەن كۆرەلمىدىم.

سىنىڭ ئۈچۈن سارغايدى مېنىڭ يۈزۈم، دەپ،
كۆزۈمگە تۇتىيا بولدى ئىزىڭ، دەپ.
دارنىڭ تېگىدە كۆرسە گەر گۆر ئوغلى،
«ۋاي ! » دەپ ئات قويمامدۇ كۆرەر كۆزۈم، دەپ.

كۆز تويغۇدەك باقالمىدىم يۈزىگە،
قارىمىدىم ئۇنىڭ شېرىن سۆزىگە.
ئۇيان - بۇيان قارار ئەمدى چىراغىڭ،
بىگانىلەر كۆرۈنەرمۇ كۆزۈڭگە.

گۆر ئوغلى سۇلتاننىڭ كۆڭلى تېخمۇ بۇزۇلدى. ھاۋاز-خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سىڭلىسى كۆز يېشىنى سۈرتتى. شۇ چاغدا ھاۋازخاننىڭ سىڭلىسى ئەتراپقا قاراپ تۇرغان تۇلپار



لەيلى قىرنى كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا ئېتىلىشقا تەييار بولۇپ يولۋاستەك ئىنتىلىپ تۇرغان گۆر ئوغلىنى، ھەسەنخان بىلەن ئۇنىڭ تەييار تۇرغان يىگىتلىرىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاۋازخاننى قۇتقۇلدۇرۇشقا تەييار تۇراتتى. ھاۋازخاننىڭ سىڭلىسىمۇ ئەگەر گۆر ئوغلى بولسا شۇدۇر، دەپ گۆر ئوغلىغا قاراپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

بېشىدىن كەتمىگەن ئەسلىي سەۋلىتى،
ئىلاھا، غەنىيمەت كەتسۇن شەۋكىتى.
بېشىدا تاجى، ئاستىدا ئېتى،
ئۇن يەتكەن يەرنى باسقان سەۋلىتى،
« ۋاي بالام ! » دەپ يىغلاپ تۇرغان كىمىڭدۇر؟

سۆزگە سۆزمەندەك غېرىب سۆزلەيدۇ،
ھەرنەرسە ئۆز غېمىنى كۆزلەيدۇ.
بېشىدا تاجى، ئاستىدا تۇلپار،
مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ،
بوتىدەك بوزلاپ ئىڭرىغان كىمىڭدۇر؟

قۇلاق سال سۆزۇمگە ئەمدى، ئاغاجان،
سېنىڭ ئۈچۈن بىر خۇداغا يىغلىغان.
ئەينى يېشى ئوتتۇزدىن ئۆتمىگەن ئۆزى،
ئاستىدا تۇلپار لەيلى قىر بولغان،
«ۋاي ئىنىم» دەپ زار يىغلىغان كىمىڭدۇر؟

شۇڭقارنى ئوۋلار ئوۋچى قىيادە،
نى ـ نى شاھلارنى قىلغان پىيادە.

ئەجەب ياخشى ئۆزى زىبا بىر يىگىت،
ھۆسنى ئۇنىڭ پەرىشتىدىن زىيادە،
بەدىر ئاتلىق دابىلبازچى كىمىڭدۇر؟

مىنگەن ئېتى توققۇز كۆكنى كۆزلەيدۇ،
سېنىڭ دەردىڭ بىلەن تاغنى تۇزلەيدۇ.
بىر ئەجەب كىشىدۇر يۇزلىرى نۇرلۇق،
«ۋاي بوتام !» دەپ ساڭا قاراپ بوزلايدۇ،
بەدىر ئاتلىق جەبىل بالداق كىمىڭدۇر؟

ھاۋازخان سىڭلىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ چىدىمىدى. تۇلپار لەيلى قىرنىڭ ئىسمىنى ئىشتكەندىن كېيىن «راست ئېيتامدۇ، يالغانمۇ؟» دەپ تاقەت قىلالماي، جاللاتلارغا قاراپ:

— ئەي يارانلار، دۇنيادىن كېتىپ بارىمەن، ھەرنېمە بولسىمۇ كۆزۈمنى بىر ئېچىڭلار، كەڭ دۇنيانى يەنە بىر كۆرەي ! — دېدى.

جاللاتلار ھاۋازخاننىڭ كۆزىنى ئاچتى، ھاۋازخاننىڭ كۆزى يورۇقلۇقنى ۋە گۆر ئوغلىنى كۆردى. گۆر ئوغلى بىلەن ھەسەنخاننى ۋە يىگىتلەرنى كۆردى. ئۇلارنى تونۇپ يۇرىكى يېرىلغۇدەك بولدى، خۇشلۇقتا بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

يىغلارمەن ئەمدى زار - زار،
كۆزدىن ياشىم ھەم ئاقار،
بارچە تايىنىڭ شاھ خۇنخار،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

سۆز - سۆزلىگىن قىزىل تىلىڭ،
باغدىكى تازا گۇلۇڭ.

گۈرۈجىستاندەك ئۈشبۇ ئېلىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

ئىچمنى كۆيدۈرەر ئوتۇڭ،
كىم كۆتۈرەر سېنىڭ دەردىڭ؟
ئۈشبۇ تۇرغان كاتتا شەھرىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

بېشىمغا سالغان قەھرىڭ،
ئالمىدىم ھېچ سېنىڭ بەھرىڭ،
ئۈشبۇ تۇرغان گۈزەل شەھرىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

بۇزۇلماي گۈللىگەن رەختىڭ،
ھەمىشە ئۆرلىگەن بەختىڭ،
ئاستىڭدىكى تىللا تەختىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

كىم ئىشتۇر سېنىڭ زارىڭ،
قاتار بىلەن ھەمدە نارىڭ،
بۇندا تۇرغان ئالتۇن دارىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

دەپتەردە باردۇر خەتلىرىڭ،
يۈزگە يېقىن راۋاقلىرىڭ،
ئاستىڭغا مىنگەن ئاتلىرىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

ئىشتىمەسمەن سىنىڭ سۆزۈڭ،
سارغايتىمەن قىزىل يۈزۈڭ،
گۈلراھەتتەك ياخشى قىزىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

ئىچىڭگە چۈشەر ۋەھىملىرىڭ،
سۆزگە كېلۇر قايىملىرىڭ،
ئورداڭدىكى ئايىملىرىڭ،
يا ساڭا بولسۇن، يا ماڭا.

خۇنخار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، جاللاتلارغا:

— ئۇنى دارغا تارتماي نېمىشقا كۆزىنى ئېچىپ قويىسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ھەسەنخان ئەمىر گۆر ئوغلىغا:

— بىز بۇنداق تۇرۇۋۇەرسەك ھاۋازخان ئۆلىدۇ. تېزرەك تىللا دۇمباقنى چالسىڭىز، — دېدى، كېيىن ھەسەنخان ئەمىر گۆر ئوغلىغا قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

دار تۇۋىدە زار يىغلايدۇ ھاۋازخان،
سۇ ئورنىغا كۆزىدىن ئاقار قىزىل قان.
پاتىھە بەرسەڭ ھاۋاز بالاڭ ئۆلمەستە،
تۇرارمۇسەن بۇندا كېلىپ، ئاتىجان.

ھاۋاز بالاڭ پەيمانىسى تولدىمۇ؟
باغلاردىكى تازا گۈلۈڭ سولدىمۇ؟
پاتىھە بەرسەڭ بىزگە ئەمدى، ئاتاجان،
بۇندا ئېچىلغان بال ھاۋازىڭ ئۆلدىمۇ؟

ئىزدىگەن مەقسىتىڭ ھەقتىن تېپىلدى،
يىگىتلەرنىڭ بارچىسى شۇنداق غاپىلدى.
تۇرارمۇسەن ئەمدى قاراپ، ئاتاجان،
بۇرۇنراق ئۇرساڭلارچۇ تىللا دۇمباقنى.

قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ئۇشبۇ سۆزلەرنى،
تاۋاپ قىلاي ئىككى شەھلا كۆزلەرنى.
ئاق، پاتىھە بېرىپ، ئەمدى، ئاتاجان،
ياۋلارغا قويۇپ بېرىڭ بىزلەرنى.

ئەر يىگىتلەر دائىم قىلۇر خۇرۇشنى،
سەپلەر بىلەن دۇشمەنلەرگە يۇرۇشنى.
ئاق، پاتىھە بەرگىن، بىزگەئاتاجان،
تاماشا قىل، يىگىت قىلسۇن ئۇرۇشنى.

سەۋدالارغا قويما مېنىڭ بېشىمنى،
ھەسەنخانلار تۆكەر كۆزدىن يېشىمنى.
يىگىتلەرگە جاۋاب بەرگىن، ئاتاجان،
تاماشا قىل ھەسەنخاننىڭ ئىشىنى.

ئەمىر گۆر ئوغلى ھەسەنخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قولىغا تىللا دەستىلىك قامچىسىنى ئالدى، ئالتۇن گەردىشلىك جەڭ دۇمبىقىنى چالدى. يىگىتلەرگە قاراپ:

— سىلەر ھاۋازخاننى قۇتۇلدۇرۇڭلار ! مەن خۇنخار شاھ بىلەن ئېلىشىمەن، — دەپ ئوقيا، قوراللىرىنى قولىغا ئالدى، يىگىتلەرگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئالماس قىلىچلار دەستىگە،
قارىماڭ بەلەندى پەستىگە،
ئاتنى چىپىڭلار قەستىگە،
دوندۇر[1] ھاۋازخان ئۈستىگە.

بىشىدىدۇر قالپاقلىرى،
يىنىدىدۇر پىچاقلىرى،
خام كۆمۈشتۇر ياراغلىرى،
دوندۇر ھاۋازخان ئۈستىگە.

ئارغىماق ئاتلار غىرىلىلاپ،
تىللا قالقان دىرىلىلاپ،
يولۋاسلاردەك شىرىلىلاپ،
دوندۇر ھاۋازخان ئۈستىگە.

قاچسۇن دۈشمەن دۈرۈلدەپ،
يىگىتلەر شىردەك شىرىلداپ.
تۇغ ـ بايراقلار لەپىلدەپ،
دوندۇر ھاۋازخان ئۈستىگە.

كاتتا ـ كاتتا قويلاردىن ئۆت،
بىسىپ يانجىپ مىسلى قۇرت،
ھاۋازىڭىز مىسلى بۇلۇت،
دوندۇر ھاۋازخان ئۈستىگە.

① دوندۇر ـــ بىراقلا تاشلانماق، ئومۇمىي ھۇجۇم.

قەلئە بېشىنى ئالسۇن تۇمان،
بۇگۇن بولدى ئاخىر زامان،
يىگىتلىرىم بولۇڭ پالۋان،
دوندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

يىگىتلەر ئاتقا مىندى،
ھاۋازخاننىڭ كۆڭلى تىندى،
ئالغان ئالغاننىڭ ئەمدى،
دوندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

قوشۇن كېلۇر ھەربىر سەپتە،
توپ ـ توپ بولۇپ رەستە ـ رەستە،
ئۇرۇش قىلار چەپ ۋە راستە،
دۇندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

ئات قويۇڭ بەلەن پەستىگە،
ئېلىپ قىلىچلار دەستىگە،
قانلار تۆكۈپ دار ئۇستىگە،
دوندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

ھاۋازىم بولدى يېتىم،
مەيداندىن چىقسۇن ئېتىم،
بۇگۇن قايناڭلار يىگىتىم،
دوندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

قىرىڭ، چېپىڭ قىزىلباشنى،
بوياڭلار تاغۇ تاشنى،

كۆرسۇن رۇستەم بۇ سوقۇشنى،
دوندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

يۇرەكلىرى بولسۇن پارچە،
ئات كۆتۈرۈك ھەممە ـ بارچە،
باش كۆتۈرمەك جەڭدىن شۇنچە،
دوندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

يىگىتلەر كۆڭۈل پاسىبان،
قۇلاق سىلىڭلار ئارسلان،
سۆز قىلىدۇ گۆر ئوغلى خان،
دوندۇر ھاۋازخان ئۇستىگە.

جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ، ئەمىر گۆر ئوغلى ئايخان، كۇنخان، بۇلبۇلخان، چىڭگىسخان، ھەسەنخان قاتارلىق



قىرىق تاجدار ۋە باشقا سەركەردە ياشلارنىڭ ھەر بىرىگە بىر قوُر قاراپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مىڭدىن يىگىتلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە پاتىھە بەردى، ئۇلار دۈشمەن-لىرىگە ئات سالدى. قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش، سۈرەش، كۆزلىرىنى ئويۇش، قولاقلىرىنى كېسىش باشلاندى. يەتتە كېچە - كۈندۈز تىنىماي جەڭ قىلدى. ئېرىقلاردا سۇ ئورنىغا قان ئاقتى، خۇنخار شاھنى يېڭىپ ئوردىسىغا تىقتى.

خۇنخار شاھ يېڭىلگەنلىكىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئامانلىق تىلەپ گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتتى، گۆر ئوغلى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئامانلىق بەردى. خۇنخار شاھنى ئۆز ئالدىغا قىچقىرتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى كاناي - سۇناي چالدۇرۇپ ياخشى قارشى ئالدى، ھەممىسى ئاداۋەتلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ خۇشال بولۇشتى.

ئەمىر گۆر ئوغلى سۇلتان خۇنخار شاھ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەمىر گۆر ئوغلى خۇنخار شاھ بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىدىغان چاغدا، خۇنخار شاھ بارلىق خەزىنىسىنى ئىككىگە بۆلدى. ئۇنىڭ بىرىنى ئەمىر گۆر ئوغلىغا سوۋغا قىلىپ تۇتتى. قېچىرلارغا يۈكلىتىپ، ئۈچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقتى. ئەمىر گۆر ئوغلى خۇنخار شاھ بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزى چەمبىل بەلگە قاراپ ماڭدى.

ئۇلار چەمبىلگە يېتىپ كەلگەندە پۈتۈن ئاھالە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ھارماڭ، گۆر ئوغلى»، «ھارماڭ، ھاۋازخان»، «ھارماڭ، ھەسەنخان»، «ھارماڭ، تۆرىلەر» دەپ كۈتۈۋالدى.

گۆر ئوغلى ئۆزىنىڭ تاجىنى ھاۋازخانغا كىيدۈردى، مۆھرىنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. شەھىرى چەمبىلنىڭ نەغمە - ناۋالىرى بىلەن، غەيرىي ئاتنى، ياۋمەت ئېلىنى، قاتاردىكى نارد-

نى، خەزىنىدىكى بارىنى ھاۋازخانغا تاپشۇرۇپ بەردى. پۈتۈن ئەلگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپ، ھاۋازخاننى شاھلىققا كۆتۈردى.

بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ تاغىسى ئەھـمەد خاننىڭ ئوغىسى قايىندى. ئۇ ئۆز بېشىغا پاناھ ئىزدەپ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يەتتى، بۇ زەڭگىلەرنىڭ شەھىرى ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئون لەك لەشكەر جەمئىي قىلغانىدى، ئەھمەدخان ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ:

ـــ ئەي پادىشاھىئالەم، ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرى جەڭلەردە ئۆلۈپ ئازغىنە كىشى بىلەن قالدى. ئازراق ئادەم بەرسىلە ئۇنىڭ يۇرتىنى بېسىۋالغىلى بولىدۇ ! ـــ دېدى.

زەڭگىلەر پادىشاھى ئەھمەدخاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

ـــ سېنىڭ مۇشۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟ ! ـــ دەپ سوردى.

ئۇ:

ـــ راست ! ـــ دەپ مىڭ يەردىن قەسەم ئىچتى.



زەڭگىلەر پادىشاھى ئەمىر گوّر ئوغلىغا ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلار چەمبىلگە يېتىپ كەلگەندە، گوّر ئوغلىنىڭ ياساۋۇللىرى ئەلچىلەردىن:

— سىلەر نىمە ئادەملەر؟ — دەپ سورىدى.

ئەلچىلەر:

— بىز ئەلچى ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ياساۋۇللار ئەلچىلەرنى گوّر ئوغلىغا مەلۇم قىلدى. ئەمىر گوّر ئوغلى ياساۋۇللاردىن ئۇلارنى تەلەپ قىلدى. ياساۋۇللار ئەلچىلەرنى ئەمىر گوّر ئوغلىنىڭ ئالدىغا باشلاپ ئەكىردى. ئەلچىلەر ئۆزلىرىنىڭ زەڭگىلەر شاھىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەمىر گوّر ئوغلىغا بىر پارچە خەت سۇندى. ئەمىر گوّر ئوغلى ئۇ خەتنى ئوقۇپ كوّردى. ئۇنىڭدا ئاجايىپ - غارايىپ سوّزلەر بار ئىدى. ئەمىر گوّر ئوغلى يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئەي شاھزادىلەر، پالۋانزادىلەر، بۇ خەتنى ئاشكارا ئوقۇيمۇ ياكى مەخپىيمۇ؟ ! — دەپ سورىدى.

ئۇلار بىر ئېغىزدىن:

— ئاشكارا ئوقۇڭ، بىزمۇ ئاڭلايلى ! — دېدى.

ئەمىر گوّر ئوغلى خەتنى ئاشكارا ۋە ئۈنلۈك ئوقۇدى. ئۇنىڭدا:

« ئەي ئەمىر گوّر ئوغلى، ئاگاھ ۋە دانا بولغىنىكى، بۇ خەتنى ساڭا مەن زەڭگىلەر پادىشاھى يېزىۋاتىمەن. مۇشۇ خەت تەگكەن هامان قولۇڭدىكى بارلىق مۈلكۈڭنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرىسەن، خوتۇنۇڭ ئىككى بولسا بىرىنى بېرىسەن، بولمىسا جەڭگە تەييارلان ! » دېگەن جۈملىلەر بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ خەتنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئەمىر گوّر ئوغلىنىڭ يېنىدىكى شاھزادىلەرنىڭ ھەم-

مىسى دېگۈدەك ئەلچىلەرنى دارغا ئېسىشنى تەلەپ قىلدى، پەقەت ھاۋازخان بۇ پىكىرگە قوشۇلمىدى، ئۇ:

— ئەي ئاتا، ئەي ئوردا ئەھلى، ئەلچىدە گۇناھ يوق ! گۇناھ ئۇلارنىڭ پادىشاھىدا ! — دەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىكنى تەكلىپ قىلدى.

ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ ئاچچىقى قايناپ تاشقانلىقتىن ئەلچىلەرنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كېسىپ بويىنىغا ئاستى ۋە ئەمىر گۆر ئوغلى ئۇلارغا:

— بۇ يەردە نېمىنى كۆرگەن بولساڭ پادىشاھىڭغا شۇنى ئېيت ! — دەپ خىتاب قىلىپ ھەيدىۋەتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئەمىر گۆر ئوغلى قولىدىكى ئالتۇن ئاياققا شەربەت تولدۇرۇپ:

— بىر دۈشمەندىن قۇتۇلساق، يەنە بىرى پەيدا بوپتۇ. شۇ يەردە تۇرغان يىگىتلەر ئىچىدىن بۇ شەربەتنى قولۇمدىن ئېلىپ ئىچىپ، زەڭگىلەر ئۈستىگە قوشۇن تارتىپ بېرىپ ئەدىپىنى بېرىدىغان ئەزىمەتلەردىن كىم بار؟ — دەپ سورىدى.

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. ئەمىر گۆر ئوغلى بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكىتلىدى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈندىمىدى. شۇ چاغدا ھاۋازخان ئولتۇرغان يېرىدىن چاچراپ تۇردى ۋە:

— شەربەتنى مەن ئىچەي، جەڭگە مەن باراي، ئاتا ! — دېدى.

گۆر ئوغلى:

— ئەي بالام، بىلىقنىڭ تىرىكلىكى سۇ بىلەن، مېنىڭ تىرىكلىكىم سەن بىلەن. بىز ئايرىلىپ ئۈچ ئايدا كۆرۈشتۇق. ئەمدى كەتسەڭ مېنىڭ ھالىم قانداق بولار؟ ! — دېدى.

ھاۋازخان ئۆزىنىڭ تەلىپىدە قاتتىق تۇردى. ئەمىر گۆر ئوغلى نائىلاج ھاۋازخانغا تۇلپار لەيلى قىرنى توقۇپ بەردى، بې-

شىغا دۇبۇلغىسىنى كىيدۈردى، قولىغا نەيزىسىنى تۇتقۇزدى، پا-تىھە بېرىپ خوشلاشتى.

ھاۋازخاننىڭ دۈشمەنلىرى:

— بېشى چوڭ ھاۋازخان ھازىر بېرىپلا بېشىنى يەيدۇ ! — دېيىشتى.

ھاۋازخان خۇداغا سىغىنىپ يالۋۇرۇپ چۆللەرنى كەزدى. يامغۇر سۇيىنى ئىچىپ يۈرۈپ بىر تاغقا چىقتى. ئۇ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە ياتقان سان - ساناقسىز زەڭگىلەرنىڭ قوشۇنىنى كۆردى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: « «مەن بۇلارنى كۆرۈپ، قورۇق قول بىلەن زەڭگىلەرنى پالانى يەردە كۆردۈم» دەپ قايتىپ بارسام، بەگلەر ئاتامغا: «ئوغلۇڭ ھاۋازخان لاپخور، قورقۇنچاق، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بۇ گەپنى توقۇپ كەپتۇ» دېيىشىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، مەن بۇلاردىن ئېنىق بىر خەۋەر ياكى مە-لۇمات ئېلىپ باراي» دېدى. ئۇ شۇ يەردە يۈرۈپ نامازشام ۋاقتىدا زەڭگىلەرگە يېقىن باردى. زەڭگىلەر بېشىنى قىزىل ياغلىقتا تاڭغانىدى. شۇ ھالدا ئۇلاردىن ئون ئىككى مىڭ لەشكەر سەپ تارتىپ، بىر - بىرىگە:

— گۆر ئوغلىنىڭ لەشكىرى كېلىۋېتىش، شۇنىڭدىن خە-ۋەردار بولۇڭلار ! — دېيىشكىنىنى ئاڭلىدى.

ھاۋازخانمۇ بېشىنى قىزىل ياغلىق بىلەن چىگىپ، چىرا-يىنى ئۆزگەرتىپ:

— خەۋەردار بولۇڭلار، خەۋەردار بولۇڭلار، — دەپ ئۇلار-نىڭ ئارىسىغا كىردى. زەڭگىلەر ئۇنىڭ ھاۋازخان ئىكەنلىكى-نى بىلمىدى.

ھاۋازخان ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، ئۇلارنى ئارىلىدى. تۈن يېرىمىدا ئۇ بىر چېدىرغا كېلىپ قالدى. بۇ چېدىر باشقا چېدىرلاردىن ھەممە تەرەپتىن ئايرىلىپ تۇراتتى.

بۇ زەڭگىلەر پادىشاھىنىڭ قىزىنىڭ چېدىرى ئىدى. ئۇ قىزنىڭ قىرىق كېنىزىكى بار ئىدى، ئۇ قىزغا شۇلار قارايتتى. ھاۋازخان چېدىرىنىڭ ئىشىكىگە يېقىن باردى، ئىشىكتىن چېدىرنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇ چېدىر ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن پانۇسلارنى كۆردى، پانۇسنىڭ يورۇقىدا قىرىق كىچىك تەختتە ئۇخلاۋاتقان قىزنىڭ قىرىق كېنىزىكىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز تەختتە ياتقان شاھىنىڭ قىزىنى كۆردى.

ئۇ ئاستا بېرىپ شاھ قىزىنىڭ قولىدىكى قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى كۆرۈپ، تۇرۇپ قالدى، كېيىن قىزنىڭ قولىدىن ئۈزۈكنى ئالدى، بېشىدىن روملىنى ئالدى، چېدىردىن چىقىپ ئېتىنى مىندى.

— خەۋەردار بولۇڭلار، خەۋەردار بولۇڭلار، ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ لەشكىرى كەلدى! — دەپ جار سېلىپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇچە ئۆزى زەڭگىلەرنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى بۇ غوۋغادىن ئويغانغان قىز قارىسا، قىممەت باھالىق ئۈزۈك، بېشىدىكى روملى يوق. قىز بۇ ئىشتىن ئەجەبلەندى، قىز: «بۇ يەرگە مۇشۇ قىرىق كېنىزەكتىن باشقا ئىنس - جىن كىرمىسە، ئۈزۈك بىلەن رومالنى مۇشۇ نىمەلەر ئالمىسا، باشقا كىم ئالىدۇ؟» دەپ ئۇلارنى ئوغرى تۇتۇپ قىستاشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا بۇ غوۋغانىڭ ئېنىق خەۋىرى قىزنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. قىزنىڭ قېشىغا كىرگەن ئاتىسى:

— قىزىم، ھازىر چۇقان كۆتۈرۈپ، بۇلارنى ئوغرى تۇتىدىغان چاغ ئەمەس، يىتكەن بولسا مەيلى. مەن شەھەرگە كىرگەندە ئەڭ ياخشى ئۈزۈك، يارىغۇدەك رومال ئېلىپ بېرەي، — دەپ ئۇنى پەس قىلدى.

قىز ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كۆنگەن بولسىمۇ، كېنىزەك

قىزلارنى:

— سەنلەر بولمىساڭمۇ چېدىردا مەن ئۆزۈم يالغۇز قورقماي يېتىۋېرىمەن ! — دەپ يېنىدىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۆزى چېدىردا يالغۇز قالدى.

ھاۋازخان تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئىككى رەكەت شۈكرانە ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن ئۆزى ئەكەلگەن ئۆزۈك بىلەن رومالنى گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى، كېيىن ئۇ: ئاتام گۆر ئوغلىغا بۇنى ئېلىپ بېرىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى خەۋەر قىلسام چىنپۇتەر، رەقىبلىرىمىز: ھاۋازخان بۇنى بىر يەردىن سېتىۋېلىپ ئەكەلگەن، دەپ ئىشەنمەي مېنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى قىزنىڭ ئۆزىنى ئېلىپ قاچاي، دېگەننى ئويلىدى، بۇ تەدبىر ئۇنىڭغا ياقتى. كەچ كىرىشى بىلەن ئۇ چېدىرغا يەنە باردى. چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ، يالغۇز ياتقان قىزنى كۆردى. چېدىرنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەن مەيىن شامالدا ئۇنىڭ چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. قىز ئاپئاق بېلىقتەك ياتقان بولۇپ، ھاۋازخاننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ ئاستا بېرىپ قىزنىڭ بىر قولىنى تۇتتى.

قىز ئويغاندى، ئۇمۇ ھاۋازخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئوغرىنى تۇتتۇم ! — دەپ قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇردى ئۇ ھاۋازخانغا قاراپ، — سېنى ئەمدى چاپايمۇ؟ — دېدى.

ھاۋازخان قىزغا قاراپ چىرايلىققىنا قىياپەتتە ۋىلىققىدە كۈلدى. ھاۋازخاننىڭ بۇ كۈلكىسىگە قىزنىڭ نەزىرى چۈشتى. ئۇ ھاۋازخاننىڭ ئايدەك يۈزىگە، گۈل غۇنچىسىدەك لېۋىگە، چولپاندەك كۆزىگە ئەجەبلىنىپ قارىغاندا، ھاۋازخاننىڭ پېشانىسىدىن چاقماقتەك ئېتىلىپ چىققان بىر ئوت قىزنىڭ

سىنەسىدە جاي ئالدى. شۇ چاغدا قىز:
— ئەي يىگىت، بېشىڭدا ئەجەل تىغى ئويناۋاتسا، سەن نېمە ئۈچۈن يىغلىماي كۈلىسەن؟ ئۆلۈمدىن قورقمامسەن؟ ! — دەپ سورىدى.
هاۋازخان خاتىرجەم هالدا:
— ئەي ئاپئاق قىز، ئۆلۈمدىن قورققان ئادەم سېنىڭ يېنىڭغا كىرەمدۇ؟ ! — دەپ سوئال بىلەن جاۋاب بەردى.
قىز هەيران بولۇپ:
— جىنمۇسەن، پەرىمۇسەن ؟ ياكى ئادەممۇ؟ ماڭا راستىڭنى ئېيت ! — دېدى.
هاۋازخان:
— ئەي خېنىم، بىلسىڭىزمۇ بىلىڭ، بىلمىسىڭىزمۇ بىلىڭ ! مەن ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ بالىسى هاۋازخان دېگەن يىگىت بولىمەن، — دېدى.
— هاۋازخان دېگەن بىرمۇ ياكى ئىككىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
هاۋازخان:
— هاۋازخان دېگەن بىر، مانا مەن شۇ ! — دەپ جاۋاب بەردى.
قىز:
— هاۋازخان دېگەن شۆھرىتىگە قاراپ مەن سېنى بېشى بۈتتەك، قولى شاخ چىناردەك دەپ ئويلىسام، ئۆزۈڭ ياشقىنا بىر يىگىت ئىكەنسەن. كۆرمىدىڭمۇ، مانا شۇ لەشكەرلەرنىڭ هەممىسى سېنى تۇتىمىز دەپ مۇشۇ يەردە ياتىدۇ. ياش ئۆلۈپ كەتمىگىن، بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەت ! — دېدى.
هاۋازخان:
— خېنىم، مەن بۇ يەردىن سىزنى ئالماي چىقىپ كەتمەيمەن ! — دېدى.
قىز چۆچۈپ:

— بىزنىڭ بۇ يەردىلىكىمىزنى ئاتام ئاڭلىسا، ھەر ئىككىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ، بىز ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىمىز ! — دېدى.

ھاۋازخان قىزنى بىللە ئەكەتمىسە، بۇ يەردىن چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى.

تاڭ يېقىنلىشىپ قالغانىدى. قىز:

— ئەي يىگىت، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. بوپتۇ، بۇ يەردە تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆلگۈچە، سەن بىلەن بىللە بولغىنىم ياخشىراق، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى يۆتكىدى، بىر توپ دۇردۇنىدا بېلىنى باغلاپ ئاتقا مىندى. ھاۋازخانغا ياندىشىپ، «چۇھ ! جانىۋار ! » دەپ ئاتلىرىنى قامچىلاپ زەڭگىلەر قوشۇنى ئارىسىدىن چىقىپ كەتتى.

قىزنىڭ كېنىزەكلىرى ئەتىسى «شاھ قىزىنىڭ قولىغا سۇ بېرەيلى» دەپ چېدىرغا كىرسە، قىز يوق.

— ۋاي پادىشاھىئالەم، قىزلىرى يوق، بىرى ئېلىپ قېچىپتۇ ! — دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ شاھنىڭ قېشىغا كىرىشتى.

پادىشاھ:

— قۇرئەندازلار، بارمۇسىلەر؟ قىزىمنى كىم ئېلىپ قاچقانلىقىنى ماڭا مەلۇم قىلىڭلار ! — دېدى.

سارايدىكى قۇرئەندازلاردىن شاھ بىلەن سەپەرگە بىللە چىققانلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ:

— ئۇلۇغ شاھ، قىزلىرىنى ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ ئوغلى ھاۋازخان ئېلىپ قېچىپتۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

شاھ سەردارلىرىنى يىغدى، ئۇلارغا:

— دەرھال ئاتلىنىڭلار ! ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ ئوغلى ھاۋازخان بىلەن قىزىمنى تىرىك تۇتۇڭلار ! — دەپ ئەمر قىلدى.

توقسان مىڭ سىپاھ كاناي - سۇناي چېلىپ، ھاۋازخان-

نىڭ ئىزىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھاۋازخان-نىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ كېلىپ:

— ئەي ئەمىر گۆر ئوغلى ھاۋازخان، سەن كىشىنىڭ يۇرتىغا تىنچ كېلىپ، تىنچ كەتمەي، شاھىمىزنىڭ قىزىنى ئوغرىلاپ قاچساڭ بولامدۇ؟ سەن مەرد يىگىت بولساڭ، قىزنى بىزنىڭ قولىمىزدىن ئال ! — دەپ ۋارقىراشتى.

ھاۋازخان ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىدى.

— ئەي ئەبلەخ يەزىدىلەر، نېمە دەۋاتىسەن؟ ! — دېدى.

قىز ھاۋازخاننىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ئەي غوجام، تىل دېگەن بىر يەلدۇر، پەرۋا قىلمى-ساقلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. يولىمىزدىن قالمايلى ! — دېدى.

ھاۋازخان قىزنىڭ سۆزىگە كىرمىدى، يالۋۇرسىمۇ ئۇنىمىدى.

— ئاللاھۇ ئەكبەر ! — دەپ تەكبىر ئېيتىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى. بىرنى ئۆلتۈرسە ئونى، ئوننى ئۆلتۈرسە يۈزى ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ئاخىر ھاۋازخان ھالسىراپ ئارقىسىغا ياندى. ئېتى ئۇنى ئېلىپ بەش كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە دېگۈدەك بېسىپ ماڭدى. زەڭگىلەر شاھى مەشھۇر تورچىلارنى يىغىپ ھاۋازخاننىڭ يولىغا تور تاشلاتقۇزدى، شۇ تورلاردىن بىرى ھاۋازخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ چۈشتى.

ھاۋازخان ئېتى بىلەن، قىزمۇ ئېتى بىلەن شۇ تورغا چۈشۈپ قالدى. ھاۋازخاننىڭ مىنگەن ئېتى تورنى تېپىپ يىرتىپ قېچىپ چىقتى. ئات قىپقىزىل قانغا بويالغان ھالدا كېلىپ گۆر ئوغلىنىڭ تەختىگە تۇمشۇقىنى تىرەپ تۇردى.

زەڭگىلەر شاھى ھاۋازخان بىلەن قىزنى تۇتۇپ كەلتۈرۈپ ئۇنى دارغا ئاستۇرماقچى بولدى. بۇ پادشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئىدى، ئۇ بۇرۇن گۆر ئوغلىغا خىزمەت قىلىپ ئۇنىڭ

تۇزنى يېگەندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بۇ بىر بالا ! بۇنى ھازىر دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگىنىڭىز بىكار، بۇنى بىز تىرىك تۇتۇپ تۇرساق ئاتىسى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەمە قىلىپ لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ، ئۇنى شۇ چاغدا ئاتىسىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ دارغا ئاسساق، سىزنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىڭىزنىڭ شۆھرىتى ئەلگە تارىلىدۇ، — دېدى.

بۇ سۆز ئۇنىڭغا ياقتى، ھاۋازخاننى زىندانغا سالدى، قىزنى بىر چېدىرغا چۈشۈردى. شاھ زىندان باققۇچى گۇندىپايغا:

— ھاۋازخانغا ئىنسان بالىسىغا سالمىغان زۇلۇمنى سېلىپ ئازابلا ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

شاھنىڭ قىزى ئاخشىمى گۇندىپاينىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئۇنى ئازابلىماي، پاختىنىڭ ئىچىدە ئوتنى ساقلىغاندەك ئاسرا ! — دەپ بىر زىنچە ئالتۇن بەردى ۋە قايتىشىدا، — ئەگەر كېيىمگە كىرمەي يىگىتنى ئازابلايدىغان بولساڭ، گۆشۈڭنى يەپ، سۆڭىكىڭنى پۇركۈيمەن ! — دەپ ھەيۋە قىلدى.

تۇلپار «لەيلى قىر»نىڭ گۆر ئوغلىنىڭ تەختىگە تۇمشۇقىنى تىركەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن چوڭ ـ كىچىك ھەممە كېلىپ ئاتنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئەمىر گۆر ئوغلى ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەي جانىۋار، ۋاپادار ئوغلۇم ھاۋازخان قېنى؟ — دەپ سورىدى.

ئات كىشنەپ ـ كىشنەپ، يەرنى چاپچىپ، بېشى بىلەن زەڭگىلەر پادىشاھى چۈشكەن تەرەپنى كۆرسەتتى. ئەمىر گۆر ئوغلى يېنىدىكى قىرىق تاجدار شاھزادە، بەگزادىلەر بىلەن ئۆلارنىڭ قوشۇنىدىن ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى جەڭگە تەييارلىدى. ناغرا، كاناي ـ سۇنايلىرىنى چالدۇرۇپ، تۇغ ـ

ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ تۇلپار لەيلى قىرنى ئالدىغا سىلىپ زەڭگىلەر پادىشاھى تەرەپكە ماڭدى.

بىر ئاي يول مېڭىپ ئۇلارغا يېقىن كېلىپ چۈشتى، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكتى.

زەڭگىلەر پادىشاھى ئۇلارنىڭ بىرمىڭ ئالتە يۈز تۇغ - ئەلەم بايراقلىرىنى كۆردى. ئۇ:

— بىر ئەلەم مىڭغا ئىشارەت، مەن گۆر ئوغلىنىڭ لەشكىرىنى «بەك ئاز» دەپ ئاڭلىغان، لېكىن ئۇلار ھېلىمۇ جىققەن، — دېدى يېنىدىكى كىشىلەرگە.

ئۇ ئاخىردا گۆر ئوغلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇنى بىلىدىغانلار زەڭگىلەر شاھىغا:

— ئەنە، گۆر ئوغلى ! — دەپ كۆرسەتتى.

زەڭگىلەر شاھى چېدىرغا قايتىپ كېلىپ، گۇندىپاينى چاقىردى، ئۇنىڭغا:

— ئېگىزلىكى ئىككى يۈز غۇلاچ دار راسلاپ، ھاۋازخاننى شۇ دارغا ئېسىپ قوي ! — دەپ ئەمر قىلدى.

گۇندىپاي شۇنداق قىلدى.

ئەمىر گۆر ئوغلى ھاۋازخاننى داردا كۆرۈپ:

— ئاھ بالام ! — دەپ ھاردۇق ئالماي، توپىسىنى قاقماي جەڭگە تەييارلاندى. پالۋانلارغا قاراپ، — تۇرۇڭلار، يىگىتلەر ! تەييارلىنىڭلار، جەڭ قىلىمىز ! — دەپ مەيدانغا ئات سالدى.

ئۇلار زەڭگىلەر لەشكىرى بىلەن يىگىرمە بىر كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى. زەڭگىلەر پادىشاھى بۇلارنىڭ جەڭدىن قول يىغمىغىنىنى كۆرۈپ، يېنىدىكى كىشىلەرگە:

— بىز جەڭ قىلساق، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بىرەر - يېرىم كۈن جەڭ قىلاتتۇق. بۇلار مەست بولغان بۇغىرىدەك باش - ئايىغى يوق جەڭ قىلىدىكەن، — دېدى.

شۇ چاغدا شاھنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى ۋەزىر:
— سەن ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ جاندىن ئەزىز ئوغلى ھاۋازخاننى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ دارغا ئېسىپ قويساڭ، ئۇ شۇنداق جەڭ قىلماي قانداق قىلىدۇ؟ ! — دېدى.
— ھاۋازخاننى داردىن چۈشۈرمىسەم، ئۇلار جەڭدىن قولىنى يىغمامدۇ؟ ! — دەپ سورىدى زەڭگىلەر شاھى ۋەزىرىدىن.
ۋەزىر:
— ياق، ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، جەڭدىن قولىنى يىغمايدۇ ! — دەپ جاۋاب بەردى.
زەڭگىلەر شاھى جەڭدىن تويغان ۋە ھارغانىدى. ئۇ دەرھال ھاۋازخاننى داردىن چۈشۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئىككى يېنىغا قاراپ:
— جادۇگەرلەر، بارمۇسىلەر؟ ! — دەپ سورىدى. توقسان ياشلىق بىر جادۇگەر بار ئىدى، ئۇ شاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. زەڭگىلەر شاھى ئۇنىڭغا:
— قىزىم بىلەن ھاۋازخاننى شەھەرگە ئېلىپ بارغىن ! — دەپ ئەمر قىلدى.
جادۇگەر:
— خوپ ! — دەپ چىقىپ ئەپسۇن ئوقۇدى. ھاۋازخان بىلەن قىز ئىككىسى كەپتەرگە ئايلاندى، ئۆزى بىر لاچىن بولۇپ، ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ سۈرۈپ زەڭگىلەر شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. بۇرۇن گۆر ئوغلىنىڭ تۇزىنى يەپ، خىزمىتىنى قىلغان زەڭگىلەر شاھىنىڭ ھېلىقى ۋەزىرى كەچ كىرىشى بىلەن گۆر ئوغلىنىڭ چېدىرىغا يېتىپ باردى. ئۇ:
— ئەي ئەمىر گۆر ئوغلى، ئوغلۇڭ ھاۋازخان بىلەن دىدار كۆرۈشۈش ئەمدى قىيامەتكە باقىي قالدى. زەڭگىلەر شاھىنىڭ ئەمرى بىلەن قېرى جادۇگەر ھاۋازخان بىلەن زەڭ-

گىلەر شاھىنىڭ قىزىنى كەپتەر سۈرىتىگە، ئۆزىنى لاچىن سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئالدىغا سېلىپ قوغلاپ زەڭگىلەر شەھىرىگە ئەكەتتى ! — دېدى.

ئەمىر گۆر ئوغلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇلبۇلخان ۋەزىرىنى ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى.

بۇلبۇلخان سۆزىنى ئاغا يۇنۇس پەرىگە ئېيتىش بىلەن ئاغا يۇنۇس، پەرى:

— ئاھ بالام ! ... — دەپ ئۆزى بىر شۇڭقارغا ئايلاندى، قانات قېقىپ، ھاۋاغا چىقىپ ئۇلارنى قوغلاپ ماڭدى. ئاغا يۇنۇس پەرى ئۇلارغا يېتىپ بارغاندا، جادۇگەر قېرى بۇلارنى كۆرۈپ قالدى. جادۇگەر دەرھال ئۇلارنى قوغلاپ يەرگە ئەچۈشتى، بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇلارنى دومىلىتىپ كېيىك سۈرىتىگە ئەكىردى. ئۆزى بۆركۈت بولۇپ، بۇلارنى تاغقا قوغلاپ ماڭدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى بۇنى كۆرۈپ: بۇ ھەممە تەرەپتىن يېتىلگەن جادۇگەر ئىكەن دەپ، ئۆزىمۇ بۆركۈتكە ئايلاندى ۋە ئۇلارنى قوغلاپ ماڭدى. شۇ چاغدا ئىككى كېيىك بىلەن قۇش سۈرىتىدىكى جادۇگەر بىر قۇدۇققا ئۇدۇل كېلىپ قالدى. جادۇگەر ئىككى كېيىكنى دەرھال بېلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى يىلان سۈرىتىگە كىردى ۋە ئۇلارنى قۇدۇققا قوغلاپ چۈشتى.

ئاغا يۇنۇس پەرى بىر لەھەڭ بولۇپ ئۇلارنى قوغلاپ قۇدۇققا چۈشتى. بۇ ئۇچەيلەن قارا قۇش سۈرىتىدە بولۇپ ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرگەن ئاغا يۇنۇس پەرىگە ياندى.

ئاغا يۇنۇس پەرى بىر، بۇلار ئۈچ بولۇپ، كۈچ سىلىشتۇرمىسىدىكى تەڭلىك بۇزۇلغانلىقتىن، ئاغا يۇنۇس پەرى ئالدىراپ قالدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى كۆھقاپتىن چىققىدىغان چاغدا تاغىسى

ئۇنىڭغا بىر تال موينى بېرىپ:

— ھەرقاچان بېشىڭىزغا قىيىن ئەھۋال ياكى ئېغىر كۈن دۇچ كەلگەندە، بىرەر ئېغىر ئاقىۋەتكە دۇچار بولغاندا بۇنى ئوتقا سېلىڭ، سىز قەيەردە بولسىڭىز، مەن شۇ يەرگە ھازىر بولىمەن! — دېگەنىدى.

بۈگۈن ئۇنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى، ھاۋازخان ئۆزىگە ئوخشاش قۇش سۈرىتىدىكى ئانىسى ئاغا يۇنۇس پەرىنى تونۇمايدۇ، ئۇنى ياۋا قۇش ياكى جادۇگەر دەپ ئويلايدۇ، قىز تېخىمۇ تونۇمايدۇ. جادۇگەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قۇش سۈرىتىدىكى ئاغا يۇنۇس پەرىگە سالدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى دەرھال يەرگە شۇڭغۇدى، يەرگە چۈشۈپ ياقىسىدىن بىر تال موينى ئالدى ـ دە، ئوت يېقىپ دۇت سالدى. كۆھقاپ تېغىنىڭ يەتتىنچىسىدە تۇرغان تاغىسى دەرھال يېتىپ كەلدى.

— ئەي مېھرىبان سىڭلىم، بېشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟ مەن ئۆز ۋاقتىدىلا: «ئادەمزاتتىن بىزگە ۋاپا كەلمەيدۇ» دېمەپمىدىم، ئەمدى ئۇ سېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ تاشلىدىمۇ؟ قانداق، مېنىڭ دېگىنىم بېشىڭغا كەلدىمۇ؟! — دېدى.

ئاغا يۇنۇس پەرى:

— ئەي تاغا، بۇ ئېغىر كۈن ماڭا سەن دېگەن ئەمىر گۆر ئوغلىدىن كەلگىنى يوق. ئۇ ماڭا ھازىرمۇ چەكسىز مېھرىبان، بۇ يەردە مەن ئۈچ بۆركۈتنىڭ ئارىسىدا قالدىم. ئۇنىڭ بىرى، مېنىڭ ۋە ئېرىم گۆر ئوغلىنىڭ ئوغلى ھاۋازخان، يەنە بىرى، گۆر ئوغلىنىڭ دۈشمىنى زەڭگىلەر شاھىنىڭ قىزى، ھاۋازخاننىڭ مەشۇقى، ئۈچىنچى بىرى ئاشۇلارنى قۇش سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ ماڭا سالغان قارا قۇش جادۇگەر، ھاۋازخان مېنى بۇرۇن بۇ قىياپەتتە كۆرمىگەن، شۇڭا ھازىر

مېنى تونۇمايدۇ، — دېدى.

ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ تاغىسى جادۇگەرگە قاراپ:

— ھەي جادۇگەر، ھازىر سەن ئەسلىي قىياپىتىڭگە كەلسەڭ كەلدىڭ، بولمىسا بېشىڭنى ئۈزىمەن! — دېدى.

جادۇگەر بۇ سۆزگە پىسەنت قىلمىدى، ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ تۇسىنى ئۆزگەرتىشكە كىرىشكەندى، ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ تاغىسى ئەپسۇن ئوقۇپ ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشىنى ئالدى، يەنە بىر ئەپسۇن ئوقۇپ ھاۋازخان بىلەن قىزنى ئەسلىي قىياپىتىگە كەلتۈردى، ئاغا يۇنۇس پەرىمۇ ئەسلىي قىياپىتىگە كەلدى، بۇلار تونۇشۇپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ چاغدا غايىبتىن: «ئىبلىس، تىبلىس، جىبلىس» دېگەن ئاۋاز كەلدى، جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى، ئۇچ كېچە - كۈندۈز ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىدى. بۇ جادۇگەر ئۆلگەندە پەيدا بولىدىغان ئالامەت ئىدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن ئاستا - ئاستا ھاۋا ئېچىلدى. ئاغا يۇنۇس پەرى تاغىسىغا:

— تاغا، سىز ھاۋازخاننى بويىنىڭىزغا مىندۈرۈپ، گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇڭ. ئۇ شۇ جايدا زەڭگىلەر شاھى بىلەن جەڭ قىلماقتا، — دېدى.

ئۆزى زەڭگىلەر شاھىنىڭ قىزىنى يېنىغا ئېلىپ، چەمبىلگە راۋان بولدى.

ئاغا يۇنۇس پەرىنىڭ تاغىسى ھاۋازخاننى بوينىغا مىندۈرۈپ، گۆر ئوغلى جەڭ قىلىۋاتقان يەرگە يېتىپ كەلدى، ھاۋازخاننى يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۆزى كۆھىقاپىنىڭ يەتتىنچىسىگە ئۇچۇپ كەتتى.

ھاۋازخان بۇ يەرگە كېلىپ گۆر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھەم ئۇلارنى زەڭگىلەر ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى، شۇ

چاغدا زەڭگىلەر يەنە جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ، گۆر ئوغلىنى جەڭگە تارتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھاۋازخان:

— ئەي ئاتا، بۇگۈنكى بۇ مەيدان جەڭنى ماڭا بېرىڭ، ماڭا دۇئا قىلىڭ! — دېدى.

ئەمىر گۆر ئوغلى:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ جەڭگە سەن كىرمە، ئۇلارنىڭ كۈچى كۆپ، ئۇلار بۇ نۆۋەت سېنى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى. ھاۋازخان:

— ئەي ئاتا، بۇرۇن مەن بۇ يەردىن ئەرەبىستانغا جەڭ قىلىپ ئۆتكەندە دەريادىن بېلىق تۇتۇپ يېگەن غول پالۋانلىرى بىلەن تونۇشقان. خۇدا رىزاسى ئۈچۈن مەن يەنە شۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بىرەرىنى ئەكەلسەم، ئۇ بۇ زەڭگىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ. مەن شۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ بۇلار بىلەن جەڭ قىلىمەن! — دېدى.

ھاۋازخاننىڭ بۇ پىكرىگە گۆر ئوغلى ماقۇل بولۇپ، رۇخسەت بەردى. ھاۋازخان دادىسى ئەمىر گۆر ئوغلىدىن دۇئا ئېلىپ يولغا چۈشتى. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، غول پالۋانلاردىن بىرىنىڭ قېشىغا باردى. قارىسا، ئۇ ئۇخلاۋاتقانىكەن. بۇرنى كانايدەك بولۇپ، ئۇنىڭدىن تونۇردىن چىققان تۈتۈندەك ئىس چىقىۋاتقان، ئۇنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى ئاتتەك، تۆگىدەك ھۆررەك بولۇپ ئۆرلەپ چىققان. ھاۋازخان ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ قاتتىق بىر نەرە تارتتى.

غول پالۋان بۇ ئاۋازدىن ئويغىنىپ قارىسا، بېشىدا بىر ئاتلىق بالا تۇرغان. بۇ غول پالۋان «ئادى» دەپ ئاتالغان ئېگىز ھەم باتۇر خەلقنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاۋازخاننى ئېتى بىلەن ئالىقىنىغا ئالدى. ئۇنى بىردەم ئۇ ئالىقىنىغا، بىردەم بۇ ئالىقىنىغا ئېلىپ ئوينىدى، كېيىن ئۇ-

نى تونۇغاندەك قىلىپ:

— ئەي يىگىت، ئۆزۈڭ كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىزدەپ يۈ-رىسەن؟ نېمە ئارزۇ - ئارمىنىڭ بار؟ ! — دەپ سورىدى.

ھاۋازخان:

— مەن ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ بالىسىمەن، ئەرەبىستانغا ئۆتكىنىمدە سەن بىلەن بۇ يەردە تونۇشقان. مېنىڭ دادام ئەمىر گۆر ئوغلى ھازىر زەڭگىلەر شاھى بىلەن ئۇرۇشماقتا، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بەك ئاز قالدى. سەن ياردەم قىلساڭ ! — دېدى.

غول پالۋان ھاۋازخاننى يەرگە قويدى.

— سەن بېرىپ تۇر، مەن ئارقاڭدىن يېتىمەن ! — دەپ دەرياغا كىرىپ كەتتى. ئۇ سايىسى ئاتمىش پاتمانلىق يەرگە چۈشۈپ تۇرىدىغان بىر تۈپ چىنارنى يىلتىزى بىلەن قومۇ-رۇۋالدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ھاۋازخاننىڭ ئارقىسىدىن گۆر ئوغ-لىنىڭ لەشكىرى بار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھاۋازخان گۆر ئوغلىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ چارچىغان ھالدا جەڭدىن يانغانىدى. ئۇ ھاۋازخاننى كۆرۈپ:

— ئوغلۇم، تىنچ - ئامان كەلدىڭمۇ؟ سەن دېگەن غول پالۋان قېنى؟ — دەپ سورىدى.

ھاۋازخان:

— ئەنە، يوغان چىنارنى قۇچاقلاپ كېلىۋاتقان كىشى شۇ ! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەمىر گۆر ئوغلى بىر قارا بوراندەك بوغۇناقنى، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن بويى پەلەككە يەتكەن پالۋاننى كۆر-دى. ئەمىر گۆر ئوغلى خۇش بولۇپ تەبلى جەڭ (جەڭ دۇمبا-قى) چالدۇردى.

زەڭگىلەر شاھى جەڭ دۇمبىقىنى ئاڭلاپ: « بۇلارغا بىرەر يەردىن كۆمەككە قوشۇن كەلگەن ئوخشايدۇ» دېگەننى ئويلىدى.

شۇ چاغدا غول پالۋان كېلىپ ھاۋازخاندىن:
— ئەمىر گۆر ئوغلى قېنى؟ — دەپ سورىدى.
ئەمىر گۆر ئوغلى غول پالۋان بىلەن كۆرۈشتى. غول پالۋان ئەمىر گۆر ئوغلىدىن:
— سېنىڭ لەشكىرىڭ قېنى؟ ! — دەپ سورىدى. ئەمىر گۆر ئوغلى قورشاۋدا قالغان قىسىملىرى بىلەن يېنىدا قالغان قوشۇننى كۆرسەتتى. غول پالۋان چىنارنى كۆتۈرۈپ زەڭگىلەر لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ گويا سۈپۈرگىدە پاشىنى ئۇر-غاندەك ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىرىكلىرىنى سۇر - توقاي قىلدى. ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ قورشاۋدا قالغان قوشۇنلىرى ئاجرىتىۋېلىندى.
زەڭگىلەر پادىشاھى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورال - ياراغنى بويىنىغا ئېسىپ، ئەمىر گۆر ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئامانلىق تىلىدى.
ئەمىر گۆر ئوغلى ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى. ھەر ئىككى تەرەپ يارىشىپ «ئەل ئامان» دەپ خوشلىشىپ، ئۆز يۇرتلىرىغا راۋان بولدى. ئەمىر گۆر ئوغلى ھاۋازخان، پالۋان غول بىلەن، زەڭگىلەر شاھى بىلەن خوشلىشىپ، تاغىسى ئەھمەد سەردارنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىشتى. نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ چەمبىلگە يېتىپ كەلدى، قىرىق كېچە - كۈندۈز ئەل - يۇرتقا توي تارتىپ ئاش بەردى. ئەمىر گۆر ئوغلى شۇ تويدا قولىغا ئالتۇن تارلىق سازىنى ئېلىپ چېلىپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

ئاۋۋال خەقنىڭ ئىزنى بىلەن،
بولدۇم ئارمان قالمىدى.



قاراڭغۇ گۆر ئىچىدە
تۇغۇلدۇم، ئارمان قالمىدى.

قارا گۆردە كىردى جانىم،
ئانام بولدى مېھرىبانىم،
يەتتى پۇشتى دەرمانىم
كۆردى، ئارمان قالمىدى.
بۇ دۇنيادۇر ئۆزى پانىي،
چەمبىلنىڭ بولدۇم سۇلتانى،
يالغانچى ئۇشبۇ دۇنيانى
كۆردۇم، ئارمان قالمىدى.

ئۇزدۇم ئۆردەك كۆلىدە،
ياشىدىم چەمبىل ئېلىدە،
تۇرك، تۇركمەن يېرىدە
يۇردۇم، ئارمان قالمىدى.

ھېچ خورىماس بەستىمنى،
تۇتتۇم ئەلنىڭ دەستىنى،
ئالتۇن تەختنىڭ ئۈستىنى
كۆردۈم، ئارمان قالمىدى.

ئاڭلا مەندەك ئەر سۆزىنى،
چېقىلغان ئايدەك يۈزىنى،
يىگىرمە ئەرەب قىزىنى
سۆيدۈم، ئارمان قالمىدى.

ئاۋات قىلدىم ئۇشبۇ يەرنى،
تونۇدۇم كامىل ئەرنى،
قىرىق چىلتەن ھەم خىزىرنى
كۆردۈم، ئارمان قالمىدى.

خىزمىتىن قىلىپ شۇ ئەرلەرنىڭ،
خانى بولدۇم بۇ يەرلەرنىڭ،
دۇئاسى بىلەن پىرى زەنلەرنىڭ[1]،
يۈردۈم، ئارمان قالمىدى.

تاجلار باردۇر بېشىمدا،
پىرلەر ھازىر قېشىمدا،
ئاغا يۈنۇسنى ئون يېشىمدا
ئالدىم، ئارمان قالمىدى.

① پىرى زەن — ئۇلۇغ ئايال، چوڭ ياشلىق ئايال.

بىر يىگىت بار قېشىمدا،
كۆردۈم ئۇنى چۈشۈمدە،
مىسقال ئايىمنى قىرىق يېشىمدا
ئالدىم، ئارمان قالمىدى.

مەن ئېيتايىن ئىچ سىرىمنى،
نېسىپ قىلدى پەرىنى،
ئەللىك ياشتا گۈلنار پەرىنى
ئالدىم، ئارمان قالمىدى.

يۇرتقا سالدىم ئوتلارنى،
ئالدىم نەچچە كەنتلەرنى،
قىزىلباشلار يۇرتلىرىنى
ئالدىم، ئارمان قالمىدى.

يەرگە تۆكتۈم قىزىل قاننى،
ئامان قىلسۇن ھەق بۇ جاننى،
ياش چېغىمدا ھەسەنخاننى
كۆردۈم، ئارمان قالمىدى.

ئوغۇل قىلىپ ھەسەنخاننى،
ئېيتتىم بارچە ئارماننى،
يۈز ياشتا ھاۋازخاننى
كۆردۈم، ئارمان قالمىدى.

گۈرۇجىستاننىڭ جازايىنى،
سېلىپ بېشىغا ئازايىنى،

قىزىلباشنىڭ جازايىنى
بەردىم، ئارمان قالمىدى.

بەندە، قىلدىم گۇناھنى،
سىغىندىم بىر ئاللانى،
شۇندىن سوڭ خۇنخار شاھنى
ئالدىم، ئارمان قالمىدى.

باغلاپ غېنىم قوللىرىنى،
كۆرۈپ باغۇ گۇللىرىنى،
گۇرۇجىستان ئەللىرىنى
كۆردۇم، ئارمان قالمىدى.

ئوڭ يېنىمدا ھاۋاز ھەمراھ،
سول يېنىمدا ھەسەنخان شاھ،
ۋاپاسى يوق كونا دۇنيا
كەزدىم، ئارمان قالمىدى.

دەپ دۇئا قىلدى. ھاۋازخاننى خاقان قىلىپ تىكلەپ، خەزىنىدىكى بارىنى، قاتاردىكى نارىنى، قولىدىكى مۆھرىنى بېرىپ تەختكە چىقاردى، بېشىغا ئالتۇن تاجنى كىيدۇردى، ئۆزى باشلاپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. قالغان شاھزادە ۋە پالۋانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەھمەد سەردارنىڭ قىزىنى ۋە زەڭگىلەر شاھىنىڭ قىزىنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بېرىشتى. ھەممىسى مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىپ، ئۆز نۆۋىتىدە ئەجەل شارابىنى ئىچىشتى.

# چىن تۆمۈر باتۇر

قەدىمكى زاماندا ئىلى ئىقلىمىدا چوڭ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ تاقىسى ئالتۇندىن، ئېگەر - جابدۇقلىرى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئىككى خوتۇنى بولسىمۇ، ئەمما پەرزەنت كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ كۆڭلى بەك بىئارام ئىكەن. ئۇ خاپىچىلىقىنى بېسىش مەقسىتىدە ھەر دائىم شىكارغا چىقىپ تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. كېيىن كىچىك خوتۇنى ھامىلىدار بوپتۇ، بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ خۇشاللىقىدىن شىكارغا تېخىمۇ بەك ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، پادىشاھ ۋەزىرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ كەتكەندە، كىچىك خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بىراق، بۇنى پادىشاھنىڭ چوڭ خوتۇنى كۈنلەپ، خىزمەتچىلىرىگە بالىنى كۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا ئىتنىڭ كۈچۈكىنى ئەكېلىپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كەلگەندە چوڭ خوتۇنى ئالدىغا چىقىپ: «سىلىنىڭ خوتۇنلىرى كۈچۈك تۇغدى» دەپ خەۋەر قىپتۇ. دەرغەزەپ بولغان پادىشاھ توقالنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. شۇئاندا چوڭ خوتۇنى ھىيلىگەرلىك بىلەن: «ئۆلتۈرمىسىلە، پادىشاھئالەم، بۇ نۆۋەت مەن بىر قوشۇق قېنىنى تى-

لىۋالاي» دەپ يالۋۇرغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىر قېتىمغا ئامان قالدۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئاي ۋە يىللار ئۆتۈپتۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ يەنە شۇ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر ئايلىق يەرگە كەتكەنىكەن. كەلگۈچە كىچىك خوتۇنى بىر قىز تۇغۇپتۇ. چوڭ خوتۇنى بۇنىمۇ كۆلگە تاشلىۋېتىپ، ئورنىغا مۇشۇكنىڭ بالىسىنى ئەكېلىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ قايتىپ كەلگەندە چوڭ خوتۇنى مۇشۇك بالىسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ: «مانا، سىلىنىڭ توقاللىرى، ئەمدى مۇشۇك تۇغدى، يۇرت ئىچىدە يۈزىمىزنى يەر قىلىۋەتتى، بۇ نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق؟ !» دەپ يالغاندىن يىغلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ. ئاچچىقلانغان پادىشاھ توقالغا ئېغىر جازا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى بالىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى: چوڭ خوتۇن تەرىپىدىن كۆلگە تاشلىۋېتىلگەن ھېلىقى بالىلارنى بىر ئېيىق جاڭگالغا ئەكېتىپ باقىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى بالا ئېيىقنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ چوڭ بوپتۇ، ئەقلىگە كەلگەندە ئۇلار بىر - بىرىگە ئات قويۇشۇۋاپتۇ. ئوغۇلنىڭ ئېتى چىن تۆمۈر، قىزنىڭ ئېتى مەختۇمسۇلا بوپتۇ. بۇ بالىلار سەھرانىڭ ساپ ھاۋاسىدا



ساغلام، بەك چىرايلىق ھەم كۈچلۈك بولۇپ ئۆسۈپتۇ.

چىن تۆمۈر كىچىك چېغىدىنلا ئوۋغا ئۆگىنىپ، تۈرلۈك جانىۋارلارنى تۇتىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاجايىپ باتۇر يىگىتكە ئايلىنىپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ئېيىقتىن ئايرىلىپ جاڭگالنىڭ بىر چېتىگە ئۆي ياساپ، شۇ ئۆيدە ياشاشقا باشلاپتۇ.

باتۇرلۇقتا ھېچبىر جان،
چىن تۆمۈرگە يەتمەيدۇ.
مىسران قىلىچ، مىلتىقى
قولدىن نېرى كەتمەيدۇ.

ئالغۇر بۈركۈتى بېشىدىن
كەتمەي ئۇچۇپ يۈرىدۇ.
تايغان ئىتى ئىشىكتە،
بىر مۈشۈكى تۆشەكتە،
بىر توخۇسى كاتەكتە،
ئويناپ تەييار تۇرىدۇ.

چال قۇيرۇقى كۆك بوز ئات،
كىشنەپ تۇرار ئېغىلدا.
ئوۋغا چىقسا ھەممىسى
ھازىر بولار يېنىدا.

شۇنداق قىلىپ، بۇلار ناھايىتى ئۆملۈكتە كۈن كەچۈ-رۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى مەختۇمسۇلا شۇنداق بىر چۈش كۆ-رۈپتۇ. چۈشىدە: ئاكىسى ئوۋغا چىقىپ كۆپلىگەن بۇغا —

ماراللارنى تۇتۇپتۇدەك ئىمىش، بۇغا ـ ماراللارنىڭ بېشىنى ئېتىغا غانجۇغىلاپ كېلىۋاتقۇدەك ئىمىش، گۆشىنى زىخقا ئۆتكۈ- زۈپ، كاۋاپ قىلىۋاتقۇدەكمىش. مەختۇمسۇلا ئويغىنىپ كېتىپ، كۆرگەن چۈشىنى ئاكىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاكىسى:

«تولا ياخشى چۈش كۆرۈپسىز، سىڭلىم، ئۇنداق بولسا مەن يەتتە كۈنلۈك ئوۋغا چىقاي. مەن قايتقۇچە سىز نەسىھەتىمنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ» دەپ مۇنداق دەپتۇ:

بېشىڭىزنى تارىماڭ،
سۇ بويىغىمۇ بارماڭ.
ئىتىڭىزنى «چاخ»دېمەڭ،
مۈشۈكنىمۇ «پەش»دېمەڭ.
ئوتىڭىزنى ئۆچۈرمەڭ،
ئۆگزە ئۈستىگە چىقماڭ.
ئوت ئۆچۈپ قالار بولسا،
تۈتۈن چىققان ياقلارغا،
ئوت سوراپ كېتىپ قالماڭ.

ئەلقىسسە، چىن تۆمۈر باتۇر مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، كاپ ـ كاپ كۈچۈكىنى ئەگەشتۈ- رۈپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. مەختۇمسۇلا يالغۇزلۇقتا زېرىك- كەندىن كېيىن، ئۆگزىگە چىقىپ بېشىنى تاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مۈشۈكى بىلەن توخۇسىمۇ ئۇنى ئەگىشىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ.

مۈشۈك مىياۋلاپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپتۇ. توخۇسى قاقاقلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەختۇمسۇلا مۈشۈكنى «پەش» دەپتۇ، توخۇسىنى «تاخ» دەپ ئۆگزىدىن قوغلىۋېتىپتۇ. مۈشۈكى بىلەن توخۇسى ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ.



مۇشۇك ئوچاق يېنىغا كېلىپ چۆگۈننى ئۆرۈۋېتىپتۇ. تونۇ كۈلنى تاتىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچۈپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆيگە كىرگىنىدە ئوتنىڭ ئۆچۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىشقا ناھايىتى قايغۇرۇپ يەنە ئۆگزىگە چىقىپتۇ. «ئەمدى قانداق قىلارمەن؟» دەپ يىغلاپ ئولتۇرسا، ئوڭ تەرىپىدىن ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سول تەرىپىدىن تۈتۈن كۆرۈنۈپتۇ. مەختۇمسۇلاغا ئوت تېپىش قايغۇسى چۈشۈپتۇ. «نېمە بولسا بولسۇن، پېشانەمدىن كۆرەي» دەپ ئىس چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇزۇن مېڭىپ، ئىس چىقىۋاتقان بىر ئەسكى تاملىق ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆي ئىچىدە بىر موماي ئولتۇرغۇدەك. مەختۇمسۇلا: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ.

موماي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، سەت ھىجىيىپ:

سالامىڭنى ئالدىم ئىلەك،
سالام قىلمىساڭ شۇتاپ
قىلارئىدىم يەتتە بۆلەك.

دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. شۇندا مەختۇمسۇلا ئۇنىڭ يەتتە باشلىق يالماۋۇز ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئەيمىنىپ قاپتۇ. يالماۋۇز قىزنىڭ قورققانلىقىنى بىلىپ:

خۇدا بەرگەن چىرايلىق قىز،
كەل، قورقماي يېنىمغا ئۆت.
كېلىپ مېنىڭ بېشىمنى باق،
ئۆز ئاناڭدەك مېنى سەن كۈت.

دەپتۇ.

مەختۇمسۇلا قورققىنىدىن ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. يالماۋۇز تېخىمۇ سىپايىلىك بىلەن، گەپ ئالماق بولۇپ:

قاي تەرەپتىن كەلدىڭسەن؟
كىمنىڭ قىزى بولىسەن؟
ئاتاڭ بارمۇ، ئاناڭچۇ؟
قايسى ئۆيدە تۇرىسەن؟
نامى ـ ھالىڭ ئايان ئەت،
ماڭا بىر ـ بىر بايان ئەت.

دەپتۇ.

يالغانغا ئۆگەنمىگەن مەختۇمسۇلا مومايىنىڭ سوراقلىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئوت سوراپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. يالماۋۇز بىر تال تېزەككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۇنى ياغاچقا سانجىپ مەختۇمسۇلانىڭ ئاغزىغا چىشلىتىپ قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىر يېڭىگە پىت، يەنە بىر يېڭىگە سىركە تولدۇرۇپتۇ ـ دە، «ئۆيۈڭگە بارغۇچە بۇ پىت بىلەن سىركىنى ئىككى تەرەپكە چېچىپ ماڭغىن» دەپ بۇيرۇپتۇ. مەختۇمسۇلا قورقىنىدىن مومايىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئورۇنداپتۇ. يالماۋۇز موماي قارىغۇ ئىكەن، ئۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى مەختۇمسۇلانىڭ ئۆيىنى تېپىپ بېرىش ئۈچۈن ئىكەن. كېيىن بۇ

سىركە تۆككەن تەرەپكە چېقىرتىكەن، پىت تۆككەن تەرەپكە ئازغان ئۆسۈپ چىقىپتۇ ـ دە، ئوتتۇرىسىدا يول ھاسىل بو-لۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى يالماۋۇز موماي شۇ يول بىلەن مېڭىپ مەخ-تۇمسۇلانىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ؟
ئارغىماق ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟
مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟
ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى ئىشىكتە بارمۇ؟
پۈش ـ پۈش مۈشۈكى تۆشەكتە بارمۇ؟
تاخ ـ تاخ توخۇسى قونداقتا بارمۇ؟

دەپ سوراپتۇ.

ھېچنېمىدىن خەۋىرى بولمىغان مەختۇمسۇلا ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپ:

چىن تۆمۈر باتۇر شىكارغا كەتتى،
مىسران قىلىچى قىنىدا كەتتى.
ئالغۇر قۇشىمۇ قولىدا كەتتى،
كاپ ـ كاپ كۈچۈكى يېنىدا كەتتى.
پۈش ـ پۈش مۈشۈكى ئۈيقۇغا كەتتى،
تاخ ـ تاخ توخۇسى دان ئىزدەپ كەتتى.

دەپتۇ. موماي سۆرىتىگە كىرىۋالغان يەتتە باشلىق يالماۋۇز شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ، مەختۇمسۇلانىڭ ئۆزۈن چې-چىدىن لىمغا ئېسىپ قويۇپ، تاپىنىنى تېشىپ قېنىنى

شوراپتۇ. يالماۋۇز شۇ تەرىقىدە ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىپ مەختۇمسۇلانىڭ قېنىنى شورايدىكەن، قايتىشىدا: «بۇ ئىشنى ھېچكىمگە، ھەتتا ئاكاڭغىمۇ ئاڭلاتما، ئەگەر ئېيتىدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن زادى قۇتۇلالمايسەن» دەپ پوپوزا قىلىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن مەڭزى ئاناردەك، ھۆسنى تاۋاردەك مەختۇمسۇلا كۈندىن - كۈنگە ماغدۇرسىزلىنىپ، زەپىراندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ.

ئاكىسى چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ، سىڭلىسىنى كۆرۈش بىلەن ھەيران بوپتۇ، كۆڭلىگە گۇمان تولۇپتۇ - دە، سىڭلىسىدىن: «ئەي سىڭلىم، يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە شۇنچە ئورۇقلاپ سارغىيىپ ھالىڭدىن كېتىپسەن، نېمە بولدۇڭ؟ كىم ساڭا ئازار بەردى؟» دەپ سوراپتۇ. مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ نەسىھەتىنى ئېسىدە تۇتماي بالاغا گىرىپتار بولغانلىقىنى ئويلاپ، خىجالەتچىلىكتىن ئۆز ھالىنى ئېيتىشتىن قورقۇپتۇ. ئاكىسى يەنە: «سېنىڭدە بىر ئېغىر دەرد بار، سىڭلىم، مەندىن يوشۇرما، ئېيتساڭمۇ ئېيتىسەن، ئېيتمىساڭمۇ ئېيتىسەن» دەپ قاتتىق قىستىغاندىن كېيىن، مەختۇمسۇلا بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ، ھەسرەتتىن قار - يامغۇر يىغلاپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەگەر مەن شۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرمىسەم، چىن تۆمۈر باتۇر بولماي كېتەي، — دەپ قەسەم ئىچىپتۇ - دە، ئاندىن مەختۇمسۇلاغا: «ئەي سىڭلىم، مەن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئورا كولاپ مۆكۈنۈپ ياتىمەن، ئەگەر يالماۋۇز كېلىپ مېنى سورىسا ئوۋدىن كەلمىدى دېگىن، ئادەم پۇرىقى بار دەپ ئۆيگە كىرگىلى ئۇنىمىسا، ئاكامنىڭ كۆڭلەك، تامبىلىنى يۇيۇشقا ئېلىپ قېلىۋىدىم، شۇ كىيىم - كېچەك-

ىنىڭ پۇرىقى دەپ جاۋاب بەرگىن» دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر مەيدىسىگە يەتتە قات ساۋۇتنى تېڭىپ، بېشىغا دۇبۇلغا كىيىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ ئورىغا مۆكۈنۈپ تەييار تۇرۇپتۇ.

يالماۋۇز كېلىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختاپتۇ. ئۇنىڭ يۇ-رىكى دۇپۇلدەپ، بەدىنى شۈركۈنۈپ كېتىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداپ بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە سوراپتۇ، مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ يوقلۇقىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن، يالماۋۇز تاشقىرىقى ئۆيگە كىرىپ توختاپ:

تۇرار تېنىم ئەيمىنىپ،
بۇگۈن ئۆيۈڭگە كىرىشكە.
بىراق نەپسىم تاقىلداپ،
يول قويمىدى كېتىشكە.

چىقىپ تۇرار ئۆيۈڭدىن،
ئادەمزات پۇرىقى.
يالغان ئېيتىپ ئالدىساڭ،
باردۇر ساڭا سورىقى.

دەپ پوپوزا قىپتۇ. مەختۇمسۇلا تەمكىنلىك بىلەن:

ئاكام كەتكەن شىكارغا،
قالغان كۆڭلەك ـ تامبىلى،
يۇغانىدىم باياتىن
شۇدۇر ئادەم پۇرىقى.
ئىشەنمىسەڭ مارىغىن،

ئۆيگە كىرىپ قارىغىن.
بولماسمىدى قوزۇقتا،
مىسران قىلىچ ئېسىقلىق.
تۇرماسمىدى ئېغىلدا،
بوز ئېتىمۇ باغلاقلىق.
كاپ ـ كاپ كۈچۈك يوق ئەنە،
ئىشىكمۇ كەڭ ئېچىقلىق.
كىرىۋەرگىن ئۆيۈمگە،
ئىشەنگىن سەن سۆزۈمگە.

يالماۋۇز ئۆيگە كىرىپتۇ. ئادىتى بويىچە مەختۇمسۇلانى ئۇزۇن چېچىدىن لىمغا ئېسىپ ئەمدىلا قېنىنى شوراي دەۋاتقاندا، چىن تۆمۈر باتۇر ئورىدىن چىقىپ، مىسران قىلىچى بىلەن ئۇنى شۇنداق چېپىپتۇكى، يالماۋۇزنىڭ بىر بېشى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. يالماۋۇز چىن تۆمۈر باتۇرغا قاراپ: «بىر بېشىمنىغۇ ئالدىڭ، قالغان ئالتە بېشىمغا قانداق جاۋاب بېرىسەن؟» دەپ قەھر ـ غەزەپ بىلەن ئېلىشىشقا كىرىشىپتۇ ۋە تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، چىن تۆمۈر باتۇرغا مەھكەم يېپىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئېلىشىش بىر كېچە ـ كۈندۈز داۋاملىشىپ، يالماۋۇز ئۈچ بېشىدىن ئايرىلىپتۇ. يالماۋۇز قېچىشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي غالجىرلىشىپ، چىن تۆمۈر باتۇرغا يەنە ئېسىلىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز قاتتىق ئېلىشىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ ئالتىنچى بېشىنىمۇ كېسىپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز ئەمدى ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەمدى «يەل مۆڭگۈز» دەپ ئاتالغان بىرلا بېشى قاپتۇ. ئۇ ئامالسىز قالغىنىدا، قويۇنغا ئايلىنىپ ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن چىقىپتۇ ـ دە:

ھەي مەختۇمسۇلا،
خەپ، توختاپ تۇرغىن.
كۆرگۈلۈكۈڭنى
ئەمدى بىر كۆرگىن.
ئەجدىھا بولۇپ
سېنى يۇتارمەن.
بىر بېشىڭغا مىڭ
كۈلپەت سالارمەن.

دەپ بەدەر قېچىپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ بىر بېشى قالغان يالماۋۇزنى قوغلاپتۇ. مەختۇمسۇلا باغلاقلىق كاپ - كاپ كۈچۈكنى قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇزغا يېتىشىپتۇ، ئۇلار كەچ كىرگۈچە قاتتىق ئېلىشىپتۇ، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كاپ - كاپ كۈچۈكى يېتىپ



كېلىپ يالماۋۇزنىڭ پاچىقىدىن چىشلەپ تارتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن يالماۋۇز ھالسىزلىنىپ يىقىلىپتۇ. كاپ - كاپ كۇ - چۇك يالماۋۇزنى تالاپ ئۆلتۈرۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يالماۋۇزنىڭ يەتتىنچى بېشىنى ئېلىپ خۇشال ئۆيىگە قايتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن مەختۇمسۇلا خۇشال - خۇرام ئۆتۈپتۇ. مەختۇمسۇلانىڭ رەڭگى - رۇخسارى ئاستا - ئاستا ئوڭلىنىپ شۇنداق ئۇز بولۇپ كېتىپتۇكى:

كۆزلىرى چەشمە بۇلاقتەك،
قاشلىرى زىرۇ زىۋەر.
قامىتى شەمشاد دەرەختەك،
سۆزلىرى شېرىن - شېكەر.

چاچلىرى مەجنۇن گويا،
يۈزلىرى شەمسى قەمەر.
لەۋلىرى گوياكى ياقۇت،
قوللىرى ئىشقا چېۋەر.

چىشلىرى دۇررى سەدەپتەك،
پىكرى كەڭ، ئالەم كېزەر.
كىمكى كۆرسە ئاھ ئۇرۇپ،
ئىشق ئوتىدا جان بېرەر.

ئەلقىسسە، كۈنلەردىن بىر كۈنى چىن تۆمۈر باتۇر زېرىكىپ يەنە ئوۋغا چىقىش خۇمارى تۇتۇپتۇ. ئۇ مەختۇمسۇلاغا ئېيتىپتۇ: «ئەي سىڭلىم، مەن يەنە ئوۋغا چىقىمەن. سەن ئۆيدىن تالاغا چىقمىغىن. ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ بېشىڭنى تارىمىغىن» دەپ نەسىھەت قىلىپ ئوۋغا كېتىپتۇ.



مەختۇمسۇلا نەچچە كۈنگىچە تالاغا چىقماپتۇ، بىراق يەنە زېرىكىپ، ئاقمۋەت تالاغا چىقىپتۇ. ئىشىكنىڭ ئالدىدا تازا، سۈزۈك سۇ ئاقىدىكەن. مەختۇمسۇلا سۇنىڭ ئېقىشىغا قىزىقىپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ بېشىنى تاراپتۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىرىدىن بىرنەچچە تېلى سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇ چاچلار ئېقىپ بېرىپ سانجۇ پادىشاھىنىڭ[1] ئوردىسىدىكى كۆلگە چۈشۈپتۇ. بۇ ۋاقىتتا سانجۇ پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئۇزمۇخ نۆكەرلىرى بىلەن كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇرغانىكەن. شاھزادە ئۇزمۇخ كۆل بويىغا كېلىپ باش ـ كۆزىنى يۇيۇۋاتسا، قولىغا سۇمبۇل چاچ ئىلىنىپ چىقىپتۇ. بۇ چاچنىڭ ئۇزۇن ۋە سۇباتلىقى شاھزادىنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. ئۇزمۇخ نۆكەرلىرىدىن:

— بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ چاچ؟ — دەپ سوراپتۇ.

---

① سانجۇ پادىشاھى — موڭغۇل پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ.

نۆكەرلەر:

— ئەي شاھزادە، بۇ ئىلى ئىقلىمىنىڭ گۇزىلى مەختۇمەسۇلانىڭ چىچىغا ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە ئۇزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشق ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا نۆكەرلەر «ئۇنىڭ چىن تۆمۇر باتۇر دېگەن ئاكىسى بار. يەتتە ئىقلىمدا ئۇنىڭدەك كۈچلۈك ئەر يوق» دەپتۇ. ئىشق پىراقىدا بىتاقەت بولغان شاھزادە دەرھال چىن تۆمۇر باتۇرغا كىشى ئەۋەتىپ: «سىڭلىڭنى ماڭا بەر، بەرمىسەڭ لەشكەر تارتىپ سوقۇشۇپ ئالىمەن» دەپ پوپوزا قىپتۇ. چىن تۆمۇر باتۇر شاھزادىنىڭ ئەلچىسىگە: «مېنىڭ ئۇنداق سانجۇ پادىشاھقا بېرىدىغان سىڭلىم يوق. قۇربى بولسا سوقۇشۇپ ئالسۇن» دەپتۇ. جاۋابنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۇزمۇخ دەرغەزەپ بولۇپ، ھەممە لەشكەرلىرىنى يىغىپ چىن تۆمۇر باتۇرنىڭ يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ كەلگەندە چىن تۆمۇر باتۇر ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئالغۇر قۇشنى قالدۇرۇپ، سىڭلىسىغا: «ناۋادا بېشىڭىزغا بىرەركۈن چۈشسە بۇ قۇشنى قويۇۋېتىڭ. قەيەردە بولسام، شۇ يەرگە خەۋەر يەتكۈزۈپ بارىدۇ»دەپ تاپىلىغانىكەن.

مەختۇمسۇلا چۇمۇلىدەك قورشاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرۈپ قۇشنى قويۇۋېتىپتۇ. ئۆزى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھزادە ئۇزمۇخ مەختۇمسۇلانى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ.ئۇ مەختۇمسۇلاغا قاراپ: «ئەي رەنا، ئۆزۈڭگە مېنى ياخشىلىقچە قوبۇل قىلساڭ قىلدىڭ، بولمىسا مەن قان تۆكۈپ ئالىمەن» دەپتۇ. مەختۇمسۇلا: «بۇ قانداق ئۇياتسىزلىق؟ مەندەك يالغۇز زەئىپ بىر قىزغا شۇنچە كۆپ لەشكەر تارتىپ كەلگىنىڭلار نامەردلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ باش ئەگمەپتۇ - دە، لەشكەرلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە بىرقانچىسىنىڭ

كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئاشۇچاغدا چىن تۆمۈر باتۇر خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مىسران قىلىچىنى ئوينىتىپ، بىر ئۆزى نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. تەڭ كېلەلمىگەن لەشكەرلەر ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قېچىشقا باشلاپتۇ.

شاھزادە ئۇزموخ قېچىپ كېتىۋاتقان لەشكەرلىرىگە: «سىلەر ئىككى كىشىدىن شۇنچە قاچامسىلەر؟ ئاخىرغىچە ئېلىشىڭلار ! بولمىسا مەندىن ياخشىلىق كۆرمەيسىلەر ! » دەپ، ئۆزى باشلاپ يەنە ئۇرۇش ئېچىپتۇ. شاھزادە ئۇزموخ چىن تۆمۈر باتۇرغا بىرقانچە ئون پالۋىنى بىلەن بىراقلا ھۇجۇم قىپتۇ. ئەييۇھەنناس، نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چاقماق چاقنىغاندەك ئوتلار چاقناپتۇ. بىراق، ئۇلار بىر ـ بىرىنى يېڭەلمەپتۇ. مەختۇمسۇلا بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ: «ئاكامغا زەخمەت يەتمىگىدى، ئۇنىڭ مېيىپ بولغىنىدىن مېنىڭ يوق بولغىنىم ياخشى» دەپ ئاكىسىغا قاراپ مۇنداق يالۋۇرۇپتۇ:

ياۋ لەشكىرى ساناقسىز،
ئۇلار بەكمۇ رەھىمسىز.
مەيلى ئۆلسەم مەن ئۆلەي،
ئاكا، ئامان قېلىڭ سىز.
شۇڭا جەڭدىن يېنىڭ سىز،
تىلەر شۇنى سىڭلىڭىز.

شۇئاندا چىن تۆمۈر باتۇر سىڭلىسىغا قاراپ:

چىن تۆمۈر دەپ ئېتىم بار،
تەشۋىش قىلما مېنىڭدىن.

ئايرىلىشقا جانجىگەر،
قانداق چىداي سىڭىلدىن.

چىنار ھەرگىز يىقىلماس،
بوران - چاپقۇن، جۇدۇندىن.
ياۋ ئالدىدا باش ئېگىش،
ئارتۇق ماڭا ئۆلۈمدىن.

دەپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۇزمۇخنىڭ لەشكەرلىرى ئۆلۈپ تۈگەشكە ئاز قالغاندا، ئارقىدىن يەنە ياردەمگە ئەۋەتىلگەن سانجۇ لەشكەرلىرى نەرە تارتىپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قىلىچ - نەيزىلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئوقيالىرىنى چەنلەپ چىن تۆمۈر باتۇرغا قارا قاغىدەك يېپىشىپتۇ. شاھزادە ئۇزمۇخ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەختۇمسۇلانى تۇتۇۋېلىپ، قول - پۇتىنى مەھكەم باغلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر قەھر - غەزەپكە تولۇپ يەتتە كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئاخىر ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. جەڭدىن كېيىن قارىغۇدەك بولسا، مەختۇمسۇلا ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر تېخىمۇ غەزەپلىنىپ چالا قۇيرۇق بوز ئارغىماققا مىنىپ، مەختۇمسۇلانى ئىزدەپ دەشت - چۆللەرنى كېزىپتۇ. بىر جايغا كەلگەندە ھاردۇق ئاپتۇ - دە، كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئادەتتە ئۇ بىر ئۇخلىسىمۇ، بولدى، نەق قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. بۇ قىرىق كۈن ئىچىدە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ چالا قۇيرۇق ئېتى ئوتلاپ، نەچچە تاغلاردىن ئاتلاپ باشقا بىر يۇرتنىڭ قۇلان پادىسىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئۇخلاپ ئويغانسا، يېنىدا ئېتى يوق ئىمىش. چۆل - جەزىرىدە پىيادە

قالغان چىن تۆمۆر باتۇر مىسران قىلىچىنى ئېسىپ، ئېتىنى ئىزدەپ تاغ تەرەپكە راۋان بوپتۇ. بىر غولنىڭ يېنىدا چىن تۆمۆر باتۇر بىر توپ قۇلانلارغا يولۇقۇپتۇ. ئۇ قۇلانلارغا قاراپ:

دۇپۇر - دۇپۇر قۇلانلار،
ئۇچقۇر - ئۇچقۇر قۇلانلار،
كېپىش[1] مەيسە كىيگەندەك،
توم تۇياقلىق قۇلانلار،
چالا قۇيرۇق ئېتىمنى
كۆردۈڭلارمۇ، قۇلانلار؟

دەپ سوراپتۇ.

بىراق، قۇلانلار ھېچقانداق جاۋاب بەرمەستىن ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. چىن تۆمۆر باتۇر بۇ ئەھۋالدىن رەنجىپ كېلىۋاتسا، يەنە بىر توپ قۇلانلارغا يولۇقۇپتۇ. ئۇ ئۇلارغا قاراپ:

دۇپۇر - دۇپۇر قۇلانلار،
ئۇچقۇر - ئۇچقۇر قۇلانلار،
مەخمەل، تاۋار كىيگەندەك،
قۇندۇز يەڭلىغ قۇلانلار،
چالا قۇيرۇق ئېتىمنى
كۆردۈڭلارمۇ، قۇلانلار؟

دەپ سوراپتۇ.

---

① كېپىش — كەش (سەندەل كەش).

بۇلارمۇ ھېچقانداق جاۋاب بەرمەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر خاپىچىلىقتىن بېشى گاڭگىراپ ئولتۇرسا، يەنە بىر توپ قۇلانلار سەكرىشىپ كەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر يەنە:

دۈپۈر ـ دۈپۈر قۇلانلار،
ئۈچقۇر ـ ئۈچقۇر قۇلانلار،
ئالتۇن ھالقا ئاسقاندەك،
قۇلىقى ئۇز قۇلانلار،
چالا قۇيرۇق ئىتىمنى
كۆردۈڭلارمۇ، قۇلانلار؟

دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ كەينىدە كېلىۋاتقان بىر بوز قۇلان جاۋاب بېرىپ: «سېنىڭ چالا قۇيرۇق ئىتىڭ ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىدا بىر توپ قۇلانلارغا باش بولۇپ يۈرىدۇ» دەپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن خۇشال بولۇپ دۆڭگە چىقىپ قارىسا، دېگەندەك چالا قۇيرۇق ئىتى بىر توپ قۇلانلار بىلەن يۈرۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر ئاچچىقلىنىپ:

ئىگەڭدىن يۈز ئۆرۈگەن،
بەڭۋاش ئىتىم قايدىسەن؟
كۆزلىرىمنى نەملىگەن،
ھەمدەرد ئىتىم قايدىسەن؟

دەپ ۋارقىراپتۇ.

چالا قۇيرۇق چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كىشنەپ ئالدىغا كېلىپ:

تېخى شورلۇق سۇلار ئىچىپ
تىللىرىممۇ كېسىلدى.
ئاچچىق - ئاچچىق چۆپلەرنى يەپ
تاماقلىرىم تېشىلدى.

دېگەندىن كېيىن، چىن تۆمۈر باتۇر جاۋاب قايتۇرۇپ دەپتۇ:

دۇپۇر - دۇپۇر يوللار مېڭىپ
تۇياقلىرىڭ تېشىلسە،
تۇيىقىڭنى ئەتىۋارلاپ
تۆمۈر تاقا تاقاي مەن.
تېخى شورلۇق سۇلار ئىچىپ
تىللىرىڭمۇ كېسىلسە،
سۇزۇك بۇلاق بولاي مەن.
ئاچچىق - ئاچچىق چۆپلەر يەپ
تاماقلىرىڭ تېشىلسە،
قارا چېچىمنى يۇلايمەن،
قىياق ئوتۇڭ بولاي مەن.

شۇنىڭدىن كېيىن چالا قۇيرۇق چىن تۆمۈر باتۇرنى ئۈستىگە مىندۈرۈپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر خۇشال بولۇپ، سىڭلىسىنى ئىزدەپ ئىلى دەرياسىنى كېچىپ تېكەس تېغىنىڭ «كۆكتۆپە» دېگەن يېرىگە كەپتۇ. كىشىلەر داڭقى داستان بۇ باتۇرنى ناھايىتى خۇشال قارشى ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىن تۆمۈر باتۇر ئۇ يەرگە جايلىشىپ قاپتۇ. چارۋىچىلىق قىلىپ يۈرۈپ، پات ئارىدا سانسىزلىغان چارۋىلارغا ئىگە بوپتۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ مال - دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە زادى كۆرۈنمەپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى سىڭلىسى مەختۇمە-سۇلادا ئىكەن، شۇڭا كىچە - كۈندۈز كۆزى ياشتىن قۇرۇماپ-تۇ. شۇنداق قىلىپ، چىن تۆمۈر باتۇر تولا يىغلاپ يۈرۈپ ئا-خىر ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قاپتۇ.

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى سانجۇ پادىشاھى تەرەپتىن ئاڭلايلى: شاھزادە ئۈزمۈخ ساھىبجامال مەختۇمسۇلانى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاپىرىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ ئۇنى مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئاپتۇ. لېكىن، سانجۇ پادىشاھلىقى مەختۇمسۇلانى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىگە ئەل قىلالماپتۇ. ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۇپ، ئۇ بۇلاڭچىدىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ كېچە - كۈندۈز ئاكىسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇلاڭچىلارنىڭ قارا ئۆۋد-سىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپتۇ.



سانجۇ پادىشاھلىقى-نىڭ ئىككى تۇلپارى بار ئىكەن، بۇ تۇلپارلارغا پا-دىشاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ مىنىشى مەنئى قىلىنغانىكەن.

مەختۇمسۇلا قېچىش-نىڭ كويىغا چۈشۈپ، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دەريا بو-يىغا بېرىپ سەيلە - تا-ماشا قىلىپ كېلىشكە ئىجازەت سوراپتۇ. پادد-شاھ ئۆز كۆڭلىدە: «ھە،

ئەمدى ئىككى بالىلىق بولغاچ بىزگە رام بولدى» دەپ ئويلاپ، رۇخسەت قىپتۇ. مەختۇمسۇلا پادىشاھ مىنىدىغان تۇلپارغا مى-نىپ قىرىق كېنىزەك ھەم قىرىق نۆكەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە دەريا بويىغا قاراپ يول ئاپتۇ. بۇلار ئىلى دەرياسى بويىغا كې-لىپ چۈشۈپتۇ. قاتار - قاتار چېدىر - بارگاھلارنى تىكىپ، ھەر خىل تائاملارنى پىشۇرۇپتۇ. سۈتتىن ياسالغان شارابلارنى تۇلۇم - تۇلۇمى بىلەن تىكلەپ قويۇپتۇ. چوڭ زىياپەت باش-لىنىپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۆز قولى بىلەن ياغاچ ئاياقلارغا سۈت هارىقىنى تولدۇرۇپ، كېنىزەك، نۆكەرلەرگە بىر - بىرلەپ سۇنۇپ، بىردەمدە ھەممىسىنى مەست قىلىۋېتىپتۇ. پۇرسەت-نى پەملەپ يۈرگەن مەختۇمسۇلا پادىشاھ نۆكەرلىرىنىڭ مەست-لىكىدىن پايدىلىنىپ چاققانلىق بىلەن تۇلپارغا ئىرغىپ مى-نىپتۇ - دە، ئىلى دەرياسىنى كېچىپ ئۇ قاتقا ئۆتۈۋاپتۇ. نۆكەرلىرى بۇنى تۇيۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئالدىدا بېشى كېتى-شىدىن قورققان نۆكەرلەر دەرھال ئارقىدىن قوغلاپ دەريا لې-ۋىگە كەپتۇ. بىراق، ھېچقايسىسىنىڭ ئېتى دەريانى كېچىشكە كۆنمەپتۇ. دەرۋەقە پادىشاھنىڭ تۇلپارىدىن باشقا ھەرقانداق جانىۋار بۇ دەريانى كېچىپ ئۆتەلمەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، دەريا بويىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي ۋەھىمىدە قالغان نۆكەرلەر مەختۇمسۇلاغا قاراپ: «بىرى ئۆتۈڭ، خېنىم، بىر سىز ئۈچۈن قىرىقىمىزنىڭ بېشى كەتسە ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟» دەپ تازا يالۋۇرۇپتۇ. مەختۇمسۇلا: «ئىككى ئوغلۇمنى ئەكەلسەڭلار، يې-نىپ ئۆتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. نۆكەرلەر دەرھال پادى-شاھنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئىككى ئوغلىنى ئەكەپتۇ. بۇ ئىك-كى ئوغۇلنىڭ چوڭىنىڭ ئېتى «ئاقار»، كىچىكىنىڭ ئېتى «چۆكەر» ئىكەن. مەختۇمسۇلا نۆكەرلىرىگە قاراپ: «ئاقار بالام-نى دەرياغا ئاققۇزۇڭلار، ئۇنىڭ پىراقىغا چىدىماي ئۆتىمەن»

دەپتۇ. نۆكەرلەر «ئاقار» نى دەرياغا ئاقۇزۇپتۇ. مەختۇمسۇلا «ۋاي بالام، ۋاي بالام» دەپ يىغلىغان بوپتۇيۇ، لېكىن دەريادىن ئۆتمەپتۇ. نۆكەرلەر «ئەمدى بۇ بالىسىنىمۇ سۇغا تاشلىساق، بەلكىم چىدىماي ئۆتۈپ قالار» دېيىشىپ «چۆكەر»نىمۇ دەرياغا تاشلاپتۇ. بالا شۇ زامات غەرق بولۇپ چۆكۈپتۇ. ئەمدى مەختۇمسۇلا نۆكەرلەرگە نېمە دەپتۇ دېسەڭلار:

ئەي ئىنساپسىز بۇلاڭچى،
سەندە پۇتتى ئەۋلادىم.
قالدۇرمىدىم نەسلىمنى،
ھاسىل بولدى مۇرادىم.

ئەۋزەل ماڭا ئۆز يېرىم،
چىلبۆرىنىڭ يۇرتىدىن.
ئارتۇق بىلگەچ ئاكامنى،
كەچتىم ھارام مېھرىدىن.

دەپتۇ ــ دە، بالا دەردى باغرىنى كاۋاپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ قۇل بولۇپ ياشاشقا رازى بولماي، ئاكىسىنى ئىزدەپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي ئات چاپتۇرۇپ ئۇدۇل كېتىپتۇ. بۇلاڭچىلار دەريادىن ئۆتەلمەي نادامەت چېكىپتۇ.

مەختۇمسۇلا شۇ يۇرگىنىچە دەشتلەرنى كېزىپ، تاغلاردىن ئېشىپ، بىر گۈزەل يايلاققا يېتىپ كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، نۇرغۇن تۆگىلەر يايلاپ يۇرگۇدەك. مەختۇمسۇلا تۆگىچىلەردىن: «بۇ كىمنىڭ تۆگىلىرى؟» دەپ سوراپتۇ. تۆگىچى: «چىن تۆمۇر قارىغۇنىڭ تۆگىلىرى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كۈتمىگەن جاۋابنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئەندىشىگە چۈشكەن مەختۇمسۇلا: «ئۇ

نېمە بولۇپ قارىغۇ بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. تۆگىچىلەر: «ئۇنىڭ بىر سىڭلىسىنى سانجۇ پادىشاھلىقى بۇلاپ كەتكەنىكەن، شۇنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ قارىغۇ بولۇپ قالغان» دەپتۇ. ئاندىن مەختۇمسۇلا نېرىراق بارغاندا نۇرغۇن يىلقا، كالا، قوي پادىلىرىنى كۆرۈپتۇ. پادىچىلاردىن سوراپتۇ. ئۇلارمۇ ئوخشاش جاۋاب بېرىپتۇ. ئەڭ چەتتە موزاي بېقىۋاتقان بىر تاز بالىدىن: «جېنىم ئۇكام، چىن تۆمۈر باتۇر ھازىر قەيەردە؟ ئېيىتىپ بەرسەڭ» دەپ يېلىنىپ سوراپتۇ. تاز بالا تەسلىكتە: «چىن تۆمۈر قارىغۇ ھازىر ‹ئالتۇن ئارىشاڭ› دېگەن يەردە» دەپتۇ. مەختۇمسۇلا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ: «مەن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى بولىمەن، مېنى ئاكامنىڭ قېشىغا باشلاپ بارساڭ» دەپتۇ. تاز بالا: «مەن پادىدىن ئايرىلالمايمەن، موزايلار يىتۈپ كەتسە جاۋاب بېرەلمەيمەن» دەپ ئۇنىماپتۇ. مەختۇمسۇلا: «ئۇنداق بولسا پادىلىرىڭغا مەن قاراپ تۇراي، قولۇڭغا مۇشۇ ئالمىنى ئال، ئەگەر چىن تۆمۈر سۆزۈڭگە ئىشەنمىسە، ئالمىنى كۆزىگە سۈرتسەڭ كۆزى ئېچىلىدۇ» دەپ قولىغا بىر خالتىنى بېرىپتۇ - دە:

مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى،
ئالمۇتىيارنىڭ[1] ئالمىسى،
كۆرمەس كۆزگە سۈركىسە،
شۇئان ئېچىلىپ كەتكۈسى.

دەپتۇ.

تاز بالا ئالمىنى ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ. بېرىپ چىن

① ئالمۇتىيار — تېكىستىكى جاي ئىسمى.

تۆمۈر باتۇرغا مەختۇمسۇلانىڭ خەۋىرىنى ئېيتقانىكەن، ھېچ ئىشەنگۇسى كەلمەپتۇ. شۇ ھامان تاز بالا:

مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى،
ئالمۇتىيارنىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلا بولمىسا،
قايدىن كېلۇر خالتىسى؟

دەپ ئالمىنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۈركەپتۇ. شۇ زامات ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ، كۆز گۆھىرىدىن نۇرلار چېچىلىپتۇ.

چىن تۆمۈر باتۇر تاز بالىغا چوڭ ئىنئاملار بېرىپ، تۇگىمەس رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ. ئۇ شۇ زامات مىسران قىلىچىنى يەنە ئېسىپ، چالا قۇيرۇق ئېتىغا مىنىپ، بالا بىلەن بىللە مەختۇمسۇلانىڭ قېشىغا كەپتۇ. قېرىنداشلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپتۇ، يۈرەكلىرى قانغۇچە مۇڭدىشىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن تېكەس تېغىنىڭ ئېتىكىدە ئەل - خەلقى بىلەن بىرلىكتە خۇشال - خۇرام ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.



# شەكەرىستان

I

نېمىتى تولۇق ئالەم،
مېھمىنى ئۇلۇغ ئادەم.
شەكەرىستان قىلغاي بايان،
ئاڭلىغاي جۇملە جاھان.
مېۋىلەرگە زۇۋان پۈتمىش،
بولۇر ئىزھار كەچمىش.
دىل رەنجىگە ئىزدەپ داۋا،
مېۋىلەر ھەققىدە قىلدىم ناۋا.
ئوقۇڭ بۇ شەكەرىستاننى،
قىلىڭ خۇش خەستە جاننى.

## كىرىش سۆز

باغ ئارا، گۈللەر ئارا، گۈلزار ئارا،
مەھلىيا قىلدى مېنى پاكىز ھاۋا.
كەل، باھار، باغىمغا كەل، باغرىمغا كەل،
ئەركىلەپ بۇلبۇل كۈلۈپ قىلسۇن ناۋا.
بارچە قۇشلار سايرىسۇن بەزمە قىلىپ،
گۈل سۆيۈپ، ناز ئۇيقۇدىن تۇرسۇن سابا.

يەرۇ ئاسمان گۈل - چېچەكتىن تاج تاقاپ،
دەل - دەرەخلەر شادلىنىپ سالسۇن ساما.
مېۋىلەرنىڭ ئەۋۋىلى دەر ئۈجمىنى،
خىسلىتى لەززەت تولا بەردى ماڭا.
باشلىدىم قىسسەمنى ئاشۇ ئۈجمىدىن،
بەر مەدەت، قىلغىن ئىجازەت، رەببەنا.

1

دېدى ئۈجمە: ئەۋزىلىدۇرمەن،
مېۋىلەرنىڭ ئەۋۋىلىدۇرمەن.
كۆرسەڭ قەددۇ قامىتىم ئېسىل،
ياپراقلىرىم يوغان، ياپيېشىل.
باھاردىن سۈڭ يۇرت سېرىقتالدۇر،
مەن ئۈلگۈرۈپ پىشىمەن بالدۇر.
كېلىپ يەيدۇ مۇساپىر - غېرىب،



بىردىن ـ بىردىن ئاغزىغا سېلىپ.
مېنى يېسە سەھەر يېسۇنلەر،
گەر بولمىسا زەھەر يېسۇنلەر.
يۇرت ئىچىنىڭ دۆلىتى ئۆزۈم،
يول بويىنىڭ سۆلىتى ئۆزۈم.
شاھىدۇرمەن بارچە مېۋىنىڭ،
ھېچ كىشىگە يوقتۇر سېلىقىم.
ماڭا ئامراق تامامىي ئىنسان،
تولا رەھمەت قىلىشار ئىنئام.

ئۇچمە ھېچبىر مېۋىنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمەي، «جاھان مېۋىنىڭ» دەپ كېرىلىپ سۆزلەۋاتقاندا، باغدىن بىر قىزىرىپ، بىر سارغىيىپ گىلاس چىقىپ كەلدى.

## 2

ئۇچمە دېگەن بىنومۇس ئەخمەق،
يانجىلىپسەن كۆپ چېكىپ زەخمەت.
سېنى ئادەم يېگۈسى كەلسە،
نە ھالىڭ، دەپ كۆرگۈسى كەلسە.
ئۇرۇپ چۈشۈرەر تايىقى بىلەن،
چۈشمىسەڭ تېپەر ئايىغى بىلەن.
يېمىسە ئۆزۈڭ كۆپ ئىزا بولۇپ،
بولىسەن ئاخىر ھايۋانغا ئوزۇق.
سېنى ئارتۇقراق يېسە مۇبادا،
سوغۇقى ئېشىپ ئۇچرار قازاغا.

دەپ، گىلاس ئىككى تەرەپكە يالت ـ يۇلت قاراپ خۇش تە- بەسسۇم بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

مېنىڭ تاتلىق شەربەتلىرىم بار،
ئەجەب تولا ئۇلپەتلىرىم بار.
مېنىڭ مەڭزىم ياقۇتقا ئوخشاش،
ھەسەت قىلىپ تۆكمە ئۇجمە ياش.
مەندىن ئۇستۈن تۇرىسەن قانداق؟
چوڭ گەپنى قوي، سەل ئۆزۈڭگە باق.
مېنى يېگەن كىشى بولار ساق،
بىر يولىلا تېنى بولار پاك.
ماڭا ئىنسان قىلىشىپ ئىخلاس،
ئەتىۋارلاپ دېيىشكەن گىلاس.
كۆرسە ھەممە ماڭا يېپىشار،
ھۆرمەت بىلەن قولغا ئېلىشار.

گىلاس ئۆزىنىڭ بويۇنلىرىنى سوزۇپ، ھېلىلا ئۇزۇلۇپ چۈشىدىغاندەك پىلدىرلاپ تۇرغاندا:
— ھاي ! كىم ئۇ ئۆزىنى ماختىغان؟ — دەپ ۋارقىراپ ئۆرۈك يېتىپ كەلدى.

## 3

مونچاق ـ مونچاق ماياقسەن،
ئەجدادى يوق ساياقسەن.
پىشمىغاندا تاش ئۆزۈڭ،
خۇددى ئەخمەق ياش ئۆزۈڭ.

تەمىڭ ئاچچىق بى لەززەت،
بولما ئۆنچە بىئەدەپ.

ئۆرۈك گىلاسنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمىدى. بىناگاھ «ھىل ـ ھىل» مەڭزىنى قۇياش رۇخسارىغا تۇتۇپ، سۇت رەڭ دىماغلىـ ـرىنى ئېگىز قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

باغ ئىچىنىڭ رەناسىدۇرمەن،
مېۋىلەرنىڭ بەرناسىدۇرمەن.
مېنى يېگەن بولۇر قۇۋۋەتلىك،
تولۇپ كۆچكە ھاتەم سۇپەتلىك.
مەن كىرمىگەن باغلار قالمىدى،
ئويناپ ـ كۈلمىگەن تاغلار قالمىدى.
خۇمار كۆزلۈك جانانى قىزلەر،
مېغىزىمنى ئالماقنى كۆزلەر.
تىزىق قىلىپ تىزار مارجاندەك،
ئەۋەتىشەر يارىغا: «ئاھ...» دەپ.
مۇھەببەتنىڭ ئەلچىسى ئۆزۈم،
تەبىئەتنىڭ ئەركىسى ئۆزۈم.
مېۋىلەرنىڭ سەركىسى ئۆزۈم،
جىمى يۇرتنىڭ بەرىكتى ئۆزۈم.

دەپ ئۆرۈك ئۆزىنى ماختاپ تۇرغانلىرىدا، مەغرۇر دەسسەپ، بەـ ھەيۋەت ئالگىرات يېتىپ كەلدى. ئۆرۈك ئالدىراپ ـ تېنەپ ھۆرـ مەت سالىمىنى بەجا كەلتۇرگەندىن كېيىن، ئەدەپ بىلەن يەرگە قاراپ تۇردى.

## 4

ئۆرۈك ـ ئۆرۈك، ئەخمەق ئۆرۈك،
زەردەم تۇتتى سېنى كۆرۈپ.
ئۆگىنىپسەن لاپ ئۇرۇشنى،
يۈزى قېلىن داپ بولۇشنى.
بىلسەڭ مېنى، ئالگىراتمەن،
غەم ـ ئەندىشە، ئەلەمدىن ياتمەن.
باتۇرلۇقتا يەككە، تەنھامەن،
تولا خىرىس قىلما ماڭا سەن.
تۇتۇپ ئاتسام سېنى مۇبادا،
قاڭقىپ ئۇچۇپ چىقساڭ ساماغا.
ئۆز ھالىڭنى بىلەتتىڭ ئۆرۈك،
سۆز قىلىشنى ئۆگەنگىن تۈزۈك.

دەپ، ئالگىرات ئۆرۈككە مۇنداق دېدى:

ئۆرۈك، ھالىڭنى ئويلاپ ئاستا كېتىپ قال،
ئېچىپ كۆزۈڭنى قارىغىن ـ دە، بولما تال ـ تال.
ئەگەر سەندە بولسا ئەقىل ـ ھوش،
ماڭا تەڭ كېلەلەمسەن قىلساڭ ئۇرۇش.
دانالىقتا ئالەمدە بىرمەن،
بىلمەس ئادەم، تېخىچە سىرمەن.

ئالگىرات ئۆزىنىڭ ھەممە كېسەللەرگە داۋا بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ مۇھەببەتنىڭ ئوقى تېگىپ، بىمار بولغان يۈرەكنىڭ ئەڭ ئېسىل شىپاسى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلماقچى

بولۇپ تۇرغىنىدا، باغنىڭ بىر تەرىپىدىن تەرلەپ - تەپچىپ شاپتۇل يېتىپ كەلدى.

## 5

كى... مەن شاپتۇل نامىم ئۇلۇغدۇر،
مېنى يېگەن كىشىنىڭ قارنى توقتۇر.
جىمى خەستە كېسەللەرگە داۋامەن،
قەدىرلىكتىن قەدىرلىك بىباھامەن.
كى ئاچچىق مېغىزىمدا خاسىيەت بار،
شىپالىق ئىزدىسەڭ مەندە كۆپ بار.
تومۇزدا قاقلىسا بولۇرمەن قاق،
قاينىتىپ ئىچكەن كىشى بولۇر ساق.
قۇرۇق ئىسسىق كېسەللەرگە دارىدۇرمەن،
مۇھەببەتلىك كىشىگە يارىدۇرمەن.
مېنىڭ شەربەتلىرىم ھەزىم تائامدۇر،
قىلىڭ تەرىپىم شېرىن كالامدۇر.

دەپ، شاپتۇل مانتىدەك ئېسىلىپ تۇرغاندا، ھازىر سالام ئۈ-زۈم يېتىپ كەلدى.

## 6

شاپتۇل ئەجەب ھەييارسەن،
ماختىنىشقا تەييارسەن.
ساڭا نېمە ھەي ! باغدا مەن تۇرۇپ،
نېمە جاپا بۇ، ساڭا لەت بولۇپ.

مادار ـ قۇۋۋەت مەندە مۇجەسسەم،
جىمىكى دەردنىڭ شىپاسىمۇ ھەم.
يېنىم يەرگە تەگسە كۆكلەيمەن،
قانچە ئەجرىڭ بولسا تۆك دەيمەن.
مېنىڭ ھەققىمدە باردۇر رىۋايەت،
قۇلاق سالغىن بۇ بىر ھېكايەت:

## ھېكايەت

كى قادىر ئۆز قۇدرىتى بىلەن،
ئاجايىپ تېز سۈرئىتى بىلەن.
كى ئادەمنى بولدى ياراتماق،
ئۇنىڭ داڭقىنى ئەلگە تاراتماق.
دېدى پەرىشتىلەر: «ئادەم ياراتما،
قىلىپ خار بىزنى يەرگە قاراتما ! »
دېدى قادىر: قۇدرىتىم بار،
تېخى بۇ ئادەمگە رەھمىتىم بار.
كى ئادەمنىڭ ياساپ سۈرىتىنى،
بېرىپ جان كۆرسىتىپتۇ قۇدرىتىنى.
تەسەننا ! ــ ھەي تەنگە كىرىپ جان،
يۈرەكنىڭ بېغىشىنى قىلىپتۇ پىنھان.
كى ئادەم بىر كۇلۇپتۇ تالڭ ئېتىپتۇ،
تامامىي مەخلۇقات داڭقېتىپتۇ.
كۆرۈپ پەرىشتىلەر ھەيران بولۇپتۇ،
قىلىپ سەجدە بېشىنى يەرگە ئۇرۇپتۇ.
كى شەيتانمۇ كېلىپ باش ئۇرۇپتۇ،
ئەلەمدىن ئۇ يىلاندەك تولغىنىپتۇ.
ئايا جەننەتتىن چىقتى ئادەم،

نۇرى خىسلەتكە تولدى ئالەم.
بولاي ئادەمگە مەن نېسىۋە،
دېدىم، ئاللا دېدى: كېتىۋە.
كى ئادەم بىلەن بىللە يارالدىم،
چىقىپ كەڭ ئالەمگە تارالدىم.
شۇڭا مېۋىلەرنىڭ ئەلاسىمەن،
ئېسىللەرنىڭ ئېسىلى، بەرناسىمەن.

دەپ ئۈزۈم ھېرىپ - ئېچىپ ئۆزىنى ئۆزۈن تاشلاپ ياتاي دەپ تۇرغاندا:

— ھەي ! ئۈزۈم دېگەن چۈۋۈق چويلا ! ھالىڭغا بېقىپ سۆز - لە ! مەن تۇرغان يەردە ساڭا نېمە گەپ؟ خالىسام، يىگىتلەرنىڭ قولىدا، خالىسام، قىز - جۇۋانلارنىڭ قوينىدا بولىمەن، — دەپ ئالما يېتىپ كەلدى:



### 7

مېنىڭ ئېتىمنى دەيدۇلەر ئالما،
ئەي، ئۆزۈم بىلكى سەن ئارماندا قالما !
بۇ يەردە ئۆزۈڭنى ئەيلە ئاگاھ...
بىكاردىن دەرد بىلەن چەكمە ئاھ ـ ۋاھ.
بېھىشتە بولمىغاي مەندەك ئېسىلزات،
كىمكى يېسە مېنى، بولۇر كۆڭلى شات.

دەپ، ئالما گۇل رۇخسارىدىن مىڭ بىر ياڭزا ناز ـ كەرەشمە تارقىتىپ، كۆز يېتىمى يەرگىچە مەززىلىك پۇراقلىرىنى تارقىتىپ تۇرغاندا، ناك يېتىپ كەلدى.

### 8

ئايا، ناكمەن يوقتۇر ئامالىم،
مېنى پالۋان قىلغان خۇدايىم.
شۇڭا دەيمەن پۇشتىپاناھىم،
گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن ئىلاھىم.
مېنى ئىككى دۇنيا قىلمىغىن خار،
رەقىبىم ئالدىمدا يىغلىسۇن زار...

دەپ ناك ئالمىغا دېۋەيلەپ تۇرغاندا، باغنىڭ بىر تەرىپىدىن:
— ھەي ـ ھەي ! ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلار ! — دەپ ۋارقىراپ ئانار يېتىپ كەلدى. ناك قارا تەرگە چۆمۈپ ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇپ قالدى.

### 9

ئانارمەنكى، چىقتىم بېھىشتىن،

ھەزەر قىلما مېنى يېيىشتىن.
ئىككى مەغزىم ئوتتەك يانار،
كۆرگەن كىشى ھەيران قالار.
نىمجان يۈرەك داۋاسىمەن،
ئىشچانلارنىڭ ئاداشىمەن.
قۇۋۋەت بېرىپ بىلىكىگە،
يەتكۈزىمەن تىلىكىگە.
ياقۇت گويا دانىم مېنىڭ،
ھېسابسىزدۇر سانىم مېنىڭ.
مېۋىلەرنىڭ سۇلتانىمەن،
بىلسە كىشى سىر كانىمەن.

دەپ ئانار ئۆزىگە تەمەننا ئەيلەپ تولغاندى:

— ئەي ئانار، نېمىدەپ ئەپسانە سۆزلەيسەن؟ مەن ھەزرىتى ئادەم ئاتامغا كۆپ خىزمەتتە بولغانمەن، مېنىڭ ئالدىمدا كۆپ سۆزلىمە! — دەپ ئەنجۈر يىتىپ كەلدى.



## 10

مەنكى ئەنجۈر، ئەتىۋارمەن،
سۈزۈكلۈكتە كەھرىۋامەن.
مېنى قويسا باغ ئىچىگە،
بەھرىم تولا شۇ كىشىگە.
كىمكى مېنى يېسە ـ يېسە،
كۆتۈرۈلگەي غەم ۋە غۇسسە.
راست گەپ قىلسام، ئىشچانلارنىڭ،
ئىش قويىندا پىشقانلارنىڭ.
باب كېلىمەن غىزايىغا،
زىننەت بولۇپ چىرايىغا.
كېسەللەرگە داۋادۇرمەن،
بىمار تەنگە راۋادۇرمەن.

دەپ، ئەنجۈر يىغلىغۇدەك بولۇپ ئېسىلىپ تۇرغاندا، بېھى سارغىيىپ ـ تاتىرىپ يېتىپ كەلدى.



## 11

باغ ئارا سارغىيىپ پىشسام مۇبادا،
تارىغاي خۇش ھىدىم پۇتكۇل ساماغا.
بېھىشتە بولمىغاي مەندەك ئېسىلزاد،
مېنى يېگەن كىشىنىڭ بولۇر كۆڭلى شاد.
ئەجەب ئۆچمەن مۇھەببەتتە بىۋاپاغا،
ئۆمۈرلۈك گىرىپتار جەبىر ـ جاپاغا.
كېزىپ كەلدىم تولا ئەللەرنى، بىلەرمەن،
سېخىيلىقتىن ساۋاق بېرىپ كېلەرمەن.
پولۇنىڭ ئۈستىدە بەگدەك ئولتۇرۇپ،
ساھىبخانا، مېھماننى ھۇزۇرلاندۇرۇپ.
ئۆي ئىچىگە پۇرىقىمنى چاچارمەن،
ئىشتىھانى ئەجەب ئوبدان ئاچارمەن.

دەپ، بېھى مۇڭلۇق تەلقىن قىلىپ تۇرغاندا، قاقاقلاپ كۈلۈپ ياڭاق يېتىپ كەلدى.

## 12

بېھى سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاپ،
چىداپ تۇردۇم باغرىمنى داغلاپ.
سەن تولا ماختىنىشنى يار كۆرمە،
باشقىلارنى ئۇنچە خار كۆرمە.
بولۇپ ئاسىي، يولدىن ئازارسەن،
ئۆز تارىخىڭنى ئۆزۈڭ يازارسەن.
كىمكى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپتۇ،



ئاشۇ ھەقتائالانى ئۇنتۇپتۇ.
پۇشايمان غارىغا باشلايدۇ شەيتان،
ئۆزۈڭنى ـ ئۆزگىنى بىلگىن ھەرقاچان.
كى ئاجراتساڭ ئىككى ئېغىزىم بار،
ئىچىمدە لىقمۇلىق مېغىزىم بار.
ماڭا ئامراق كىچىك ھەم چوڭ،
ئاۋايلاپ ھېچ كىشى يېمەيدۇ توڭ.

دەپ، ياڭاق ئۆزىنىڭ سىر ـ ئەسرارىنى بايان قىلىۋاتقاندا، چىلان بىلەن جىگدە قول تۇتۇشۇپ يېتىپ كەلدى:

**13**

دېدى چىلان: رەڭگىم قىزىلدۇر،

دېدى جىگدە: ئەسلىم ئېسىلدۇر.
دېدى چىلان: قۇۋۋەتمەن تەنگە،
دېدى جىگدە: كۈچمەن بەدەنگە.
دېدى چىلان: مەندىكى خىسلەت،
يېگەنلەرنىڭ ھۆسنىگە زىننەت.
دېدى جىگدە: مەندىكى ئەسرار،
يېگەن كىشىنىڭ دىلى بىغۇبار.
دېدى چىلان: كىمدە بەك كەم قان،
مېنى كۈندە قىلىشسۇن تائام.
دېدى جىگدە: كىمدە قۇۋۋەت كەم،
ئوزۇقلانسۇن دائىم مەن بىلەن.

دەپ، چىلان بىلەن جىگدە قىزىق سۆزلىشىۋاتقاندا، گەپنىڭ بېـ-لىگە تېپىپ پىستە يېتىپ كەلدى.

مېنىڭ ئەسلىي زاتىم ئۇلۇغ،
يەيدۇ ھەممە خۇشتار بولۇپ.
مېغىزىمدا لەززىتىم بار،
مېنىڭ شۇنداق ئىززىتىم بار.
ئىشق ئەھلىگە راۋادۇرمەن،
كېسەللەرگە داۋادۇرمەن.
مېنى يېسە خەستە بولماس،
دىلى يورۇپ، غەشتە بولماس.

دەپ، پىستە كالپۇكلىرىنى يالاپ تۇرغاندا، قاش ـ قاپاقلىرىنى سوزۇپ بادام كەلدى.

## 15

مېنى تىكسە باغقا ئادەم،
ساۋاب بولغاي ئىككى ئالەم.
چېقىپ يېسەڭ مېغىزىمنى،
تاتلىق قىلىپ ئېغىزىڭنى.
مادار بولۇپ بىلىكىڭگە،
كۆچ بولىمەن يۈرىكىڭدە.

دەپ، بادام گېپىنى قىلغۇچە:
— ھەي بادام، نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپ چىرىلداپ ئالۇچا يېتىپ كەلدى.

## 16

ئەگەركىم كىشىدە بولسا خىسلەت،
نېمە پايدا باشقىلارغا قىلسا مىننەت.
مېۋىلەر ئارىسىدا ناتىۋانمەن،
كېسەللەرگە مېھرىبانمەن.

دىدارىمدىن خىجىل ئاپتاپ،
يېسۇن كىمكى بولسا بىتاب.
غەش كۆڭۈلنى ئاچالايمەن،
ئەجەب خۇشلۇق قاتالايمەن.

دەپ، ئالۇچا گۈزەل رۇخسارىنى ئېچىۋىدى، قورساقلىرىنى سۆرەپ قوغۇن يېتىپ كەلدى.



17

ئېتىم قوغۇن، نامىم ئۇلۇغ،
ئىچىمدە لىق شەربەت تولۇق.
مەندە تولا لەززەت ـ ھوزۇر،
جامالىم بار ئەجەب پۇزۇر.
مەن ئۆسمەن تاشلاپ پىلەك،
پەرۋىشلىسۇن باتۇر بىلەك.
پىشار ۋاقتىم يەتتىنچى ئاي،
يېسەڭ تاتلىق ئەجەب ئاي ـ ھاي.
كىمكى يېسە قورسىقى توق،
پاكىزلىكتە قۇسۇرۇم يوق.

دەپ، قوغۇن ئۆزىنى ماختاۋاتقان ئەسنادا، يان تەرەپتىن تاۋۇز يېتىپ كەلدى.

18

مېنى تاۋۇز دەيدۇ ئەسلىي «تار بۇز»

ئەجەب مەنگە بايدۇر بىلسە بۇ سۆز.
مېنى يېسە كىشىنىڭ كۆڭلى بولۇر خۇش،
زىيادە بولغۇسىدۇر ئىدراك بىلەن ھوش.
كىشكىم بولسا كېسەلنىڭ مۇپتىلاسى،
مانا مەندۇرمەن ئۇنىڭ داۋاسى.
ئەگەرچەندە ئەتىگەن قوپساڭ خارامۇش،
قىرىپ سۈيۈمنى ئىچسەڭ كۆڭلۈڭ بولار خۇش.

تېخى تاۋۇزنىڭ گېپى ئاياغلاشماي تۇرۇپ، قاپاقنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن «غوڭ – غوڭ» ئاۋازى يېتىپ كەلدى. ئۇ بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ:

— ھەي ! تاۋۇز، سۆزلىمە ! — دەپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى.

## 19

قاپاقمەن تەييار ئاش، بىلمەس كىشى،



تائامەن بىلمەس بۇ يۇرتنىڭ قىرى ـ يېشى.
مېنى يېمەكچى بولساڭ پوستۇمنى ئال،
يېڭىدىن سېغىلغان ئاق سۈتكە سال.
يەنە ئوتنى تال ـ تال قالاپ ئاستا پىشۇرساڭ،
يېيىشتىن ئاۋۋال سەن ئوبدان سوۋۇتساڭ.
ئۆپكەڭنىڭ دەردىگە داۋا تائامەن،
تەرىپى تۈگىمەس شېرىن كالامەن.

دەپ تۇرۇشىغا، قاپاقنىڭ زەردىسىنى قاينىتىپ سەۋزە باتۇر يېتىپ كەلدى.

## 20

مېنىڭ نامىم سەۋزىدۇر، بىل،
تەرىپىمگە يەتمەيدۇ تىل.
گۆش بىلەن ياغ ماڭا ھەمدەم،
ئوخشىتىمەن پولۇنى مەن.
بىلىڭ سەۋزە بىناۋامەن،
تولا دەردلەرگە داۋامەن.
تېرىيسەن سەۋزىنى دېھقانسەن،
بىلىپ قوي، مەن بىلەن بېيىغانسەن.
قىزىپ تۇرغان ياغقا ئۆزۈمنى ئاتسام،
پۇراپ شېرىن ئىشتىھانى ئاچسام...

سەۋزىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، چامغۇر سېـ.ـكىلەكلىرىنى سەكرىتىپ يېتىپ كەلدى.

## 21

مېنى تېرىغان دېھقانغا رەھمەت،
ئۆمۈر بويى چەكمىسۇن زەخمەت.
بىلىڭ ئادەم تىلىدىن تۇتۇلغاي،
تىلىدىن تۇتۇلسا قانداق قۇتۇلغاي.
شاھۇ گاداي ماڭا ئامراق،
خىسلەتلىرىم تولا ـ ئانداق...
ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭ مېۋە زات،
تىرىكلىككە كېرەكلىك مەۋجۇدات.
مېنىڭسىز ھېچ تائامنىڭ تەمى بولماس،
بىلمىگەن كىشىنىڭ پەمى بولماس.
مېنى يېگەن كىشىنىڭ ھۆسنى تولۇق،
چىقمەن چىرايىغا زىننەت بولۇپ.
دېسەڭ كۆزۈڭنى روشەن قىلاي،



يۆتەلسەڭ چىڭقىلىپ چىكىپ ئاھ ـ ۋاي !
مېنى شەبنەم پەسلىدە يە،
ۋاپا قىلمىسام، بىرنېمە دە...

چامغۇر: «مەن ھەممىنى قايىل قىلدىمغۇ !...» دەپ ئالدىغا چۇشكەن سېكىلەكلىرىنى تۇزەپ تۇرۇشىغا، سەپ ـ سەپ بولۇپ دانلىقلار گۇرۇھى يېتىپ كەلدى.

## دانلىقلارنىڭ سۆھبىتى

ھېكايىدىن ھېكايە چىقتى،
ئارقىسىدىن كىنايە چىقتى.
بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق،
زىغىر، گۇرۇچ... سۆھبەت قىلىپ.
گۇرۇچ دېدى: «ئەتىۋارمەن،
تەڭدىشى يوق بىباھامەن.
يېگەنمىدىڭ پولۇنى سەن،
سورگەنمىدىڭ ھۇزۇرنى سەن.
خاسىيىتىم كۆپ، مېنىڭ بەس...
قارنى يېرىق بۇغداي ئەمەس.»

بۇغداي تۇرۇپ غەزەپ بىلەن،
سۆز باشلىدى ئەدەپ بىلەن:
«گۇرۇچ، بىلگىن ھالىڭنى سەن،
چاچما تولا شالىڭنى سەن.
ئۇنتۇپ قالما سوقاڭنى سەن،
بېشىڭدىكى دوقاڭنى سەن.

بىرى چىقسا بىرى چۈشۈپ،
بەك قىينايدۇ سىنى ئېزىپ.
مەن ئېتىزنىڭ پادىشاھى،
دانلىقلارنىڭ پېشۋاسى.
تۈگمەندە ئۈن بولىمەن،
كۆرۈپ تولا خۇن بولىسەن.
تەمىم مېنىڭ شۇنچە تاتلىق،
مەندىن ئارپا قانچە قاتتىق...»

ئاڭلاپ بۇغداي سۆزلىرىنى،
ئارپا ئېچىپ كۆزلىرىنى.
دېدى: «بۇغداي، ماختانمىغىن،
ساڭا ئوخشاش سالتاڭمىدىم.
سەن يوق چاغدا مېنى ئالەم،
ئوزۇق قىلغان، ھەتتا ھاتەم.
يۇرتتا بولسا ئاچارچىلىق،
تۇرمۇش تولا ناچارچىلىق.
سۆيۈنۈشەر مېنى كۆرسە،
تالقان قىلار يولغا يۈرسە.
مەن سېنىڭدەك تادان ئەمەس،
گەپ ـ سۆزلىرىم ئەرزان ئەمەس.»

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېرىق،
تەرگە چۆمۈپ چىلىق ـ چىلىق.
سۆزلەپ كەتتى تېرىككەندەك،
بۇ سۆھبەتتىن زېرىككەندەك:
«ئارپا، سېنىڭ ھالىڭ يامان،

قاراپ باقسام رەڭگىنىڭ سامان.
سېنىڭ سوغۇق يېلىڭ بارغۇ؟
خېلى ئۇزۇن تىلىڭ بارغۇ !
ئۆزۈڭچىلا قەنت بولسەن،
ئات، ئېشەككە يەم بولسەن.
مەندىن ئادەم ياساپ بوزا،
ئېلىپ ماڭار كوزا ـ كوزا.
ئىچسە قېنىپ يىگىتلەر خۇش،
مەستلىكىدىن بولار بىھوش...»

بۇنى ئاڭلاپ ئاق قوناقنىڭ،
بېشى ئاپئاق، يۇمىلاقنىڭ.
تۇتۇپ زەنى تاتاردى بەك،
ئاق قەغەزدەك ئاقاردى بەك.
«تېرىق، تەھقىق تاش ئىكەنسەن،



گويا ئەخمەق ياش ئىكەنسەن.
ماختىنىشنى بىلىۋاپسەن،
بالدۇر تۆرگە كېلىۋاپسەن.
مەن بار يەردە سەن قەيەردە،
ساڭا ئورۇن يوق بۇ يەردە.
ھەممىمىز تەڭ ـ ئۇرۇقداش بىز،
ئادەملەرگە ئوزۇق ـ ئاش بىز.
يەر ـ زېمىندۇر بىزگە ئانا،
يېتىشتۇرگەن پۇشتىپانا.
زېمىن بىزنى ئۆستۇرىدۇ،
ئەركىلىتىپ كۇلدۇرىدۇ.
بەردى بىزگە كىم پەزىلەت،
ئاسراپ ـ بېقىپ ھەم پەپىلەپ.
كىم قويۇپتۇ تالاشماقنى،
ئېگىز ـ پەسنى ساناشماقنى.»

پىياز قوللاپ قوناق سۆزىن،
تونۇتماقچى بولدى ئۆزىن.
يېشىپ تاشلاپ قات ـ قات لىباسنى،
ئايرىپ چىقتى يالغاننى ـ راستنى.
دېدى: «مېنىڭ لەززىتىم بار،
ئالدىڭلاردا ئىززىتىم بار.
تەم كىرگۈزۈپ ئاش ـ نانغا مەن،
جان بېرىمەن ئىمجانغا مەن.
پۇرىقىمدۇر كۆڭۈل شادى،
پۇرىغىنىڭلار نېمە زادى؟...
بىز قوللايلى ئىناقلىقنى،

ئىزدىمەيلى يىراقلىقنى.
بۇ دۇنيادا ئۆتسەك ئىناق،
بىز تاپىمىز ئاندىن روناق.
بۆلۈنمەيلى، بۆلۈنمەيلى !
يات كۆزلەرگە كۆرۈنمەيلى !
ئىنسان بىلەر قەدرىمىزنى،
ياندۇرغۇسى ئەجرىمىزنى.
ئايا دوستلار، سۆھبەت تامام،
كۆرۈشكۈچە بولۇڭ ئامان.»
ئەھلى سۆھبەت كۈلۈپ كەتتى،
ئۆز يولىغا يۈرۈپ كەتتى.
«شەكەرىستان» كىتابىمۇ،
نۇر ئىچىگە چۆمۈپ كەتتى.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk5MDkuemlw",
  "filename_decoded": "40209909.zip",
  "filesize": 34389821,
  "md5": "164e16efeb7fb3ce39c12dcf3a2636d0",
  "header_md5": "b6d43844afbc4bce408c9dd606f30d16",
  "sha1": "abafa762801bf380d2292376f401fa19326b3a95",
  "sha256": "d8c0cd2db138e1f83bb14ae3007d9682807746e4b3cadc700f7fdc4f7316de92",
  "crc32": 853807935,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 36101622,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2569\u2556\u2569\u00bd \u2565\u2557\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209909",
  "pdg_main_pages_found": 361,
  "pdg_main_pages_max": 361,
  "total_pages": 368,
  "total_pixels": 1462001664,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}